# مەن ۋە دۇنيا











«ئۆزىنى بىلگەن رەببىنى بىلىدۇ» دەيدۇ رەسۇلىمىز. بىز ئۆزىمىز، جەمەتىمىز ،مەھەللىمىز، يۇرتىمىز، مۇھىتىمىز، ۋەتىنىمىز ۋە دۇنيا ھەققىدە قانچىلىك بىلىمىز؟ بىز ئوقۇغان دەرسلەر ھاياتتا ئىنسان دائىم ئېھتىياجلىق ساۋاتلارنى يەتكۈزەلىدىمۇ ؟ ۋەتەنسىز، ھوقۇقسىز، بىلىمسىزلىكىمىز بىزنى ئۆزىمىز، مىللىتىمىز ۋە دۇنياغا يوشۇرۇنغان سىرلار ھەققىدە ئويلاشقا دەۋەت قىلالىدىمۇ ؟ مەۋجۇتلۇق ۋەھىمىسىنى قايسى بىلىم بىلەن يېڭىمىز ؟بىز ئۆزىمىز ياشاۋاتقان تەبىئەت، يۇرت، جەمئىيەت ۋە دۇنيادىن ساۋاتلىقمۇ؟ ئۇلارنى ئۆزئارا بىر ـ بىرى بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ ؟ ئەتىراپتا يۈز بېرىۋاتقان ھەرخىل تەبىئي ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى ھاياتىمىز بىلەن باغلاپ باقتۇقمۇ ؟ پەرزەنتلىرىمىزگە ئۆزىنى، جەمەتىنى، ۋەتىنىنى ۋە مىللىتىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانچىلىك چۈشەندۈرەلەيمىز؟

سوئاللار كۆپ، بىز مۇشۇ سوئاللارغا ئاز تولا بولسىمۇ جاۋاپ بېرىش، باللار بىلەن ئۆزى، جەمئىيەت، دۆلەت ۋە دۇنيا ھەققىدە ئۇيغۇر تىلىدا كۆپرەك پىكىر ئالماشتۇرۇشتا قوللىنىش ۋە مىڭىمىزدىكى ئۇيغۇرچە بىلىملەرنى يېڭىلاشتا ئاز ـ تولا ياردەمدە بولارمىكىن دېگەن مەقسەتتە بۇ ئۇنىۋېرسال ساۋات كىتابىنى تۈزدۇق.

www.uyghurkitap.c

# مەن ۋە دۇنيا

www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

«مەن ۋە...» بىلەن باشلانغان بۇ يۈرۈشلۈك كىتاپنى بۇندىن يەتتە يىل بۇرۇن ئەۋلات ئىشقىدا يانغان بىر تۈركۈم پىداكارلار هاۋالە قىلغان ئىدى. شۇ چاغدا تۇمشۇقتىكى بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن دۇنيانى، تەبىئەتنى ۋە ئىنساننى باللارغا ئانا تىلدا قانداق چۈشەندۈرۈش هەققىدە سۆهبەتتە بولغان ئىدۇق. ئۇلار مەكتەپلەرگە ئۆز ئالدىغا دەرسلىك تەسىس قىلىشقا ئىجازەت بېرىلگەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ هەپتىدە ئىككى سائەت ئانا تىلدا ئۆتۈلىدىغان بىر يۈرۈش دەرسلىك تۈزگۈزمەكچى بولۇشتى. مەن ئۇلارغا بۇ دەرسلىكنىڭ خىتاي تەشەببۇس قىلىدىغان ساختا كوللىكتىۋىزىمنىڭ ئەكسىچە ئۆزلۈكنى تەكىتلەيدىغان «مەن» بىلەن باشلاشنى ئېيتتىم. باشلانغۇچقا «مەن ۋە بەدىنىم»، «مەن ۋە ئائىلەم، جەمەتىم» دېگەن ئىككى كىتاپ، تولۇقسىزغا «مەن ۋە تارىخىم»، «مەن ۋە زېمىنىم»، «مەن ۋە ئېلىم-پەن» دېگەن ئۈچ كىتاپ، تولۇق ئوتتۇرىغا «مەن ۋە ئىلاهىي دۇنيا»، «مەن ۋە سىياسىي دۇنيا» دېگەن ئىككى كىتاب تەييارلانماقچى بولدى. بۇ كىتاپلارنى تۈزۈشتىكى مەقسەت پەرزەنتلىرىمىز ئۆگىنىشنى بەدىنىدىن ۋە ئائىلىسىدىن باشلىسۇن، ئاندىن چۈشەنچىسىنى مىللەت، ئىلىم-پەن ۋە تۇپراققا كېڭەيتسۇن، ئاخىرىدا ماددىي ۋە ئىلاهىي دۇنيانى مۇكەممەل ئىگىلەپ هايات يولىدا تىنەپ تەمتىرەپ قالمىسۇن، تۇرمۇشقا چىرماشقان ساختا تېبابەت، ئازغۇن سىياسەت ۋە يالغان ئىلاهىيەتكە ئالدانمىسۇن دېگەندىن ئىبارەت ئىدى. بايقىشىمچە ۋەتىنىمىزدە كىشىلىرىمىز كىچىكىدىن باشلاپ ئۆزىگە بىر ئۆمۈر هەمراھ بولىدىغان بەدىنى هەققىدە ئىلمىي چۈشەنچىگە ئىگە بولمىغاچقا بىزدە داخان، پىرخۇن ۋە رىياكار تېۋىپلار بازار تاپقان ئىدى، كىشىلىرىمىز تەبىئىي ۋە ئىجتىمائىي ئاپەت، كېسەللىك، قىرىلىق ۋە ئۆلۈم هەققىدە پەننىي ساۋاتقا ئىگە بولمىغاچقا هۆرمەت تۆرىدە ئۇلۇغلىناتتى. خەلقىمىز سىياسەت، خەلقارا مۇناسىۋەت ۋە دۇنياۋىي تەرتىپ هەققىدە مەرىپەتلىك بولالمىغىنى ئۈچۈن دائىم

زالملارنىڭ قۇلغا قوللىغۇچىسىغا ياكى قوللىرىدىكى ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالاتتى. خەلقىمىزدىكى ھوقۇقسىزلىق، مائارىپسىزلىق، چۈشكۈنلۈك، پەننىڭ ئومۇملاشماسلىقى، بىقىندىلىقنىڭ ئەنئەنىگە ئايلىنىپ كېتىشى قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان ئاجىز ھالىتىمىزگە ئۆزگەرتىش نادانلىققا، خۇراپاتقا جەڭ ئېچىش بولسا، بۇلارنى كۆرمەسكە سېلىش نادانلىققا يەم بولۇشتىن ئىبارەت ئىدى.

شۇ قېتىملىق يىغىلىشتا غەيرەتكە كەلگەن پىداكار ئۇستازلارنىڭ تەشەببۇسى بىلەن مەن بىر يۈرۈش كىتاپنىڭ لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. كىتاپنى تۈزۈش ئىشىغا ئون يىلدىن ئارتۇق ئوقۇتقۇچىلىق ۋە سىنىپ باشقۇرۇش تەجرىبىسىگە ئىگە دوستۇم ئەخمەت مەسئۇل بولدى. 3102 ـ يىلى ئاۋغۇستتا كىتاپلار پۈتتى. مەن رەسىم كىرگۈزۈش، كۆنۈكمە تەييارلاش، ئوقۇتقۇچىلارغا كۆرسەتمە تۈزۈش قاتارلىق ئىشلارنى قىلدىغان چاغدا قاماققا ئېلىندىم. مەن چىقىپ تۇرۇشۇمغا قەدىناس دوستۇم تۇتۇلۇپ كەتتى. كىتاپ مەندە قالدى.

«مەن...» دېگەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپنى تۈزگەن دوستۇم ھەققەتەن ئەھمىيەتلىك بىر ئەمگەك قىلغان ئىكەن. ئەينى چاغدا قىلغان پىلانلىرىمىز شۇ چاغدا ۋەتەندىكى خەلقىمىز ئۈچۈن ئەمەس ھېلىمۇ زۆرۈر بىر ئېھتىياج ئىكەندۇق. مۇشۇنداق بىر يۈرۈشلۈك كىتاپلارنى چىقىرىشنىڭ ئەھمىيىتىنى مۇساپىرەتتە تېخىمۇ چوڭقۇر ھىس قىلدىم، ھەمدە قاماقتا قالغان دوستۇمنىڭ ئۈمىدىنى مۇھاجىرەتتە ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى نىيەت قىلدىم. ئۇيغۇرىياردىكى دوستلارنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن بۇ بىر يۈرۈش كىتاپ رويابقا چىقتى. دېگىنىمدەك مەن بۇ كىتاپلار ئۈچۈن كۆنۈكمە ھازىرلىيالمىدىم، رەسىم كىرىشتۈرەلمىدىم، دوستۇم قاماقتا بولغاچقا كىتاپنى تۈزۈشتە قوللانغان مەنبەلەرنى سۈرۈشتە قىلالمىدىم. پەقەت تەھرىرلەش جەريانىدا بەزى تولۇقلاشلارنى قىلدىم. ۋەتەندە شارائىت چەكلىمىسى سەۋەبلىك دېيەلمىگەن قالغان سۆز، جۈملە ۋە ئاتالغۇلارنى يېڭىلاپ چىقتىم.

www.uyghurkitap.c

# مۇندەرىجە


سالامەتلىك ۋە كېسەللىك ..... 9

جان ساقلاشمۇ ياكى ھاياتلىقمۇ ؟ ..... 9

پىسخىك ساغلاملىق ..... 10

باكتېرىيە بىلەن يېقىن ئۇچرىشىش ..... 11

نامراتلىقتا سەكراتقا چۈشۈش ..... 11

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى نامراتلىق مەسىلىسى ..... 12

يېمەكلىك كەمچىللىك ۋە بۇلغانغان سۇ مەنبەسى ..... 14

بۇلغانغان سۇ ..... 14

خولېرا ..... 15

بۇلغانغان يېمەكلىك ..... 15

كېسەلنىڭ تارقىلىشى ..... 16

ئېلىپ كەلگەن كېسەللىك ساياھەت ..... 17

قاتىل ھاشارەت ..... 17

بىر قەدىمكى قاتىلنىڭ قايتىشى ..... 20

بەدەن كۆرەش قىلماقتا ..... 21

قاتىل ھايۋان ..... 21

غالجىر كالا ..... 22

غالجىر ئىت ..... 22

شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى كېسەللىك تارقاتتى ..... 24

غەلىتە پاشا ..... 24

قاتىل شەھەر ..... 24

بايلىق كېسىلى ..... 26

مۇۋاپىق ئوزۇقلانماسلىق ..... 26

بېيىپ سالامەتلىكتىن مەھرۇم قىلىش ..... 27

سېمىزلەر دۆلىتى ..... 27

جىددىي ياردەم، ھاياتنى قۇتۇلدۇرۇش ..... 28

كلىمات ئۆزگىرىشى ..... 29

ئاممىۋى داۋالاش ..... 30

ۋاكسىنا ..... 31

پۇل مۇھىم ..... 31

بۈگۈنكى دۇنيادىكى خەتەر ..... 33

VIH ۋىرۇسى ۋە ئەيدىز كېسىلى ..... 33

يەرشارىنى قاپلىغان بىر خىل يېڭى كېسەل ..... 34

جەنۇبىي ئافرىقا ..... 34

سالامەتلىكنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن .......... 35
بىلىم ساغلاملىق دېمەكتۇر .......... 36
بۇلغانغان ھاۋا .......... 36
بىز قىلالايدىغان ئىشلار .......... 38
ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى .......... 38
ئېنىرگىيەنى تېجەڭ .......... 39
كىلىمات ئۆزگىرىشى .......... 41
ئاشقۇن ھاۋارايى .......... 41
يەر شارى بارغانسېرى ئىسسىماقتا .......... 42
دالىدا خىزمەت قىلىدىغان ھاۋارايىشۇناسلار .......... 43
ئورتاق مەسئۇلىيەت .......... 44
يەرشارىنىڭ ئىسسىشى .......... 44
مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاش .......... 44
باشقا تاللىشىمىز ئۇسۇلىمىز بارمۇ ؟ .......... 45
تەيفلىڭ بورىنى نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى .......... 47
تەيفلىڭ بورىنى قانداق شەكىللىنىدۇ ؟ .......... 47
شامال ۋە دولقۇن .......... 48
كەلكۈن ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن زىيان .......... 50
دېڭىز دولقۇنىدا غايىپ بولغان ئارال .......... 55
خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئىنسانلار .......... 56
مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ئاپەت .......... 59
كىلىمات مۇساپىرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەردە ماكانلىشىش ھوقۇقى بار ! .......... 60
ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىشى كېرەك .......... 66
خىتاي ۋە ھىندىستان .......... 66
ھەل قىلىش ئۇسۇلى نېمە ؟ .......... 67
دۇنيا نوپۇسى .......... 72
دىققەتنى قوزغىغان نوپۇس .......... 72
نوپۇس مەسىلىسى .......... 72
تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە نەزەر .......... 73
ئادەملەر جىق شەھەر .......... 77
شەھەر ئاھالىلىرى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە .......... 78
تۆمۈر يول ياساش ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ .......... 78
سۇنىڭ بۇلغىنىشى .......... 80
سۇ مەنبەسىنى تالىشىش جېڭى .......... 81
تازىلىق ۋە سالامەتلىك .......... 82
تازىلانمىغان مەينەت سۇ سالامەتلىككە زىيانلىق .......... 83

www.uyghurkitap.c


ناپولىدىكى «ئەخلەت كرىزىسى» .................... 83
تۇرالغۇنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى .................... 86
ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى .................... 89
نوپۇس بېسىمى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى قىيىنلاشتۇردى .................... 90
نۇپۇس ۋە كېسەللىك .................... 93
كەلكۈن ۋە كېسەللىك .................... 94
ئۇرۇش ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ .................... 95
كەلگۈسىدىكى ئېنېرگىيە .................... 108
ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆپ مىقداردا ئىشلەتمەكتە .................... 108
كۆمۈر ۋە نېفىت .................... 108
مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ شەكىللىنىشى .................... 109
ئىنسانلار كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان مەسىلە .................... 111
دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تۈربىناسى .................... 118
ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى پومپىسى : .................... 121
يادرو ئېنېرگىيەسى بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلالامدۇ؟ .................... 123
ئۇران ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ؟ .................... 123
يادرونىڭ يىغىلىشى .................... 124
يەرلىك توك ئېلېكتىر ئىستانسىسلىرى .................... 127
ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار .................... 128
ئېلىپ كېلىدىغان مەسىلىلەر .................... 128
ئاشلىق كرىزىسى : .................... 129
يامغۇرلۇق ئورمانلارنى كېسىش .................... 129
يېقىلغۇ باتارېيەسى دېگەن نېمە ؟ .................... 134
قوياش ئېنېرگىيەلىك توكلىغۇچ .................... 138
بۇلغىنىشنى تېزگىنلەش .................... 145
يەرشارىدىكى بۇلغىنىش ۋەھىمىسى .................... 145
ئالدىمىزدىكى يول .................... 145
قاتناش يەرشارىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاتماقتا .................... 147
يەر شارى يۈزىدىكى بۇلغىنىش .................... 147
ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ ! .................... 153
نەق مەيدان خاتىرىسى .................... 154
چېرنوبىل، ئۇكرائىنا .................... 154
نېفىت ئېقىشىنىڭ تەسىرى ئېغىر .................... 154
ھەممە يەرگە تارقالغان نېفىت .................... 154
يالتىراق (سۇلياۋ) قا تۆلەنگەن بەدەل .................... 158
يېزا ئىگىلىكتىكى خىمىيەلىك بۇلغىنىش .................... 160

ئشەنگڭز كەلمەيدۇ ! ........................................ 166

چراغ نۇرى ئاۋارچلقى ........................................ 167

شاۋقۇن قىزىق نۇقتا مەسلسگە ئايلاندى ........................ 169

دۇنيادكى ئاشلىق ............................................ 173

يېمەكلك ئنسانلارنى ئوزۇقلۇق بلەن تەمنلەيدۇ. ................ 173

زىرائەت ۋە چارۋا ........................................... 176

يەر شەكلى ۋە كلىمات ........................................ 176

يەرگە تايىنپ ياشاش .......................................... 176

يېزا ئگلكىكە ئشلتدىغان سۇ .................................. 179

بئولوگيەلك يېقلغۇلار ........................................ 181

ئورگانك يېزا ـ ئگلك ھەل قلش ئۇسۇلمۇ ؟ ...................... 183

ئاشلىق ئشلەپچقرش ........................................... 184

غايب بولغان تۇپراق ......................................... 188

بىز قلالايدىغان ئشلار ....................................... 199

نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ......................................... 202

تەرەققي قىلغان دۆلەتلەردكى نامراتلىق ........................ 202

نامراتلىق ۋە ئقتساد ......................................... 203

نامراتلىقنى ھەل قلش ......................................... 203

مائارپ تەرەققياتنڭ تېزلەتكۈچسى .............................. 207

يەر شارىنڭ ئېسسپ كېتشگە قارشى تۇرۇش ......................... 214

ھاياتلىق مەنبەسى ............................................ 230

سۇ زادى قەيەردە؟ ............................................ 230

تۇزلۇق سۇ ................................................... 232

يەر ئاستى سۈيى .............................................. 233

سۇغا ئېرشش يولى ............................................. 234

سۇنڭ ئشلتلشى ................................................ 237

خەۋپتكى ھايۋاناتلار .......................................... 253

ئنسانلار ھايۋاناتلارنڭ ياششغا تەھدت سالماقتا ................. 253

ئنسانلار ھايۋاناتلارنڭ ماكاننى بۇزماقتا ...................... 253

ئوزۇقلۇق زەنجرىگە بۇزغۇنچلىق قلش ............................ 254

كاربون( IV )ئوكسد ........................................... 256

ئۆسۈملۈك كارىدورى ........................................... 261

چوڭ توسما خادا تاش ئاقاردى .................................. 264

كۆچۈش يولى .................................................. 269

شمالي ئامېرىكا ئورمانلىقدىكى شمال بۇغسى ...................... 270

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# بۈگۈنكى دۇنيادىكى ئون چوڭ قىزىق نوقتىلىق مەسىلىگە نەزەر

## 1. سالامەتلىك ۋە كېسەللىك

### جان باقامدۇق ياكى ياشامدۇق ؟

سىزگە نىسبەتەن سالامەتلىك نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ ؟ تېنىڭىزنىڭ ساغلام، راھەت ھېس قىلىشىڭىز، ئۆزىڭىزنى بەختلىك، خوشال ھېس قىلىسىز. بەزىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، سالامەتلىك گۈزەل تۇرمۇشتىن دېرەك بېرىشى مۇمكىن. بىراق دۇنيادىكى نۇرغۇن نامراتلار ئۈچۈن ئېيتقاندا، سالامەتلىك پەقەت جان ساقلاشتىن دېرەك بېرىدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە دوختۇرلار كېسەل داۋالاشتا تەپسىلي تونۇشقا ئىگە، ئۇلار بىمارلارغا رېتسېپ يېزىپ ئۇلارنىڭ ئاغرىقىنى يېنىكلىتەلەيدۇ. بىراق دۇنيادىكى نۇرغۇن

جايلاردىكى كىشىلەر كېسەل كۆرسىتەلمەيدۇ. باي تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە بىر بالىنىڭ كۆزىنى ئوپىراتسىيە قىلىپ ساقايتىدۇ، ئوخشاش بىر بالا نامرات تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتتە ياشىغان بولسا، بەلكىم ئۇ كۆزىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. ئوپىراتسىيە قىلىشنى دېمەي تۇرايلى، تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ھەتتا كېسەل كۆرستىشكىمۇ ئامالسىز.

## پىسخىك ساغلاملىق

ساغلاملىق پەقەت تەن ساغلاملىقىلا ئەمەس، بەلكى يەنە پىسخىك ساغلاملىقنىمۇ كۆرسىتىدۇ. پىسخىك ساغلاملىق دېگىنىمىز كىشىلەر نۇرغۇن پىسخىك مەسىلىلەرنىڭ قىينىشىنى ھېس قىلىدۇ، بۇ مەسىلىلەر كىشىلەرنىڭ ھەرىكىتى ۋە كەيپىياتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. نۇرغۇنلىغان پىسخىك مەسىلىلەرنى داۋالاش دوختۇر ياكى پىسخىك مەسلىھەتچىلىرنىڭ ياردىمىنى ئىزدەيدۇ، بەزىدە دورا بىلەن داۋالاشقىمۇ بولىدۇ. پىسخىك مەسلىسى بار نۇرغۇنلىغان كىشىلەر نورمال خىزمەت ۋە تۇرمۇشىنى داۋاملاشتۇرۇۋېرىدۇ، بىراق بەزى كىشىلەر ئەتراپتىكى كىشىلەرگە تەھدىت ئېلىپ كېلىشى، ھەتتا ھاياتىغا خەۋپ ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

### ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

ياپونىيەدە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە ئۆمرى 82 ياش،

موزامبىكتە كىشىلەرنىڭ ئوتتۇرىچە يېشى پەقەت 41 ياش.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە كىشىلەر ساغلام تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىدۇ. ئۇلار كېسەل كۆرسىتىش كېرەك بولغاندا كېسەل كۆرسىتەلەيدۇ، ئۇلارنىڭ يېمەكلىكتىن ئەنسىرىشىنىڭ ھاجىتى يوق.



## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىنىڭ يەنە بىر يۈزى

### باكتېرىيە بىلەن يېقىن ئۇچرىشىش

باكتېرىيە ھەممە يەردە بار، بۇ مىكرو جانلىق سىزنىڭ قولىڭىزدا، ئۈستەلدە، يېمەكلىكتە، ھاۋادا ياشايدۇ. باكتېرىيەنىڭ نۇرغۇنلىغان ئوخشاش بولمىغان تۈرلىرى بار. كېسەللىك باكتېرىيەسى ۋە ۋىرۇس دېگەندەك. بەزى باكتېرىيەلەر زىيانسىز، بىراق بەزىلىرى جانغا زامىن بولىدىغان كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. بىز پەقەت مىكروسكوپ ئارقىلىقلا ئۇلارنى كۆرەلەيمىز.

يۇقۇملۇق زۇكام پەيدا قىلىدىغان كېسەللىك ۋىرۇسىنىڭ مىكروسكوپتا كۆرۈنۈشى



### نامراتلىقتا سەكراتقا چۈشۈش

نامراتلىق تۇرمۇشقا زۆرۈر بويۇملارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن پۇل يوقلۇقىنى كۆرسىتىدۇ.

مەسىلەن: ئۆي، يېمەكلىك، پاكىز سۇ. بۇ زۆرۈر بۇيۇملارنى سېتىۋېلىش ئۈچۈن يېتەرلىك پۇل بولمىغاچقا، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مىليونلىغان خەلق سەكراتقا چۈشتى، بۇ كىشىلەر ئادەتتىكى كىشىلەرگە قارىغاندا ئاسانلا يۇقۇملىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ياشاش شارائىتى تولىمۇ ناچار. پەقەت بۇلغانغان سۇنىلا ئىچەلەيدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە كىشىلەر ئۆزلىرى تېرىغان ئاشلىق بىلەن ئۆزىنى باقىدۇ ھەمدە يەنە بىر قىسىم ئاشلىقنى سېتىپ پۇل قىلىدۇ. ئېغىر قۇرغاقچىلىق ياكى سۇ ئاپىتى تۈپەيلى زىرائەتلەر ھالاك بولسا، بۇ ئاھالىلەر يېگۈدەك ئاشلىقتىن، خەجلىگۈدەك پۇلدىن ئايرىلىدۇ.

## تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى نامراتلىق مەسىلىسى

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ نۇرغۇن جايلىرىدا كىشىلەر ئوخشاشلا نامراتلىقنىڭ دەردىنى تارتىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ قولى ئۇنچە ئۇزۇن ئەمەس، بەزى كىشىلەرنىڭ ھەتتا تۇرۇۋاتقان ماكانىمۇ يوق. ئۆيى بولمىغاندىن كېيىن، مۇقىم خىزمەت تېپىپ كىرىممۇ قىلالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار نامراتلىقنىڭ يامان سۈپەتلىك ئايلىنىش پاتقىقىغا پاتىدۇ. ماكانسىز كىشىلەر كوچىدا قالىدۇ، بوران-چاپقۇندىن پاناھلىنىدىغان ھېچنەرسە بولمايدۇ، يېمەكلىكنىمۇ تەستە تېپىپ يەيدۇ. زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇملىرى كەم بولغاچقا، نۇرغۇنلىغان ماكانسىزلارنىڭ ھەممىسى كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ.

### ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دۇنيا ئاھالىسىنىڭ يېرىمى يەنى 3 ملياردتىن ئارتۇق ئادەم نامراتلىقتا ياشىماقتا.

دۇنيادا ھەركۈنى 26 مىڭدىن ئارتۇق بالا نامراتلىقتىن قازا قىلماقتا.



ماكانسىز كىشىلەر كوچىدا قالىدۇ، بوران-چاپقۇندىن پاناھلىنىدىغان جايى يوق، يېتەرلىك يېمەكلىكمۇ يوق، ئۇلار ئېغىر كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

ۋيېتنامنىڭ بىر تاغلىق كەنتىدە بىر ئائىلىلىك كىشىلىرى ئۆيىدە تاماق ئەتمەكتە. ئوتۇن كۆيمەكتە، باشقا نۇرغۇن ئائىلىگە ئوخشاش بۇ ئائىلە پەقەت ئوتۇن ياكى كۆمۈرنى يېقىلغۇ قىلىدۇ. مورىسى بولمىغاچقا، ئۆي ئىچىنى تۈتۈن قاپلاپ كېتىدۇ. ئۇلار تاماق ئەتكەن ئوتتىن سوغۇق كېچىلەردە ئىسسىنىدۇ، ئىس-تۈتەكتە بالىلار ئاسانلا نەپەس يوللىرى كېسەللىكىگە گىرىپتار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئانىلىرى يىل بويى ئاشخانىدا تاماق ئەتكەچكە، توختىماي يۆتىلىدۇ. ئوتۇن كۆيگەندە چىققان ئىس ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق، مۇھىتنى بۇلغايدۇ. باشقا يېقىلغۇلارنىڭ بۇلغىمىسى ئازراق بولغىنى بىلەن باھاسى قىممەت.

بەزى دۆلەتتىكى كىشىلەر پاكىز يىقىلغۇ ئىشلىتەلمەيدۇ، بۇ ئائىلىلەرنىڭ بۇلغىشى بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ، بۇ سالامەتلىك مەسىلىسى پەيدا قىلىدىغان باش جىنايەتچى.



## يېمەكلىك كەمچىللىك ۋە بۇلغانغان سۇ مەنبەسى

سۇ ۋە يېمەكلىك بولمىسا ئىنسانلار ياشاشقا ئامالسىز. بىراق بۇلغانغان سۇنى ئىچىش، ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك ئوخشاشلا كىشىلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ. يېتەرلىك يېمەكلىك بولمىغاندا، ئادەم ئاجىزلايدۇ، بۇ ھال بەدەننىڭ ئۆسۈشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، بەدەننىڭ ئىممۇنىتېت كۈچى تۆۋەنلەيدۇ. پاكىز قۇدۇق سۈيىنى ئىچىش-ئىچمەسلىك ۋە پاكىز ھاجەتخانىغا ئىگە بولۇش بولماسلىق ھاياتلىق بىلەن ئۆلۈمنىڭ پەرقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

## بۇلغانغان سۇ

بىر قىسىم تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى كىشىلەر تاتلىق سۇ ئىچەلمەيدۇ، ئۇلار دائىم نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ دەريا ۋە كۆللەردىن سۇ توشۇيدۇ. ھايۋانلارمۇ مۇشۇ كۆل ۋە دەريالاردىن سۇ ئىچىدۇ. بىر تەرەپ قېلىنمىغان تۇرمۇش يۇندىلىرىمۇ مۇشۇ سۇغا قويۇۋېتىلىدۇ. بۇ سۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئادەتتە باكتېرىيەلەر بىلەن يۇقۇملىنىدۇ، بۇ سۇنى ئىچكەندە ئېغىر يۇقۇملۇق ھەزىم سىستېمىسى كېسىلى بولغان خولېرا ۋە تولغاق دېگەندەك ئېغىر كېسەللىك پەيدا بولىدۇ.

## خولېرا

خولېرا ئادەتتە پاكىز سۇ ئىچەلمەيدىغان ئائىلىلەردە پەيدا بولىدۇ، بۇ كېسەل بىلەن يۇقۇملانغانلار جىددىي قۇسىدۇ ۋە ئىچى سۈرۈپ ئېغىر سۇسىزلىنىدۇ. خولېرانى داۋالاشتا، بىمار ئالاھىدە دورا ئىچىپ، بەدەن يوقاتقان سۇنى تولۇقلاشقا توغرا كېلىدۇ، پاكىز سۇ ئىچىشمۇ كېسەللىكنىڭ ساقىيىشىغا پايدىلىق، بىراق بىر قىسىم نامرات، قالاق دۆلەتلەردە ئادەتتە پاكىز سۇمۇ يوق، پايدىلىق دورىمۇ يوق.

## بۇلغانغان يېمەكلىك

بەدىنىمىزدە بىر خىل پارازىت باكتېرىيە ياشايدۇ. بۇ چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ، ئۇ بەدىنىمىزنىڭ تەن ساقلىقىنى ساقلاش رولىنى ئوينايدۇ، بىراق شۇ خىل تىپتىكى چوڭ ئۈچەي تاياقچە باكتېرىيەسى كېسەللىك پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار مۇۋاپىق پىشۇرۇلمىغان گۆش تۈرلىرىدە ياشايدۇ ياكى قىغ قويۇپ تېرىلغان كۆكتاتلاردا بولىدۇ، تاماقتىن ئاۋۋال، ھاجەتتىن كېيىن قولنى يۇيۇش ئۇلارنىڭ تارقىلىشىنى توسۇشقا پايدىلىق.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ!

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە تەخمىنەن 1مىليارد 200 مىليون ئادەم پاكىز سۇ ئىچەلمەيدۇ.

پۈتۈن دۇنيادا ھەركۈنى 4000 بالا سۇغا مۇناسىۋەتلىك كېسەللىكلەر تۈپەيلىدىن قازا قىلىدۇ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئاچارچىلىق تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا، ئۇلار ئېرىشكەن كىچىككىنە يېمەكلىكمۇ بۇزۇلغان، بۇ يېمەكلىكنىڭ ئۇلارغا كېسەللىكلەرنى يۇقتۇرۇش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى.



ھايۋانلارنىڭ تېزىكىدە كېسەللىك باكتېرىيەسى بولۇشى مۇمكىن، ئادەم بىلەن ھايۋان ئوخشاش سۇنى ئىچكەندە ئاسانلا كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىدۇ.

## كېسەلنىڭ تارقىلىشى



نېمە ئۈچۈن ئادەم چۈشكۈرگەندە ياكى يۆتەلگەندە ئاغزىنى توسۇۋېلىشى كېرەك؟ جاۋاب ئىنتايىن ئاددىي، باكتېرىيەنىڭ تارقىلىشىنى توسۇش ئۈچۈن. ھاجەتتىن كېيىن قولنى يۇيۇشمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاشلا

www.uyghurkitap.com



گەپ. بىر ئادەمدىن يەنە بىر ئادەمگە تارقىلىدىغان كېسەللىك يۇقۇملۇق كېسەللىك دەپ ئاتىلىدۇ.

بەزى كېسەللەر هاۋادىن تارقىلىدۇ، بەزى كېسەللەر سۇ ۋە يېمەكلىك ئارقىلىق تارقىلىدۇ، يەنە بەزى هايۋانلارمۇ كېسەللىك تارقىتىدۇ، قۇرت ـ قوڭغۇز بەزىدە تەرەت قاتارلىق چېقىرىندىلاردىن باكتېرىيەنى يۇقتۇرۇدۇ، ئاندىن يېمەكلىكلەرگە قونىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئېلىپ يۈرگەن باكتېرىيەنى يېمەكلىككە يۇقتۇرۇدۇ، ئادەم بۇ خىل يۇقۇملانغان يېمەكلىكلەرنى يېگەندە كېسەل بولىدۇ.

## ساياهەت ئېلىپ كەلگەن كېسەللىك

نۆۋەتتە چەتئەلگە چىقىپ ساياهەت قىلىدىغانلار كۆپەيمەكتە، ئۇلار ساياهەت قىلغاندا باكتېرىيەلەرنىمۇ بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. شۇڭا ئىلگىرى بەلگىلىك بىر دۆلەتتە تارقىلىدىغان كېسەل، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە دۇنيانىڭ هەممە يېرىدە بايقالماقتا. مەلۇم كېسەلنى ئېلىپ يۈرگەن ئادەمدە بەلكى بۇ كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت كۈچى تەبىئىي يېتىلگەن بولۇشى مۇمكىن، بىراق باشقا ئادەم بۇنداق تەلەيلىك بولماسلىقى مۇمكىن.

## قاتىل هاشارەت

ئافرىقىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە پاشا ئېلىپ يۈرگەن باكتېرىيە بەزگەك دېيىلىدىغان بىر خىل كېسەللىكنى پەيدا قىلىدۇ.

بەزگەك دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ قاتىل كېسەللىك بىرى، نۇرغۇن ئادەملەر مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار بولۇپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ، بۇ خىل پاشىنىڭ چېقىشىدىن ساقلىنىشى ئۈچۈن، ھەممىمىز مۇنداق بىر ئىشنى يەنى ھاشارەت ئۆلتۈرۈش دورىسى چېچىلغان پاشىلىق ئىشلىتىشىمىز كېرەك. بۇخىل ھاشارەت دورىسى پاشىنى قوغلايدىغان خىمىيەلىك ياسالمدۇر.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ!

دۇنيادا ھەريىلى 350 مىليوندىن 500 مىليونغىچە ئادەم بەزگەك بولىدۇ.



ھەريىلى 1 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۆلىدۇ، بۇلارنىڭ ئىچىدە كۆپىنچىسى باللار.

ئادەمنى چېقىپ قورسىقى تومپىيىپ كەتكەن بۇ پاشىغا قاراڭ، قورسىقىدىكى ئادەمنىڭ قېنىدۇر.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

www.uyghurkitap.c



پىرۇدا ئەڭ چەت بىر رايون بولۇپ، بۇ يەردە بىر قەدىمكى مىللەت ئەنئەنىۋى ئىپتىدائىي تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۇلار بىلەن تاشقى دۇنيانىڭ ئالاقىسى يوق بۇ كىشىلەر ئەزەلدىن زۇكام ياكى يۇقۇملۇق كېسەل باكتېرىيەسى بىلەن ئۇچرىشىپ باقمىغان. قاچانكى ساياھەتچىلەر ياكى باشقا ئادەملەر بۇ قەبىلىگە ئاياغ باستىمۇ، ئۇلار بەدىنىدىكى كېسەل باكتېرىيەسىنى ئېلىپ كىردى. بۇ قەدىمكى مىللەتنىڭ بۇ كېسەل باكتېرىيەسىگە تەبىئىي ئىممۇنىتېت كۈچى يوق بولغاچ، كىچىككىنە بىر زۇكاممۇ پۈتكۈل قەبىلىگە بالايى ئاپەت ئېلىپ كەلدى.




ئامازون ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىق رايونىدا ياشايدىغان بىر قەدىمىي مىللەت بار بولۇپ، 1988 ـ يىلىغا كەلگەندە تاشقىي دۇنيا ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بايقىغان.

## خەتەرلىك كېسەل

نامرات دۆلەتلەردە يۇقۇملۇق كېسەللىكلەر بەك قورقۇنچلۇق، چۈنكى بۇ رايونلاردا ئادەتتە ھاجەتخانا يوق، پاكىز تاتلىق سۇمۇ يوق. باكتېرىيە بۇلغانغان سۇ ئارقىلىق تېزلا تارقىلىدۇ.

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، كىشىلەر ئاسانلا يۈرەك كېسىلى ۋە راك قاتارلىق كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولىدۇ. يۈرەك كېسىلى يۇقمايدۇ، كىشىلەرنىڭ يۈرەك كېسىلىگە

گىرىپتار بولۇشنى سېمىزلىك، يېتەرلىك ھەرىكەت قىلماسلىق، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش ۋە يۇقىرى ماي، يۇقىرى شېكەرلىك ساغلام بولمىغان يېمەكلىكلەرنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىق ناچار تۇرمۇش ئادىتى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## بىر قەدىمكى قاتىلنىڭ قايتىشى

ئۆپكە تۇبېركۇليۇز بۇ زېمىنغا يەنە كەلدى. ئۇ كېسەللىك باكتېرىيەسى قوزغىغان كېسەللىك بولۇپ، بۇ باكتېرىيە ئۆپكە ۋە بەدەننىڭ باشقا قىسىملىرىغا يۇقىدۇ، ناۋادا ئۆپكە تۇبېركۇليۇزنى ۋاقتىدا داۋالىمىسا جاننى ئالىدۇ. ئەمەلىيەتتە نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى بۇ كېسەل ئىنچىل جانغا زامىن بولغۇچى قاتىل ئىدى.

كىشىلەر نەچچە مىڭ يىل ئىلگىرىكى قەدىمكى مىسىرلىقلارنىڭ مومىيا ۋە جەسەتلىرىدە، ئۆپكە تۇبېركۇليۇز بارلىقىنى بايقىدى. 20-ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھازىرقى زامان تېبابىتىنىڭ ياردىمىدە كىشىلەر بۇ كېسەلدىن قۇتۇلغان. بىراق ھازىر ئۇ يەنە تىرىلىپ، دۇنيادىكى نەچچە مىليون كىشىنىڭ جېنىغا زامىن بولماقتا. بەزى ئۆپكە تۇبېركۇليۇز باكتېرىيەسى ئۆزگىرىپ، دورا بىلەن داۋالىماق تەس بوپ كەتتى.



دوختۇر ئۆپكە تۇبېركۇليۇز بىلەن يۇقۇملانغان بىمارنى

www.uyghurkitap.com



تەكشۈرمەكتە .

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىنىڭ يەنە بىر يۈزى

## بەدەن كۆرەش قىلماقتا

باكتېرىيە بەدەنگە كىرگەندە بەدەن ئىممۇنىتېت سىستېمىسى قارشىلىق كۆرسىتىدۇ. ئادەم بەدىنى 100 مىليارد ھۈجەيرە مىكرو قۇرۇلمىسىدىن تۈزۈلىدۇ. باكتېرىيە ئادەم بەدىنىگە كىرگەندە ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ھۈجەيرىلىرى ئۇلارغا زەربە بېرىشكە باشلايدۇ، ناۋادا ئىممۇنىتېت سىستېمىسى بۇ باكتېرىيەنى يېڭەلمىسە ئادەم كېسەل بولىدۇ.

بالىلار، ھامىلدار ئاياللار ۋە ياشانغانلارنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى قۇرامىغا يەتكەن ساغلام كىشىلەردەك كۈچلۈك ئەمەس، شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزى كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولۇش خەتىرى يۇقىرى.



ھامىلدار ئاياللار كېسەلنىڭ ھۇجۇمىغا ئاسانلا ئۇچرايدۇ. ساغلام يېمەكلىكلەرنى يېيىش ۋە يېتەرلىك ئارام ئېلىش ئۇلار ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

## قاتىل ھايۋان

بەزى كېسەللەر

ھايۋاناتلار ئارىسىدا ھەتتا ھايۋان بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا تارقىلىدۇ، بۇ كېسەللىكلەر ئىنسانلار ئىشلەپچىقارغان يېمەكلىك بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن.

## غالجىر كالا

20 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدا ئەنگلىيەدىكى بىر قىسىم دېھقانلار كالىلارنىڭ ھەرىكىتىنىڭ غەلىتىلىكىگە دىققەت قىلغان. بۇ كالىلار داۋاسى يوق مېڭە كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان. بۇ كالىلار باشقا ھايۋانلارنىڭ باش سۆڭىكى ۋە مېڭىسىدىن ياسالغان يېمەكلىكنى يېگەن. بۇ خىل كېسەللىك «غالجىر كالا كېسىلى» دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل كېسەللىكنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئادەمگە يۇقىدۇ. نۆۋەتتە كىشىلەر ھايۋانلارنىڭ گۆش، باش سۆڭەك قاتارلىقلاردىن يەم ـ خەشەك ياسىمىدى. بەزى دۆلەتلەر ھەتتا ئەنگلىيەنىڭ كالا گۆشىنى ئىمپورت قىلىشنى چەكلىگەن.

## غالجىر ئىت

شەپەرەڭ، مۈشۈك، ئىت ۋە تۈلكە قاتارلىقلار «غالجىرلىق كېسىلى» دېيىلىدىغان بىر خەتەرلىك كېسەللىكنى ئېلىپ يۈرىدۇ. ئەگەر بۇ كېسەلدىن يۇقۇملانغان ھايۋان ئادەمنى چىشلىسە، غالجىرلىق كېسىلى بىلەن يۇقۇملىنىدۇ. دۇنيادا تەخمىنەن 30 دۆلەتتە غالجىرلىق كېسىلى يوق، بۇ دۆلەتلەر قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، يۇقۇملانغان ھايۋانلارنىڭ دۆلىتىگە كىرىشىنى قاتتىق چەكلىگەن. بەزى قالاق دۆلەتلەردە غالجىرلىق كېسىلى بىلەن قازا قىلىدىغان ئادەملەرنىڭ سانى 30 مىڭدىن 50 مىڭغىچە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزى ئالىملار شۇنداق قارايدۇكى، غالجىرلىق كېسىلى بىلەن يۇقۇملانغان كالا گۆشىنى يېگەندە ئادەم يۇقۇملىنىدۇ. 1990-يىلدىن 2008-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا 1300 دىن كۆپ ئادەم غالجىر كالا كېسىلى بىلەن قازا قىلغان.

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

1997-يىلى ئۈچ ياشلىق بىر ئوغۇل بالا ئالاھىدە بىر خىل زۇكامدا قازا قىلدى. بۇ زۇكام يۇقۇملانغان ئۆي قۇشلىرىدىن كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن 200 دىن كۆپرەك ئادەم قۇش زۇكىمى بىلەن قازا قىلدى. مۇتەخەسسىسلەر بۇ زۇكام ئاۋۋال ئاسىيانىڭ مەلۇم بىر رايوندىن تارقالغان دەپ قارىدى. ئاسىيادىكى بىر قىسىم ئەللەردە، توخۇ، ئۆردەك قاتارلىقلار ئىنسانلار بىلەن كۈندىلىك تۇرمۇشتا ناھايىتى يېقىن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. ئالىملار قۇش زۇكىمى مۇشۇ يول بىلەن ئۆي قۇشلىرىدىن ئادەمگە تارقىلىدۇ دەپ قارايدۇ. نۆۋەتتە ئۆي قۇشلىرىنىڭ گۆشىنى يېگەندە بۇ خىل كېسەل بىلەن يۇقۇملىنىشنى ئىسپاتلايدىغان ھېچقانداق ئاساس يوق. بىراق، ئالىملار قۇش زۇكىمىنىڭ ئىنسانلار ئارىسىغا تېزلا تارقاپ كېتىشىدىن، ھەمدە ئۇنىڭ خەتەرلىك يۇقۇملۇق كېسەل پەيدا قىلىپ، يەرشارىدا شىددەت بىلەن تارقىلىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيدۇ.



قۇش زۇكىمىنىڭ تارقىلىشىغا ئەگىشىپ، ساغلام

كۆركە توخۇنىڭ بۇ خىل كېسەللىك بىلەن يۇقۇملىنىش خەتىرىمۇ ئىنتايىن يۇقىرى.

## شەھەرلەرنىڭ كېڭىيىشى كېسەللىك تارقاتتى

ئىنسانلارنىڭ تۇرالغۇ مۇھىتى سالامەتلىككە زور تەسىر كۆرسىتىدۇ، يېزىلاردا ئادەمنىڭ قازا قىلىشى پەقەت نامراتلىقتىنلا ئەمەس.

## غەلىتە پاشا

ھەريلى ئورمانلار كەڭ كۆلەمدە كېسىلىپ، زىرائەت تېرىلىدۇ ۋە ئۆي سېلىنىدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى قۇرت-قوڭغۇزلار ئوخشىمىغان مۇھىتقا ماسلىشالايدۇ. ئىلگىرى دەرەخ يېرىقلىرىدا كۆپىيىدىغان پاشىلار تەرەققىي قىلىپ، يېڭى مۇھىتقا ماسلىشىپ، ئەۋرەز سىستېمىسىدا ياشايدۇ. بۇنداق بولغاندا پاشا بىلەن ئادەمنىڭ ئۇچرىشىشى تېخىمۇ قويۇقلىشىدۇ. پاشا ئادەمنى چاققاندىن كېيىن، بەزگەك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇشى مۇمكىن، بۇ بەزگەك دۇنيادىكى ئەڭ خەتەرلىك قاتىل كېسەللەرنىڭ بىرى.

## قاتىل شەھەر

ھازىر نۇرغۇنلىغان كىشىلەر يېزىدىن شەھەرگە كۆچتى، بىراق شەھەردە ھەممە ئادەمگە يەتكۈدەك تۇرالغۇ يوق، شۇڭا شەھەر ياقىسىدىكى رايونلار، پىلانلانمىغان شەھەر بازارلار تەرەققىي قىلىپ، نامراتلارنىڭ ئۇۋۇسىغا ئايلاندى. بۇ رايونلاردا پاكىز تازىلىق سىستېمىسى ياكى ھاجەتخانا يوق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىلەرنىڭ ھەتتا پاكىز يىمەكلىك سېتىۋالغۇدەك پۇلىمۇ يوق.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ!

2005-يىلى دۇنيادىكى 3/1 قىسىم شەھەر ئاھالىسى نامرات كەپىگە ماكانلاشقان.

برازىلىيەدە تەخمىنەن 1 مىليون 100 مىڭ ئادەم رىئودې ژانېيرودا قالايمىقان كەپىگە ماكانلاشقان.

برازىلىيەدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كاتەكتەك ئۆيلەردە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ناپۇت بولغان، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرنىڭ خەۋپى ئىنتايىن يۇقىرى.



### كىشىلەر شەھەرلەرگە كۆچۈپ كىرىشى كېرەك!

### قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز ؟

### قوللايمەن!

خىزمەت پۇرسىتى ئاز، كىشىلەر ئائىلىسىنى باقالمايدۇ. بەزى يەرلەر قۇرغاقچىلىق ۋە سۇ ئاپىتى تۈپەيلىدىن كىلىماتى ناچارلاشقاچقا، زىرائەت تېرىش قىيىن. شەھەرلەردە كىشىلەرنىڭ كېسىلىنى داۋالايدىغان نۇرغۇنلىغان دوختۇرلار بار، شۇنداقلا خىزمەت پۇرسىتىمۇ كۆپ.

## قارشى تۇرمەن !

شەھەرلەر بۇلغانغان، مەينەت. شەھەرلەردە ھەتتا باللار خاتىرجەم ئوينىغۇدەك يەرمۇ يوق. ئادەملەر قىستىلىشىپ يۈرگەچكە كېسەللىك ئاسانلا تېز تارقىلىدۇ. ئەگەر كىشىلەرنىڭ يېزىدا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە كاپالەتلىك قىلساق، تېخىمۇ ياخشى ئەمەسمۇ ؟

## بايلىق كېسلى

نامراتلىق سالامەتلىك مەسلىسىنى پەيدا قىلىدۇ، بايلىقمۇ ئوخشاش. پۇلدارلار شېكەر ۋە مايلىق يېمەكلىكلەرنى كۆپ ئىستېمال قىلىدۇ، چېنىقىش كەمچىل بولغاچقا، ئاسانلا سەمرىپ كېتىدۇ. بۇمۇ ئېغىر سالامەتلىك مەسلىسىنى پەيدا قىلىدۇ.

## مۇۋاپىق ئوزۇقلانماسلىق

نۇرغۇنلىغان باللار شېكەرلىك ۋە ماي مىقدارى يۇقىرى يېمەكلىكلەرنى كۆپ يەيدۇ. بۇ ئەخلەت يېمەكلىكلەر، بولۇپمۇ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە سالامەتلىك كرىزىسىنى پەيدا قىلدى. ساغلام يېمەكلىك بەدەن ۋە چوڭ مېڭىنىڭ ئايلىنىشىنى قامدايدۇ. ئەگەر يېمەكلىكتە ئادەم بەدىنى ئېھتىياجلىق بولغان ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار كەم بولسا، ئادەم ئاسانلا كېسەل بولىدۇ. ئەگەر باللاردا ۋىتامىن كەم بولسا، ئۇلار دەرس ۋاقتىدا دىققىتىنى يىغالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بېيىپ سالامەتلىكتىن مەھرۇم قىلىش

نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ بېيىدى. مەسىلەن: ئىقتىسادىي ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلغان ھىندىستان. بىراق ھىندىستاننىڭ بەزى رايونلىرىدا كىشىلەر يەنىلا نامرات. يېمەكلىك ۋە پاكىز سۇ كەم بولغاچقا، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى تەھدىتكە ئۇچرىماقتا.

ھىندىستاننىڭ باشقا رايونلىرىدا كىشىلەر بارغانسېرى بېيىماقتا. ئۇلارنىڭ يېتەرلىك يېمەكلىكى ۋە پاكىز سۈيى بار. بىراق ھىندىستانلىق بايلار يېڭى سالامەتلىك مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، چۈنكى مۇۋاپىق ئوزۇقلانماسلىق ۋە چېنىقىش كەم بولۇش، ئۇلار سالامەتلىك مەسىلىسىنىڭ قېيىنشىنىڭ دەردىنى تارتىشقا باشلىدى. مەسىلەن : سېمىزلىك كەلتۈرۈپ چىقارغان يۈرەك كېسىلى ۋە يۇقىرى قان بېسىم دېگەندەك.

بەرەڭگە قەلەمچىسى يېيىش، كاربونلۇق ئىچىملىك ئىچىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە چېنىقماسلىق ئېغىر سالامەتلىك مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.



### قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

### سېمىزلەر دۆلىتى

ئامېرىكا دۇنيادىكى

سېمىزلەرنىڭ نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى دۆلەتلەرنىڭ بىرى. ئامېرىكىدا 60 مىليون قۇرامىغا يەتكەنلەر ۋە 9 مىليوندىن كۆپرەك بالىلار سېمىز دەپ قارىلىدۇ. سېمىزلەرنىڭ نىسبىتى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 60% تىن كۆپ. ئامېرىكىدا سېمىزلەر ئۈچۈن نەچچە100 مىليون دوللاردىن ئارتۇق داۋالاش خىراجىتى سەرپ قىلىدۇ. نۇرغۇنلىغان ئامېرىكىلىقلار ساغلام بولمىغان يېمەكلىكنى يېمەيلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇنلىغان يېمەكلىك ۋە يېمەكلىك قۇتىسىنى تاشلىۋېتىدۇ. بۇ ئەخلەتنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەخلەت ئازگاللىرىغا كۆمىدۇ، بۇمۇ سالامەتلىك مەسىلىنى پەيدا قىلىشى مۇمكىن (تۆۋەندىكى رەسىمگە قاراڭ).



ئەخلەت كۆمۈش مەيدانىدىكى چىرىگەن ئەخلەت ئەتراپتىكى مۇھىتقا زەھەرلىك خىمىيەلىك ماددىلارنى قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئەخلەتلەر كېسەل تارقىتىدىغان قۇرت - قوڭغۇزلارنى جەلىپ قىلىدۇ.

## جىددىي ياردەم، ھاياتنى قۇتۇلدۇرۇش

سىچۇەندىكى يەر تەۋرەشتە ھايات قالغۇچىلارنىڭ تۇرالغۇسى. نەچچە مىليون ئادەم بۇ قېتىمقى يەر تەۋرەشتە ماكانىدىن ئايرىلدى.

كىلىماتنىڭ ناچارلىششى، بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى يەر تەۋرەش ۋە قورقۇنچلۇق دېڭىز شاۋقۇنى قاتارلىق تەبىئىي ئاپەتلەرنىڭ خەۋىرى ئۈزۈلمەيدۇ. بۇ ئاپەتلەر

www.uyghurkitap





ئېغىر بۇزغۇنچىلىق پەيدا قىلىدۇ. ئۇلار يۇرت ـ ماكانىنى خاراب قىلىپ، نەچچە مىليون ئادەمنى يارىدار قىلىدۇ. يېمەكلىك يېتىشمەيدۇ، ئىنسانلار ھەتتا ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كېتىدۇ. ئاپەت سۇ مەنبەسىنى قۇرۇتۇۋەتكەچكە، ئىنسانلار بۇلغانغان، مەينەت سۇنى ئىچىشكە مەجبۇر بولىدۇ، بۇ كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئىسسىقتىن چىرىگەن جەسەت، قۇرت ـ قوڭغۇز ۋە چاشقان تېپىدىكى زىيانلىق جاندارلارنى جەلپ قىلىدۇ، بۇ جاندارلارمۇ كېسەل تارقىتىدۇ.

## كىلىمات ئۆزگىرىشى

بۇلغىنىش دۇنيانىڭ كىلىماتىنى ئۆزگەرتمەكتە، كىلىمات ئۆزگىرىشى تۇپەيلىدىن ھەددىدىن زىيادە ناچار ھاۋارايى دائىم كۆرۈلىدىغان بولدى، قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن بارغانسېرى كۆپەيدى. يامغۇر ياغمىسا زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدۇ. ئاشلىق يېتەرلىك بولمىسا، كىشىلەر ئاچ قالىدۇ.نۆۋەتتە كىشىلەر ئىلگىرىكى ئاشلىق تېرىيدىغان يەرلەرگە «بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ» زىرائەتلىرىنى تېرىماقتا، چۈنكى بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغىشى خىمىيەلىك يېقىلغۇغا قارىغاندا تۆۋەن. دۇنيا بارغانسېرى ئىسسىقتا، ئىلگىرىكى ياپيېشىل، مۇنبەت تۇپراق يەرشارىنىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ بارغانسېرى قاقاسلىشىماقتا.

## بىخەتەرمۇ ياكى ئازابمۇ ؟

تەبئىي ئاپەت ياكى ئۇرۇشتىن كېيىن، كىشىلەر دائىم ئۆز يۇرت ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇپ، پاناھ جايلارغا ئورۇنلىشىدۇ. بۇۋاقىتلىق تار لاگېردا نەچچە مىليون ئادەم ئولتۇراقلاشقاچقا، يېمەكلىك ۋە سۇ كەملىك تۈپەيلىدىن، كېسەللىك ناھايىتى تېز تارقىلىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

خىتتاي سىچۈەن، 2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى خىتتاي سىچۈەندە بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى ئېغىر يەر تەۋرەش ئاپىتى يۈز بەردى. ئۆيلەر ئۆرۈلدى، مىليونلىغان ئادەم توپا ئاستىدا قالدى. توك سىملىرى ئۈزۈلگەچكە، ئۆرۈلۈپ كەتمىگەن ئۆيلەردىكى كىشىلەر تاماق ئېتىش ياكى ئىسسىنىشقا ئامالسىز قالدى، ھاجەتخانىلار ئۆرۈلگەچكە، ھاجەت قىلغۇدەك جايمۇ يوق ئىدى. ئەۋرەز يوللىرى يېرىلغاچقا يۇندى ھەممە يەرلەرنى قاپلىدى. كىشىلەر ھەرخىل كېسەللىكلەرنىڭ يۇقۇش خەۋپىدە قالدى. نۇرغۇن كېسەللىكلەر مۇشۇنداق مۇھىتتا تارقىلىدۇ، يەر تەۋرەشتىن كېيىنكى تازىلاش خىزمىتى ئۈچۈن، نەچچە ئاي ۋاقىت كەتتى، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى قايتىدىن قۇرۇش ئۈچۈنمۇ تېخىمۇ كۆپ ۋاقىت كەتتى.

## ئاممىۋى داۋالاش

ناۋادا ئاغرىپ قالسىڭىز، دوختۇرغا كۆرۈنسىڭىز بولىدۇ؛ دوختۇر سىزگە لازىملىق دورىنى بېرىدۇ. دۇنيادىكى بەزى جايلاردىكى كىشىلەرنىڭ دوختۇرغا كۆرۈنگۈدەك پۇلى يوق. بۇ كىشىلەر چەت رايونلۇق بولغاچقا، ئەڭ يېقىن داۋالاش

مەركىزىگە بېرىش ئۈچۈنمۇ نەچچە سائەت، ھەتتا نەچچە كۈن يول يۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ. بىر دۆلەت ئاسانلا داۋالايدىغان كېسەل، باشقا دۆلەتتە جانغا زامىن بولۇشى مۇمكىن.

## ۋاكسىنا

كىشىلەر دائىم ئالدىنى ئېلىش داۋالاشتىن ئەۋزەل دەيدۇ. كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئۇسۇللارنىڭ بىرسى ۋاكسىنا ئەملەش. ۋاكسىنا ئەمەلىيەتتە مىقدارى ئىنتايىن ئاز بولغان كېسەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان كېسەللىك باكتېرىيەسى ياكى ۋىرۇستۇر. ۋاكسىنا ئەملەنگەندىن كېيىن، ئادەم بەدىنىدە بۇ خىل كېسەلگە قارشى ئىممۇنىتېت شەكىللىنىدۇ. بۇ خىل زىيانلىق ۋىرۇس بىلەن قايتا ئۇچراشقان ۋاقىتتا، ۋاكسىنا ئەملەنگەن كىشى بۇ خىل كېسەللىك بىلەن يۇقۇملانمايدۇ.

بەزى كېسەللىكلەر مەسىلەن: قىزىل، ئىلگىرى ھەريىلى نەچچە مىڭلىغان بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولاتتى. قىزىل بىر خىل باكتېرىيە قوزغىغان كېسەلدۇر، ئۇ كۆزدىن ئايرىلىش، مېڭىسى زىيانلىنىش ھەتتا ئۆلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھازىر كۆپلىگەن بالىلارغا بۇ خىل قورقۇنچلۇق كېسەللىكنىڭ ۋاكسىنىسىنى ئەملىنىدۇ. شۇڭا قىزىل بىلەن چاچراپ كېتىدىغان بالىلارنىڭ سانى بارغانسېرى ئازلىماقتا.

## پۇل مۇھىم

نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر ئىنتايىن نامرات، ئۇلار دورا سېتىۋالالمايدۇ، شۇڭا بۇ دۆلەتنىكى نۇرغۇنلىغان دوختۇرلار ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق دورىنى

تاپالمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى دورا ياساپ كېسەل داۋالايدۇ.



تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەردىكى دوختۇرلار، پەقەت چەكلىك دورا ۋە داۋالاش ئۈسكۈنە شارائىتىدا خىزمەت قىلىدۇ.

**زامانىۋى داۋالاش ئەنئەنىۋى داۋالاشتىن ياخشى ! قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز ؟**




كىشىلەر زامانىۋى داۋالاشقا ئىشىنىدۇ، گەرچە ئوكۇل ئاغرىتسىمۇ.

**قوللايمەن !**

ئالىملار زامانىۋى دورىلارنى تەكشۈرىدۇ، مۇۋاپىق دورا ياسالمىلىرىغا قاتتىق تەلەپ قويىدۇ، دوختۇرلار دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىدىن ئاگاھ بولىدۇ. زامانىۋى دورىلار مەسىلەن: خولېرا دورىسى، كېسەلنى ئۈنۈملۈك داۋالىيالايدۇ. ئەنئەنىۋى داۋالاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئۇسۇل ئۆسۈملۈك دورا ئۇسۇلى،بىراق ئۆسۈملۈك دورىنىڭ ئۈنۈمىنى ئىسپاتلايدىغان بىۋاستە ئىلمىي ئاساس يوق.

**قارشى تۇرىمەن!**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى كىشىلەر ئۆسۈملۈك دورا ئۆسۈملۈكى بىلەن كېسەل داۋالاپ كەلگەن، بۇ دورىلار تەبىئىي تەركىبلەردىن ياسالغان. ھازىرقى كېسەللىك باكتېرىيەلىرى ئۇزۇن زامانىۋى دورىلارغا نىسبەتەن قارشى تۇرغۇچى بۇ ئەھۋال تېخىمۇ زىيانلىق كېسەللىكلەرنىڭ پەيدا بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، يەنە زامانىۋى دورىلارنىڭ ئەكس تەسىرىمۇ ئىنتايىن زور.

## بۈگۈنكى دۇنيادىكى خەتەر

كېسەللىك باكتېرىيەسى يېڭىلىنىپ تۇرىدىغان ئەبلەختۇر. كېسەللىك باكتېرىيەسى مەلۇم مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كۈچلىنىپ، دورىغا نىسبەتەن ئىممۇنىتېت كۈچى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل كېسەللىك باكتېرىيەسى دەرىجىدىن تاشقىرى كېسەللىك باكتېرىيەسى دەپ ئاتىلىدۇ. MRSA بولسا بۇنىڭ مىسالىدۇر. بۇ كېسەللىك ۋىرۇسى «ئانتىبىئوتىك»لارغا نىسبەتەن ئىممۇنىتېت كۈچ شەكىللەندۈرۈپ بولغان. ناۋادا ئۇنىڭ بىلەن يۇقۇملانسا ئاسانلا كېسەل بولىدۇ، ھەتتا ئىغىرراقى ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## VIH ۋىرۇسى ۋە ئەيدىز كېسىلى

بەزىدە داۋالىغىلى بولمايدىغان يېڭى كېسەللىكلەر تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ. ئادەم بەدىنىنىڭ ئىممۇنىتېت كەملىك ۋىرۇسى (VIH) ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى ۋەيران قىلىپ، باشقا يۇقۇملىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ خىل ۋىرۇس بەدەن سۇيۇقلۇقى ئارقىلىق ئىنسانلار توپىغا تارقىلىدۇ،

مەسىلەن: قان ھەتتا ئانا سۈتى. يوشۇرۇن مەزگىلنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، VIH كېسەللىك ۋىرۇسى تەرەققىي قىلىپ، ئىممۇنىتېت كۆچىنى يوقىتىدىغان ئۇنىۋېرسال كېسەل -- ئەيدىز (SDIA) گە ئىگە بولىدۇ. نۆۋەتتە ئەيدىز كېسىلىنى داۋالايدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇل يوق،بىراق ئەيدىز ۋىرۇسى تەرەققىياتىنى ئاستىلىتىدىغان دورا بار.

## يەرشارىنى قاپلىغان بىر خىل يېڭى كېسەل

2003-يىلى ۋيېتنامدىكى بىر دوختۇرخانىدا قازا قىلغان ئامېرىكىلىق سودىگەر تېنىدىن دوختۇرلار سارىسنىڭ يۇقۇملۇق ۋىرۇسىنى بايقىدى. تېببى ئالىملار بۇ ۋىرۇسنى بىر خىل يېڭى ۋىرۇس دەپ قارىدى. تەخمىنەن 900 ئادەم سارىستا قازا قىلدى. نۆۋەتتە مۇتەخەسسىلەر بۇخىل جان ئالغۇچى كېسەلنىڭ داۋالاش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقتى.



سارس ۋىرۇسى دوختۇرخانىلارغا يۇقتى. ئۇ يەردىكى كىشىلەرنىڭ يۇقۇملىنىش خەۋپى چوڭايدى. پاكىزلىقنى ساقلاش ۋە قولنى پاكىز يۇيۇش بۇ خىل دەرىجىدىن تاشقىرى ۋىرۇسنىڭ تارقىلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا پايدىلىق.

## نەق مەيدان خاتىرىسى:

## جەنۇبىي ئافرىقا

ھازىر جەنۇبىي ئافرىقىدا نەچچە مىليون ئادەم ئەيدىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېسەللىكى بولۇپ جان تالاشماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يۇقۇملۇق كېسەلدىن يۇقۇملىنىش خەۋپىگە دۇچ كەلدى. 2005 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغا قەدەر 15 مىليون بالىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئەيدىز كېسىلىدە ھاياتىدىن ئايرىلدى. بۇندىن باشقا نەچچە ئون مىليون ئادەم ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملاندى. بىراق ھەربىر بىمارنىڭ ھەممىسى ئەيدىز ۋىرۇسىنىڭ يامانلىشىشىنى ئاستىلاتقۇچى دورىنى سېتىۋالالمايدۇ. ئەيدىز ۋىرۇسىنى يۇقتۇرۇۋالماسلىق ئۈچۈن، كىشىلەر ئەيدىزنى چوڭقۇر چۈشىنىشكە موھتاج.



سارس تارقالغاندا ئاسىيادىكى كىشىلەر ماسكا تاقىدى. ئۇلار بۇ ئارقىلىق سارستىن يۇقۇملىنىشتىن ساقلانماقچى بولدى.

## سالامەتلىكنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن

نۆۋەتتە يەرشارىدا 7 مىليارد ئەتراپىدا نوپۇس بار ھەممىدە ھەركۈنى ئۈزۈكسىز كۆپىيىدۇ. داۋالاشنىڭ ئالغا بېسىشى ئادەمنىڭ ئۆمرىنى ئۇزارتىدۇ. بىراق ئىنسانىنىڭ ئۆمرىنىڭ ئۇزىرىشىغا ئەگىشىپ، يېڭى ساغلاملىق مەسىلىلىرى پەيدا بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يېڭى داۋالاش تەدبىرلىرىگە موھتاج بولىدۇ. دۇنيانىڭ ساغلاملىقى پايانىغا يەتكىلى بولمايدىغان كۈرەش جەريانىدۇر.

## بىلىم ساغلاملىق دېمەكتۇر

دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ئىنسانلارغا ساغلاملىق بىلىملىرىنى تارقىتىدىغان داۋالاش تۈرلىرى تەسىس قىلىنغان. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە خىزمەت قىلىۋاتقان ساغلاملىق تەشكىلاتلىرى، خىزمەت قىلىۋاتقان جايدىكى كىشىلەرگە ساغلاملىق بىلىملىرىنى تارقىتىپلا قالماي، بەلكى ئۇلارغا پاكىز سۇ مەنبەسى ۋە پاكىز ھاجەتخانا بەرپا قىلىش ئۈچۈن ياردەم قىلىدۇ.

## بۇلغانغان ھاۋا

مەيلى سىز ماشىنا ھەيدەڭ، كومپيۇتېردا ئويۇن ئويناڭ، تېلېۋىزور كۆرۈڭ ياكى چىراغ يېقىڭ ھەممىسىگە توك كېتىدۇ. كۆمۈر، تەبىئىي گاز ۋە نېفىت قاتارلىق قېزىلما بايلىقلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق توك چىقىرىلىدۇ. قېزىلما بايلىقلار كۆيگەندە نۇرغۇن ئىس چىقىرىپ ھاۋانى بۇلغايدۇ، بۇلغانغان ھاۋادىن نەپەسلىنىش ئېغىر سالامەتلىك مەسىلىسىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، مەسىلەن: زىققا ۋە باشقا نەپەس كېسەللىكلىرى. ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن، بىز چوقۇم تېخىمۇ پاكىز توك چىقىرىش ئۇسۇلىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن تىرىشىشىمىز كېرەك.

نۆۋەتتە نۇرغۇنلىغان بالىلار، بولۇپمۇ بۇلغانغان شەھەر مەركىزىدە ياشايدىغانلار زىققا كېسىلىگە گىرىپتار بولدى.

**ھەممە ئادەمنىڭ سالامەتلىكنى ئاسراشتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى بار !**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز ؟

يۇقىرى مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىش، تاماكا چېكىش، ھاراق ئىچىش قاتارلىقلارنىڭ سالامەتلىكنى ناچارلاشتۇرۇدىغانلىقىنى نۇرغۇن ئادەم بىلىدۇ. ئۇنداقتا، دوختۇر ناچار تۇرمۇش ئۇسۇلىنى تاللىغان ئاشۇ كىشىلەرنى داۋالىماسلىقى كېرەكمۇ؟

## قوللايمەن !

ئەگەر ھاراق ـ تاماكا ۋە يۇقىرى مايلىق يېمەكلىكلەر سالامەتلىككە شۇ قەدەر زىيانلىق بولسا، يەنە نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنىڭ ئۇلارنى سېتىۋېلىشىغا يول قويىمىز؟ ھۆكۈمەتنىڭ بىر تەرەپتىن بۇ ساغلاملىققا پايدىسىز مەھسۇلاتلارنى سېتىشقا يول قويۇشى، يەنە بىر تەرەپتىن ئادەم كېسەل بولغاندا ئۇلارغا سالامەتلىكنى ئاسراش بىلەن تەمىنلەشنى رەت قىلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ.

## قارشى تۇرىمەن !

ئادەم ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە مەسئۇل بولۇشى كېرەك. تاماكىنىڭ زىيانلىق ئىكەنلىكىنى ھەممىمىز بىلىمىز. ئەگەر تاماكا چېكىش تۇپەيلى ئاغرىپ قالساق، ئۆزىمىزدىن كۆرسەك بولىدۇ. دوختۇر ۋاقىت ۋە زېھنىنى تۇرمۇش ئۇسۇلى ساغلام بولمىغان ئۇنداق كىشىلەرگە سەرپ قىلماسلىقى كېرەك.

مائارىپ ئىنسانلارنىڭ ساغلام تۇرمۇش كەچۈرۈشىگە ياردەم قىلىدىغان ئاچقۇچ.

## ھەرىكەتلىنەيلى !

ساغلام يېمەكلىكلەرنى يېسەك، يېتەرلىك بەدەن چېنىقتۇرساق، سالامەتلىكىمىزنى ساقلىيالايمىز. بىز يەنە كىشىلەرنىڭ ساغلام، گۈزەل تۇرمۇشتىن بەھرىلىنىشىگە ياردەم قىلالايمىز.



ساغلام بالىلار شادىمان بالىلاردۇر، ئۇلار ئوقۇيالايدۇ، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىنى قانداق گۈزەل قىلىشنى ئۆگىنەلەيدۇ.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

## ئوزۇقلىنىش ئۇسۇلى

بەدەن ئېھتىياجلىق بولغان ئوزۇقلۇق تەركىبلىك يېمەكلىكلەرنى يەڭ. بۇ ئوزۇقلۇق تەركىبلەر: كاربون سۇ بىرىكمىسى، ئاقسىل، ۋىتامىن، مىنېرال ماددىلار ۋە ئاز مىقداردىكى ماي.

## پاكىز بولۇڭ!

تاماقتىن ئاۋۋال، تەرەتتىن كېيىن قولىڭىزنى يۇيۇڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېمەكلىكلەرنى پىشۇرۇش ئىلمىي بولسۇن. كۆكتات ۋە مېۋە ـ چېۋىلەرنى پاكىز سۇدا پاكىز يۇيۇڭ.

## قاتنىشىڭ !

نۇرغۇنلىغان ساخاۋەت ئورگانلىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە نامراتلىقنى يېڭىشتە ۋە كىشىلەرنىڭ ساغلاملىقىنى ياخشىلاشقا ياردەم قىلىدۇ. قىزىلكرېست يۇگۇرۇش مۇسابىقىسى ياكى سىنىقى تەشكىللەپ، ئۆزىڭىز تاللىغان ساخاۋەت ئورگىنىغا ئىئانە قىلىڭ.

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردىكى بىر مەكتەپنى چۈشىنىپ بېقىڭ. دۇنيانىڭ باشقا جايلىرىدا، مەكتەپ باللىرىنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدىغان قانداق مەسىلىلەر بار ؟

## ھەرىكەت قىلىڭ !

دائىم چېنىقىش يۈرەك ئىقتىدارىنىڭ ياخشىلىقىنى ساقلايدۇ. قەرەللىك چېنىقىش جىسمانىي روھىي سالامەتلىكىڭىزنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ.

## ئېنېرگىيەنى تېجەڭ

بىز ئىشلىتىۋاتقان ئېنېرگىيەنىڭ مەنبەسى ۋە تىپى پۈتۈن دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، چۈنكى قېزىلما بايلىقلارنى يېقىلغۇ قىلىش مۇھىتنى بۇلغايدۇ.

ئۆيىڭىز ۋە مەكتىپىڭىزدە ئىشلىتىۋاتقان ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ تىپىنى تەكشۈرۈپ چىقىڭ، مەكتىپىڭىز قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىدىغان قۇياش ئېنېرگىيە تاختىسى

ئورناتقانمۇ؟ قىزىلما بايلىقتىن ئېلېكترئېنېرگىيەسى هاسىل قىلىشنىڭ ئورنىغا قوياشئېنېرگىيەسىنى ئىشلىتەلەمدۇ ؟

ئىمكان بار ماشىنا بىلەن ساياهەت قىلىشتىن ساقلىنىڭ. ئامال بار ۋېلسىپىت بىلەن مەكتەپكە بېرىڭ. بۇلار بۇلغىنىشنى ئازايتىش ۋە يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى يېنىكلىتىشكە پايدىلىق.

## خەتەرلىك بۇيۇملار

تاماكا چېكىش، هاراق ئىچىش ۋە زەهەرنىڭ خەترىنى تونۇپ يېتىڭ.

# 2. كىلىمات ئۆزگىرىشى

هاۋارايى ساراڭلارچە ئۆزگىرىدۇ. يەر شارىنىڭ نۇرغۇن جايلىرىنىڭ كىلىماتىدا ئۆزگىرىش يۈز بەردى. كىلىمات بىر جاينىڭ مەلۇم بىر مەزگىلدىكى مۇئەييەن ۋاقىت ئىچىدىكى هاۋارايىنىڭ ئومۇمىي ئىپادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. دۇنيادىكى نۇرغۇن جايلاردا، ئەسلىدە نورمال ئەھۋالدا ناھايىتى سالقىن ئايلار، هازىر يازغا ئوخشاش پىژغىرىم ئىسسىق بوپ كەتتى. ئىنسانلار ئۆزىنىڭ قانداق هاۋارايىغا دۇچ كېلىدىغىنىنى بىلمەيدۇ، بوران - چاپقۇن، كەلكۈن، قۇرغاقچىلىق ھەمدە باشقا جىددىي كىلىمات هادىسىلىرى بارغانسېرى كۆپەيمەكتە.

## ئاشقۇن هاۋارايى

ئىسسىق بەلباغ رايونىدا دائىم بوران - چاپقۇن بولىدۇ، بىز بۇنى ئۇراگان ياكى تەيفىڭ بورىنى دەيمىز، بۇ بوران - چاپقۇنلار بارغانسېرى شىددەتلەشمەكتە، شامال كۈچى بارغانسېرى زورىيىپ، پەيدا قىلغان بۇزغۇنچىلىقمۇ بارغانسېرى چوڭايماقتا. ئۇلار غايەت زور دولقۇن پەيدا قىلىپ، قۇرۇقلۇقتا كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلماقتا. قاتتىق يامغۇرمۇ كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلىۋاتىدۇ.

تەتۈرسىچە، يەرشارىنىڭ بەزى جايلىرىدا ئۇدا بىرنەچچە يىل ياغمۇر ياغمىدى. ئۇ يەرلەر ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچراپ، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى. ئۇ يەردە ياشىغۇچى كىشىلەرمۇ ئاچارچىلىقتا جان تالاشتى.

## يەر شارى بارغانسېرى ئىسسىماقتا

ئاشقۇن هاۋارايى ئەهۋالى ۋە مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان كىلىمات يەرشارىنى ئىسسىتىۋەتتى. يەرشارىنىڭ ئىسسىشى — يەرشارى يۈزى ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنىڭ كىچىك نىسبەتتە ئۆرلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر يەرشارىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرا ئەمەلىي ئۆرلىشى بىر سىلسىيە گىرادۇسقا يەتمىگەن بولسىمۇ، ئېلىپ كەلگەن تەسىرى چوڭ، ئۇ پۈتۈن دۇنيا كىلىماتىنىڭ ئاستا ـ ئاستا ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

ئاۋستىرالىيە، ئىسپانىيە ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەر ئىلگىرىكىگە قارىغاندا تەدرىجىي هالدا تېخىمۇ ئىسسىق ۋە قۇرغاقلىشىپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۇنيانىڭ هەرقايسى جايلىرىدا نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەر يۈز بەرمەكتە. مەسىلەن: قۇرغاقچىلىق ئاپىتى ۋە كەلكۈن ئاپىتى كۆپىيىپ كەتتى. نۇرغۇن ئالىملار بۇ مەسىلىلەرنى يەرشارىنىڭ ئىسسىشى ئەمەس، بەلكى كىلىمات ئۆزگىرىشى، دەپ تەسۋىرلەشكە ئامراق.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

ئەگەر يەرشارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئىزچىل ئۆرلىسە، تۆۋەندىكى ۋە باشقا نۇرغۇن ئاپەتلەر كېلىپ چىقىدۇ: نۇرغۇن جايلاردا ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتى يۈز بېرىپ، زىرائەتلەر ئۇسساپ قۇرۇيدۇ، نەچچە مىليون خەلق ئاچلىقتىن ئۆلىدۇ.

## دالىدا خىزمەت قىلىدىغان ھاۋارايىشۇناسلار

ھاۋارايىشۇناس دېگىنىمىز —— ھاۋارايىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملاردۇر. ئۇلار يەر شارىدىكى ھەرقايسى جايلارنىڭ ھاۋارايى ئەھۋالىنى ئۆلچەيدۇ ۋە خاتىرىلەيدۇ. مەسىلەن: ئۇلار يىلمۇ - يىل ھەر كۈنلۈك ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى خاتىرىلەيدۇ. ھاۋارايىشۇناسلار بىزگە يەرشارى كىلىماتىدا قانداق ئۆزگىرىش بولۇۋاتقانلىقىنى، كەلگۈسىدە ھاۋارايىدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرىدۇ.



ئاۋستىرالىيەنىڭ تاسمانىيە ئارىلىدا بىر ھاۋارايىشۇناس ھاۋارايى ئىستانسىسىدا ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچىمەكتە. ھاۋارايىشۇناسلار يەنە شامال تېزلىكى ۋە ھەر يىللىق ھۆل - يېغىن مىقدارىنى ئۆلچەيدۇ.



ئامېرىكىنىڭ چىكاگو شتاتىدىكى بىر قېتىملىق بوران - چاپقۇندا بىر بىنانى چاقماق سوققان، يەر شارى ئىسسىپ كېتىش سەۋەبىدىن، شىددەتلىك بوران - چاپقۇن بارغانسېرى

كۆپەيمەكتە.

## ئورتاق مەسئۇلىيەت

كىلىمات ئۆزگىرىشى ئۆتمۈشتىمۇ يۈز بەرگەن، بىراق جەريانى هازىرقىدەك تېز بولمىغان. بۇ ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كىلىمات ئۆزگىرىشىنى يامان سۈپەتلىك ئايلىنىشقا ئېلىپ بارغانلىقى ئۈچۈندۇر.

## يەرشارىنىڭ ئىسسىشى

كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىقلار مىنېرال يېقىلغۇلار دەپ ئاتىلىدۇ. ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالىغاندا، كاربون IVئوكسىد ۋە باشقا گازلارنى چىقىرىدۇ. بۇ گازلار يەرشارىنىڭ ئاتموسفىراسىغا يىغىلىدۇ، هەمدە قۇياشتىن كەلگەن بىر قىسىم ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى سۈمۈرۈۋالىدۇ. سۈمۈرۈۋالغان ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى كۆپەيگەنسېرى، يەرشارىمۇ ئىسسىپ كېتىدۇ. مانا بۇ يەر شارىنى ئىسسىپ كېتىشىدۇر. يەر شارى ئىسسىپ كېتىشىنى هەل قىلىشنىڭ ئۇسۇلى مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاشنى توختىتىش، بىراق بۇ گەپنى دېمەك ئاسان، قىلماق ئىنتايىن مۈشكۈل.

## مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاش

ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى مۇنداق ئىككى خىل قالايدۇ. نېفىت ــــ ئايروپىلان، ئاپتوبۇس، ئاپتوموبىل ۋە باشقا قاتناش قوراللىرى ئۈچۈن يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. نېفىت يېقىلغۇ سۈپىتىدە كۆيدۈرۈلگەندە، قاتناش قوراللىرىنى هەرىكەتلەندۈرىدىغان موتور بولىدۇ. مىنېرال يېقىلغۇلار

ئۇيغۇر كىتاب تور www.uyghurkitap.c



ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىدا كۆيدۈرۈلۈپ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ئارقىلىق توك چىقىرىدۇ. ئىنسانلار توك بىلەن ئۆيىنى يورىتىدۇ، كومپيۇتېر ۋە باشقا ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ.

باي دۆلەت خەلقىدە ماشىنا كۆپ، ئايروپىلاندا سەپەر قىلىش نىسبىتىمۇ ئىلگىرىكىدىن كۆپ يۇقىرى. خىتتاي، بىرازىلىيە ۋە ھىندىستان خەلقى كۆيدۈرىدىغان مىنېرال يېقىلغۇ ئىلگىرىكىدىن تېخىمۇ كۆپ. بىز قىلمىشىمىزنى ئۆزگەرتىپ، يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشىمىز كېرەك.

## باشقا تاللىشىمىز ئۇسۇلىمىز بارمۇ ؟

بەزى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى توك چىقىرىشتا مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرمەيدۇ، بىراق بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى يېتەرلىك ئەمەس، بىز ئېھتىياجلىق توكنى قاندۇرالمايدۇ. بىز باشقا ئېنېرگىيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىنى ئىجاد قىلىپ بولدۇق، بىراق بۇنداق ماشىنىلار بەك قىممەت، ھەممە ئادەم ئېلىپ بولالمايدۇ.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

نېفىتتىن نۇرغۇن مۇھىم نەرسىلەرنى ياسىغىلى بولىدۇ. مەسىلەن: دورا، سىر، يالتىراق، چاچ سوپۇنى ۋە قاچا يۇيۇش سۇيۇقلۇقى قاتارلىقلار.

## قىزىق نۇقتا مەسىللىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى شۇنداقمۇ ؟

بەزىلەر يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى بىزنىڭ خاتالىقىمىز ئەمەس، دەيدۇ. ئۇلار ئۆتمۈشتە يەر شارى ئىسسىپ كەتكەندە هازىرقىدىنمۇ ئىسسىق، سوغۇق بولغاندا هازىرقىدىنمۇ سوغۇق ئىدى، دەيدۇ. ئۇلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاشنى توختىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، دەپ قارايدۇ. بىراق نۇرغۇن ئالىملارنىڭ قارىشىچە، مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاش يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدىكەن، يەر شارىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئەزەلدىن بۇنداق تېز ئۆزگەرگىنى يوق.



كۆمۈر پويىز بىلەن ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا توشۇلىدۇ. كۆمۈر ۋە باشقا مىنېرال يېقىلغۇلار، نەچچە مىليون يىل ئىلگىرى ياشىغان ئۆسۈملۈك ۋە هايۋاناتنىڭ قالدۇق تېنىدىن پەيدا بولغان.




قوياش نۇرى يەر شارىنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدۇ، بىراق بۇ ئىسسىقلىقنىڭ كۆپ قىسمى ئاتموسفېراغا قايتىدۇ، بولۇپمۇ كەچتە. هاۋادىكى پارنىك گازى بىر قىسىم ئىسسىقلىقنىڭ قايتىشىنى توسىدۇ، بۇ يەرشارىنى تەدرىجىي ئىسسىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





بېنزىن كۆيۈپ پەيدا بولغان كېرەكسىز گازمۇ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## تەيفۇڭ بورىنى نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولىدى

2008 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادىكى بىرما تەيفۇڭ بورىنىنىڭ شىددەتلىك ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. ئاز دېگەندە 76 مىڭ ئادەم بۇ قېتىملىق تەيفۇڭ بورىنىدا قازا قىلدى. بۇ ھىندى ئوكيانىدا ئالتە ئاي ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىككىنچى قېتىملىق شىددەتلىك بوران ئىدى. 2007 ـ يىلى 11 ـ ئايدا بېنگالدا سىدىر ناملىق تەيفۇڭ بورىنى 3000 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى. گەرچە سىدىر ناملىق تەيفۇڭ بورىنىنىڭ شامال كۈچى ئالدىنقى قېتىمقى تەيفۇڭ بورىنىدىن كۈچلۈك بولمىسىمۇ، بىراق بىرمىلىقلار بوران چاپقۇننىڭ كېلىشىنى بىلمىگەچكە، ئۇ قېتىملىق ئاپەتتە كۆپ ئادەم قازا قىلغان.

## تەيفۇڭ بورىنى قانداق شەكىللىنىدۇ؟

تەيفۇڭ بورىنى ئادەتتە ئىللىق ئىسسىق بەلباغ ئاسمىنىدا پەيدا بولىدۇ. ئاۋۋال كۈچلۈك شامال بىر نوقتىنى مەركەز قىلىپ ئايلىنىدۇ. بوران دېڭىز سۈيىنى ئايلاندۇرۇشىغا ئەگىشىپ، كۈچلۈك شامال غايەت زور دولقۇن

پەيدا قىلىدۇ، ئۇلار قۇرۇقلۇققا چىققاندا كۈچلۈك بوران بىلەن دولقۇن دېڭىز قىرغىقىغا سوقۇلىدۇ، يەرشارىنىڭ ئىسسىشى دېڭىز سۈيىنىمۇ ئىسسىتىدۇ، شۇڭا تەيفىڭ بورىنى تېخىمۇ ۋەھشىلىشىپ، كۆتۈرۈلۈش قېتىم سانىمۇ كۆپىيىدۇ.

## شامال ۋە دولقۇن

بېرمىدا 2 مىليون ئادەم ئۆي ماكانىدىن ئايرىلدى. دەھشەتلىك بوران ئۆگزىلەرنى ئۆرۈپ، تاملارنى غۇلاتتى، دېڭىز سۈيى دېڭىز بويىدىكى شەھەرلەر ۋە كەنتلەرنى يۇتۇپ كەتتى. بىرمىنىڭ دېڭىز قىرغىقىدا بۇرۇن قويۇق مانگرو ئورمانلىقى بار ئىدى، بۇ ئورمانلىق دېڭىز دولقۇنىنىڭ ھۇجۇمىنى توسايتتى. ئەپسۇسلىنارلىقى بۇ ئورمانلىق كېسىپ تاشلاندى. ئۇلار ئۆسكەن زېمىن تازىلىنىپ زىرائەت تېرىلدى. بۇ ئەھۋال كەلكۈن ئاپىتىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى.



2008-يىلى بىرما تەيفىڭ بورىنىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ، يەرلىك خەلق ئۆي - ماكانىدىن ئايرىلدى.

## نەخ مەيدان خاتىرىسى

ۋىلما ناملىق ئۇراگان بورىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



مېكسكا، فلورىدا، كارىب دېڭىزى

2005 ـ يىلى 10 ـ ئاي،تارىختىكى ئەڭ كۈچلۈك ئۇراگان مېكسىكا، ئامېرىكىنىڭ فلورىدا شتاتى، كارىب دېڭىزىغا ھۇجۇم قىلدى.



كىشىلەر بوران ـ چاپقۇننىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ، ئىچكى قۇرۇقلۇققا يۆتكىلىپ، ئاپەتتىن پاناھلانغان، ئۇلار مەكتەپ ۋە باشقا مۇستەھكەم قۇرۇلۇشلارغا بېرىپ پاناھلاندى، كۈچلۈك بوران ۋە دەھشەتلىك يامغۇر نەچچە مىڭ ئۆينى يۇتۇپ كەتتى. ۋىلما ناملىق ئۇراگان بورىنى 22 ئادەمنىڭ جېنىغا زامىن بولدى، نەچچە يۈز مىليون دوللار زىيان سالدى.

2005 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ۋىلما ناملىق ئۇراگان بورىنى فلورىدا ئىشتاتى مىئامى شەھرىگە ھۇجۇم قىلماقتا.

كەلكۈن يېڭى ئورلېئاننى ۋايران قىلدى

2005 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنى، ئامېرىكا لويىزانىنا ئىشتاتىدىكى ئورلېئان شەھرى كەلكۈن ئاپىتىنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىدى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، كاتىرىنا ناملىق ئۇراگان قۇرۇقلۇققا چىقتى، پانچىرچىرىن كۆلىدىكى سۇ يىغىلىشقا

باشلىدى. يېڭى ئورلېئان شەھەر سېپىلى «توغان»دەپ ئاتىلاتتى، بۇ سېپىل كەلكۈننى تورالىشى كېرەك ئىدى. براق سېپىل دېگەندەك پۇختا بولمىغاچقا، نەچچە يېرى يېرىلىپ، كەلكۈن يېڭى ئورلېئان شەھرىگە بېسىپ كىردى.

## كەلكۈن ئاپىتى ئېلىپ كەلگەن زىيان



كەلكۈن يېڭى ئورلېئان شەھرىنىڭ كۆپ قىسمىنى غەرق قىلدى. كوچىلار دەريا بولدى، ئۆيلەر كۆل بولدى. 2000 ئادەم قازا قىلدى. ئاخىرى كەلكۈن چېكىنىدى شەھەر سېپىلىمۇ رېمونت قىلىندى. براق ئۆي ۋە قۇرۇلۇش ۋەيرانچىلىقىنى ئوڭشاشقا خېلى كۆپ ۋاقىت كېتەتتى. نۇرغۇن ئائىلىلەر يېڭى ئورلېئانغا قايتىپ كەلمىدى. كىشىلەر شەھەر سېپىلىنىڭ يېرىلىشى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ۋاقتىدا رېمونت قىلمىغانلىقىدىن بولغان، دەپ دەرغەزەپكە كەلدى.

2005-يىلى 8-ئايدا يېڭى ئورلېئاندا يۈز بەرگەن كەلكۈن ئاپىتىدە، ساقچىلار كەلكۈندە قالغان يىگىتنى قۇتۇلدۇرماقتا.



## نەق مەيدان خاتىرىسى

سەۋەرن دەرياسى، ئەنگلىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.cn



سەۋەرىن دەرياسىدىن تاشقان كەلكۈن تېۋكسبورىي ئەتراپىدىكى ئېتىزلىقنى بېسىپ كەتتى.

2007 ـ يىلى، ئەنگلىيەنىڭ سەۋەرىن دەرياسى دەريا قىرغىقى يار ئېلىپ كەتتى. سۇ، ئېتىز ۋە بازارلارنى بېسىپ، شۇ يەردىكى گلوسېر شايىر ۋىلىيام ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا تەھدىت سېلىپ، ئىشتىن توختاش گىردابىغا كېلىپ قالدى، بۇنداق بولغاندا 2 مىليون 500 مىڭ ئادەم قاراڭغۇدا قالاتتى. ئوت ئۆچۈرگۈچى خادىملار كېچە ـ كۈندۈز ئىشلەپ ئېلېكتىر ئىستانسىسىغا كىرگەن سۇنى تازىلىدى. ئۇلار يەنە بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ ئەتراپىغا توساق ياساپ، كەلكۈننىڭ يەنە كىرىشىنى توستى.

## ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق جانغا زامىن بولىدۇ

2007 ـ يىلى، ياۋروپانىڭ جەنۇبىي قىسمى بىر قېتىملىق ئىسسىق دولقۇنىدا كاۋاپ بولدى. ئورمانلىقتىكى دەھشەتلىك ئوت ياۋروپا قۇرۇقلۇقىغا ھۇجۇم قىلىپ، نۇرغۇن زېمىننى كۆيدۈرۈۋەتتى. شۇ چاغدا ئاۋستىرالىيە، ئامېرىكا ۋە ئافرىقىنىڭ جەنۇبىي قىسمى رايونلىرىمۇ تارىختا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئېغىر قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، زىرائەتلەر قۇرۇپ كەتتى.

ئاۋستىرالىيەنىڭ جەنۇبىي قىسمىدىكى مۇررى ـ دارلىڭ ئويمانلىقى ئەڭ ئېغىر ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنىڭ بىرى ئىدى، بۇ رايوندىكى قۇرغاقچىلىق ئۇدا يەتتە يىل داۋاملاشتى، ئاۋىستىرالىينىڭ كۆپ قىسىم ئاشلىقى (مەسىلەن: بۇغداي ،شال قاتارلىقلار) نىڭ ھەممىسى مۇررى ـ دارلىڭ ئويمانلىقىدىن چىقاتتى.

## ئاشلىق باھاسى ئىزچىل ئۆرلەۋاتىدۇ

ئاۋسترالىيەدە تېرىلىدىغان شال ۋە بۇغداي نۇرغۇن دۆلەتلەرگە سېتىلاتتى. ئاۋسترالىيە ۋە باشقا دۆلەتلەردە زىرائەت زىيانغا ئۇچرىدى، گۈرۈچ ۋە بۇغداي كۆپ قىسىم ئادەملەرنىڭ ئاساسلىق يېمەكلىكى بولغاچقا، ئاشلىقنىڭ باھاسى دۇنيا مىقياسىدا ئۆرلەشكە باشلىدى. 2008 ـ يىلىنىڭ بېشىدا نۇرغۇن دۆلەتنىڭ نامرات كىشىلەر بولكا ۋە گۈرۈچ سېتىۋالالمىدى. ھايتى، سومالى، ھىندىستان ۋە باشقا نۇرغۇن دۆلەتلەردە ئاشلىق تۈپەيلى قالايمىقانچىلىق پارتلىدى.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

سەھرايى كەبىر چۆلى ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كۆپ رايونلارنى قاپلىغان بولۇپ، ئۇ دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قۇملۇق. نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى قۇملۇق دائىرىسى بارغانسېرى كېڭەيمەكتە، كەلگۈسى 100 يىلدا قۇرغاقچىلىقنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرايدىغان زېمىن كۆلىمى 30 ھەسسە كۆپىيىشى مۇمكىن .

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى:

## كەلگۈسىدە قۇرغاقچىلىق ئاپىتى تېخىمۇ كۆپ يۈز بېرىدۇ

ھاۋارايىشۇناسلارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، يەرشارىدا قۇرغاقچىلىق، بارغانسېرى ئېغىرلىشىدۇ. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، 2050 ـ يىلىغا بارغاندا ئافرىقا، ياۋروپا ۋە ئامېرىكا

قىتئەسىدىكى دۆلەتلەردە ئوتتۇرىچە ھۆل - يېغىن مىقدارى 20% ئەتراپىغا چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ تېخىمۇ كۆپ دۆلەتلەرنىڭ قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۈگۈنكى كۈندە ئاۋستىرالىيەلىكلەر ۋە باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر سۇ تېجەشكە ئادەتلەنىدى. كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ داۋاملىشىشىغا ئەگىشىپ، بىز تېخىمۇ كۆپ ئىشلارنى قىلىپ، بۇ مەسىلىگە تاقابىل تۇرۇشىمىز كېرەك.



2007 - يىلدىكى قۇرغاقچىلىقتا، فلورىدا ئىشتاتىنىڭ ئوكىچوبى كۆلى پۈتۈنلەي قۇرۇپ كەتتى. بۇ كۆلنىڭ كۆلىمى 1890 كۋادرات مېتىر.

## مۇزلۇق تېز سۈرئەتتە ئېرىمەكتە.

يەر شارىنىڭ ئىككى قۇتۇپىنى قاپلاپ تۇرغان مۇز قاتلىمى تەدرىجىي ئېرىمەكتە. ئىككى قۇتۇپنىڭ تېمپېراتۇرا ئۆرلىشى، دۇنيادىكى ھەرقانداق جايىنىڭكىدىن تېز، چوڭ مۇزلۇق يېرىلىشقا باشلاپ، دېڭىز - ئوكيانغا ئېقىپ كەتتى. مۇزلۇقنىڭ ئاستى قىسمىدىكى ئېرىگەن سۇ بۇ مۇزلۇقنىڭ ئېقىش سۈرئىتىنى تېزلەتتى. مۇزلۇقنىڭ ئېرىش سۈرئىتى شۇ قەدەر تېز بولدىكى، نەتىجىدە دېڭىز يۈزى ئاستا - ئاستا ئۆرلىدى.

## ئۆزگىرىۋاتقان كىلىمات

مۇزلۇقنىڭ ئېرىشىگە ئەگىشىپ، كۆپ مىقداردىكى تاتلىق سۇ تۇزلۇق دېڭىزغا قۇيۇلىدى. بۇ ھال دۇنيا مىقياسىدا دېڭىز يۈزى تەكشىلىكىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدى. ئالىملار دېڭىز ئوكياندىكى ئارتۇق تاتلىق سۇ بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ كېلىمات ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەپ ئەنسىرىمەكتە. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، كۆپ مىقداردىكى تاتلىق سۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى —— ئىللىق ئوكيان ئېقىمىدۇر. بۇ ئېقىم كارىپ دېڭىزىدىن شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيانغا قۇيۇلىدۇ، ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىدىن ئۆتۈپ، شىمالىي قۇتۇپقىچە يېتىپ بارىدۇ. شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمى ياۋروپانىڭ غەربىي قىسمىغا ئىللىق ۋە نەم كېلىمات ئېلىپ كېلىدۇ. ئالىملار مۇزنىڭ ئېرىشىدىن كەلگەن تاتلىق سۇ شىمالىي ئاتلانتىك ئوكيان ئىللىق ئېقىمىنىڭ ئېقىشىنى توسىدۇ، دەپ قارايدۇ. ئەگەر بۇ ئىش راستىنلا يۈز بەرسە، ياۋروپا غەربىي قىسمىنىڭ قىش پەسلى ھازىرقىغا قارىغاندا سوغۇق بولىدۇ.

شىمالىي مۇز ئوكيانىنى قاپلىغان مۇزلۇق ئېرىمەكتە. بۇ ئەھۋال كانادانىڭ شىمالىي قىسمى ۋە روسىيە ئەتراپىدا قاتنايدىغان پاراخوتلارنىڭ سەپىرىنى ئاسانلاشتۇردى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## نەق مەيدان خاتىرىسى

## ھىمالايا تاغ تىزمىسى

ھىمالايا تاغ تىزمىسىدىكى گانگىدىلى مۇزلۇقى، يىلسېرى ئىزچىل كىچىكلىمەكتە. بۇ مۇزلۇق ئېگىز تاغ چوققىسىنى قاپلىغان قېلىن مۇز قەۋىتىنىڭ بىر قىسمىدۇر. باھاردا مۇزلۇقتىكى بىر قىسىم مۇز ئېرىشكە باشلايدۇ، ئېرىگەن تاتلىق سۇ تاغدىن ئېقىپ چۈشۈپ، تاغ باغرىدىكى كىشىلەرنى ئىچىملىك سۇ بىلەن زىرائەتلەرنى سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ. يەر شارىنىڭ ئىسسىشى، مۇزلۇقى ۋە باشقا مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىنى تېزلەتتى، مۇزلۇقلارنىڭ ئېرىشىدىن پەيدا بولغان ئارتۇق سۇ، تاغ تىزمىلىرىدىكى تاغ ئۆلىنىڭ يېرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، تاغ جىلغىسى ۋە تاغ باغرىدىكى تۈزلەڭلىكلەردە كەلكۈن ئاپىتى پەيدا قىلىدۇ.

گانگىدىلى مۇزلۇقى ھىندىستاننىڭ شىمالىدىكى ھىمالايا تاغ تىزمىسىغا جايلاشقان ئەڭ ئۇزۇن بىر مۇزلۇقتۇر. ھازىر بۇ مۇزلۇق بارغانسېرى قىسقارماقتا. ئىلگىرى بۇ مۇزلۇق تاغ بېلىگىچە سوزۇلۇپ ھازىرقىدىن نەچچە ھەسسە ئۇزۇن ئىدى.

## دېڭىز دولقۇنىدا غايىپ بولغان ئارال

يەر شارىدىكى دېڭىز يۈزى ئاستا - ئاستا ئۆرلىمەكتە، پاپۇئا يېڭى گىۋىنىيەسى كارتېرىت تاقىم ئاراللىرىدا ياشايدىغان كىشىلەر، يۇرت - ماكانلىرىدىن ئايرىلىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە. ئۈزۈكسىز ئۆرلەۋاتقان دېڭىز يۈزى ئاراللارنى يۇتۇپ، ئارال خەلقلىرىنى باشقا جايلارغا كۆچۈپ، يېڭى

ماكان قۇرۇشقا مەجبۇرلىدى.

ئالىملارنىڭ پەرىزىچە، 2100 ـ يىلىغا بارغاندا، يەر شارىدا دېڭىز يۈزى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 50 سانتىمېتىر ئۆرلەيدىكەن. ئەگەر يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىشىگە تەدبىر قوللانمىساق، يەر شارىدىكى دېڭىز يۈزى بىر مېتىر ياكى ئۇنىڭدىن كۆپ ئۆرلەپ كېتىشى مۇمكىن. دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئۆرلىشى پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان كىشىنىڭ ھاياتلىق ۋە مال ـ مۈلۈك بىخەتەرلىكىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## خەتەرگە دۇچ كەلگەن ئىنسانلار

بېنگالنىڭ نۇرغۇن زېمىنى دېڭىز يۈزىدىن پەقەت بىر مېتىرلا ئېگىز. 2100 ـ يىلىغا بارغاندا 13 مىليون ئادەم يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىشى مۇمكىن. دېھقانلار تەدرىجىي يېرىدىن ئايرىلغاچقا، دېھقانچىلىق قىلىپ ئائىلىسىنى بېقىشقا ئامالسىز قالماقتا.

بىر قىسىم بىرمىلىقلار دېڭىز بويىدىن ئىچكى قۇرۇقلۇققا كۆچكەن بولسىمۇ، ئۇ يەردە ھەممە ئادەمنى سىغدۇرغۇدەك يېتەرلىك بوشلۇق يوق. دېڭىز بويىدا ياشاۋاتقان باشقا كىشىلەر باشقا دۆلەتنىڭ ئۇلارنى قوبۇل قىلىشىنى تەلەپ قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا.

دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆرلىشىنىڭ سەۋەبى

دۇنيا مىقياسىدىكى دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆرلىشىدە مۇنداق ئىككى سەۋەب بار: يەرشارىنىڭ ئىللىشىغا ئەگىشىپ، يەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شارى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسىمۇ ئۆرلىدى، دۇنيادىكى دېڭىز سۈيى ئىسسىپ كەتتى. ئىسسىق سۇنىڭ ھەجمىدە كېڭىيىش يۈز بەردى، مۇنداق بولغانىكەن ئىسسىق سۇ سوغۇق سۇغا قارىغاندا كۆپ بوشلۇقنى ئىگىلىدى، نەتىجىدە دېڭىز يۈزى ئۆرلىدى.

دېڭىز يۈزى ئۆرلىشىنىڭ ئىككىنچى سەۋەبى، يەرشارىنىڭ ئىسسىشى بىلەن دۇنيا مىقياسىدا مۇزلۇقلار ئاستا ـ ئاستا ئېرىدى، بۇ مۇزلۇقلار ئېرىپ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان سۇ تېخىمۇ كۆپەيدى.

## ئوبيېكتىپ پاكىت !

دېڭىز يۇتۇپ كېتىش ئېھتىمالى ئەڭ يۇقىرى بىر قىسىم رايونلار :

- كىرىباتى تاقىم ئاراللىرى، جەنۇبىي تىنچ ئوكيان
- شەرقىي ئەنگلىيە، ئەنگلىيە
- گوللاندىيە، ياۋروپا
- مالدىۋىي تاقىم ئاراللىرى، ھىندى ئوكيان
- فلورىدا تاقىم ئاراللىرى، ئامېرىكا
- بىنگال، ئاسىيا

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## تۇۋالۇ

جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى دۆلەت تۇۋالۇ 9 مارجان ئارالدىن تەركىب تاپقان. بۇ دۆلەت زېمىنىنىڭ كۆپ

قىسمىنىڭ دېڭىز يۈزىدىن ئېگىزلىكى 1 مېتىرغىمۇ يەتمەيدۇ، ئەڭ ئېگىز يېرىمۇ دېڭىز يۈزىدىن 4.6 مېتىر ئېگىز. دېڭىز تۇۋالۇنى يىلدا نەچچە قېتىم يۇتۇۋالىدۇ. تەيفۇنىڭ بورىنى چىققاندا، دېڭىز دولقۇنى نۇرغۇنلىغان قۇرۇلۇشنى ۋەيران قىلىۋېتىدۇ. ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، بۇ ئارالدا ياشايدىغان 110 مىڭ ئادەم دۆلىتىنى تاشلاپ كەتكەن، ئۇلار كىلىمات مۇساپىرلىرىغا ئايلىنىپ قالغان.



جەنۇبىي تىنچ ئوكياندىكى تۇۋالۇ تاقىم ئاراللىرى. ئەگەر دېڭىز يۈزى ئىزچىل ئۆرلىسە، بۇ ئاراللار پۈتۈنلەي غەرق بولۇپ كېتىدۇ.



2 ـ رەسىم، يەر شارىنىڭ ئىسسىشى دېڭىز يۈزىنىڭ كۆتۈرۈلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاچقا ئامېرىكا فلورىدا ئىشتاتى دېڭىز قىرغىقىدىكى نۇرغۇن ئۆيلەر دېڭىز سۈيىنىڭ يالماپ كېتىش خەۋپىگە دۇچ كەلمەكتە .

## خەتەرلىك سەپەر

نۇرغۇن ياۋروپالىقلار كانارى تاقىم ئاراللىرىغا بېرىپ، دەم ئېلىشنى ياخشى كۆرىدۇ. بىراق ئاجىزلاپ كەتكەن ۋە سەكراتقا چۈشكەن كىشىلەرنى كىچىك قېيىقلارغا بېسىپ دېڭىز ساھىلىغا ئېلىپ كەلگەندە، ساياھەتچىلەر تولىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەيران قالىدۇ. بۇ كىشىلەر ئافرىقىنىڭ جەنۇبىدىن قېيىققا ئولتۇرۇپ كەلگەن بولۇپ، نۇرغۇنلىرى سەپەر جەريانىدا قازا قىلغان. كانارى تاقىم ئاراللىرى ئىسپانىيەگە تەۋە بولۇپ، نۇرغۇن ئافرىقىلىقلار ياۋروپاغا بېرىپ ئولتۇراقلىشىشنى ئارزۇ قىلىدۇ. شۇڭا ئۇلار مۇشۇنداق خەتەرلىك سەپەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ بۇ يەرگە كېلىشكە رازى.

## كۆچۈۋاتقان كىشىلەر

كىشىلەرنىڭ ئافرىقىدىن ياۋروپاغا كېلىشى خىزمەت ئىزدەش ئۈچۈن، ئافرىقىدىكى يۇرتىدا ئۇلار ئائىلىسىنى قامداشقا ئامالسىز. ئافرىقىنىڭ غەربىدىكى زېمىن تولىمۇ قۇرغاق بولغاچقا ئاشلىق تېرىغىلى بولمايدۇ. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ بېلىق پاراخوتلىرى ئۇلارنىڭ سۇ رايونىدىكى بېلىقلىرنى تۇتۇپ تۈگەتتى، پەقەت ئاز بىر قىسىم بېلىقلار يەرلىكلەر ئۈچۈن قالدۇرۇلدى.

## مۆلچەرلىگىلى بولىدىغان ئاپەت

كىلىمات ئۆزگىرىشى ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمى ۋە دۇنيادىكى نۇرغۇن باشقا رايونلاردىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىنى مۇشكۈللەشتۈرىۋەتتى. ئىنسانلار كىلىمات ئۆزگىرىشىگە قارىتا تەدبىر قوللانمايدىكەن، نەچچە 10 مىليون ئادەم كىلىمات مۇساپىرلىرىغا ئايلىنىدۇ، يەنە تېخىمۇ كۆپ ئادەم ئاچلىق ۋە كېسەل سەۋەبىدىن جېنىدىن ئايرىلىدۇ.

قۇرغاقچىلىق ئاپىتىنىڭ دائىم كۆرۈلۈشىگە ئەگىشىپ،

ئاشلىقمۇ بارغانسېرى قىممەتلەشتى. ئافرىقىدىكى نۇرغۇن ئادەم بەزگەك كېسىلى بىلەن ئۇ دۇنياغا كەتتى. يەر شارىنىڭ ئىسسىشىنىڭ ئېغىرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بەزگەك كېسىلى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرگە تارقالدى.



كىلىمات ئۆزگىرىشى ئافرىقىنىڭ غەربىي قىسمىدىكى سىنگالنى قۇملۇققا ئايلاندۇرۇۋەتتى. زىرائەت پەقەت ئۈنۈمسىز تۇپراققا تېرىلغاچقا، ئۆسۈشىمۇ ئىنتايىن تەس.

## كىلىمات مۇساپىرلىرىنىڭ باشقا دۆلەتلەردە ماكانلىشىش هوقۇقى بار!

## قوللامسىز، ياكى قارشى تۇرامسىز؟

كۆچمەنلەر لىق قاچىلانغان يۈك پاراخوتى كانارى تاقىم ئاراللىرىغا يېتىپ كەلدى. 2006-يىلى 40 مىڭ ئادەم غەربىي ئافرىقىدىن كانارى ئارىلىغا كەلدى.

### قوللايمەن



نامرات دۆلەتلەر كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ تەسىرىگە ئېغىر ئۇچرىدى. بىراق بۇ دۆلەتلەردە ياشايدىغان خەلق قويۇپ بەرگەن كاربون IV ئوكسىد ئىنتايىن ئاز،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئولتۇراقلاشقان كىشىلەر كىلىمات ئۆزگىرىشىدە مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىش كېرەك. ئۇلار ياشاشقا ئىمكانسىز قالغان كىشىلەرنى قوينىغا ئېلىشى كېرەك.

## قارشى تۇرمەن

نەچچە ئون مىليون ئادەم مۇھىت مۇساپىرلىرىغا ئايلاندى. نۇرغۇن دۆلەتلەر كۆپلەپ مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلغاچ، يېتەرلىك بوشلۇق قالمىدى. ئەكسىچە، ئۇلار نامرات دۆلەتلەرگە ئىقتىسادىي ياردەم بېرىپ، ئۇلارنىڭ مەسىلىنى ئۆزى ھەل قىلىشىنى قوللىشى كېرەك.

## ۋاقىت تەخىرسىزلىكى

ھازىر بىزنىڭ كىلىمات ئۆزگىرىش ئۈچۈن تەدبىر قوللىنىشقا ۋاقتىمىز بار. ھەممىمىز ئىش قىلىش ئۇسۇلىمىزنى ئۆزگەرتەلەيمىز، بىراق بىز جىددىي ھەرىكەتكە كېلىشىمىز كېرەك. يەرشارىنىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، بەزى ئىشلاردا ئۆزگىرىشى يۈز بەردى. ئىنسانلار بۇ ئىشلارنى كونترول قىلىشقا ئامالسىز، بۇ چەك «نۆل نۇقتا» دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ نۇقتىدىن ھالقىپلا كەتسەك، يەرشارىنىڭ ئىسسىشى تېخىمۇ تېزلىشىپ كېتىدۇ.

## شىمالىي قۇتۇپتىكى مۇز

قىش پەسلىدە شىمالىي مۇز ئوكياننىڭ يۈزى پۈتۈنلەي مۇزلايدۇ. ئاپئاق مۇز پارچىلىرى قوياشتىن كەلگەن نۇر ۋە ئىسسىقلىقنى قايتۇرىدۇ. بىراق كۈزگە كەلگەندە مۇز ئېرىشقا باشلايدۇ ھەمدە مۇزنىڭ ئاستىدىكى دېڭىز سۈيى كۆرۈنىدۇ.

بۇ چوڭقۇردىكى سۇ قوياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىدۇ، بۇ خىل ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىشقا ئەگىشىپ، دېڭىز ئىسسىيدۇ. ئالىملار 2050-يىلىغا بارغاندا، دېڭىزدىكى بارلىق مۇز يازدا ئېرىيدۇ، بۇ ھال يەرشارىنىڭ ئىسسىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

## تۇندرا ئېرىشكە باشلىدى

شىمالىي مۇز ئوكيان ئەتراپىدىكى قۇرۇقلۇق تۇندرا دەپ ئاتىلىدۇ. قىش پەسلىدە تۇندرا قېلىن مۇز بىلەن قاپلىنىدۇ. ياز پەسلىدە يۈزىدىكى مۇز ئېرىشكە باشلايدۇ. تۇندرا غايەت زور سازلىققا ئايلىنىدۇ. بىراق ئاستى قاتلىمى يەنىلا مۇز بولۇپ، بۇ مەڭگۈلۈك مۇز قەۋىتى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ مەڭگۈلۈك مۇز قەۋىتىگە نەچچە مىليارد توننا كاربون IVئوكسىد ۋە مېتان كۆمۈلگەن. يەر شارىنىڭ ئىسسىشىغا ئەگىشىپ، يەرشارى يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ، مەڭگۈلۈك مۇز قەۋىتىمۇ ئېرىشكە باشلايدۇ. ئاستىدا كۆمۈلۈپ ياتقان گاز ھاۋاغا چىقىپ كېتىپ، يەرشارىنىڭ ئىسسىشىنى تېزلەشتۈرىدۇ.

22-بەت رەسىم، لەيلىمە مۇز يەرشارىنىڭ سالقىنلىقىنى ساقلايدۇ، چۈنكى ئۇ قوياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ئاتموسفېراغا قايتۇرىدۇ. مۇز پارچىلىرى ئېرىگەندىن كېيىن ئاستىدىكى سۇ قوياش ئېنېرگىيەسىنى قوبۇل قىلىپ، يەر شارىنىڭ ئىللىشىنى تېزلىتىدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى

## مېتان ئىسسىقلىق سۈمۈرىدۇ

تۈنەفۈز كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قىش پەسلىدە تۇندرا مۇز بىلەن قاپلىنىدۇ، باھاردا ئېرىشكە باشلايدۇ. قۇشلار ۋە شىمالىي ئامېرىكا بۇغىسى بۇ يەرگە كېلىپ يازنى ئۆتكۈزىدۇ.



مېتاننىڭ ئىسسىقلىق سۈمۈرۈشى كاربون IV ئوكسىدتىن كۆپ. ئۆلگەن ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكنىڭ تېنى چىرىگەندىن كېيىن مېتان شەكىللىنىدۇ. تۇندرا بەك سوغۇق بولغاچقا، ئۇ يەردە ئۆسكەن مۇخلارنىڭ بىر قىسمى چىرىيدۇ. ئەگەر تېمپېراتۇرا ئۆرلەپ كەتسە، نەچچە ئون مىليارد توننا يېرىم چىرىگەن مۇخ پۈتۈنلەي چىرىيدۇ، ئۇنداق بولغاندا كۆپ مىقداردا مېتان ۋە كاربون IVئوكسىد گازى پەيدا بولىدۇ.

## ساقلاپ تۇرامدۇق، ياكى ھازىرلا ھەرىكەتلىنەمدۇق ؟

ھۆكۈمەت ۋە خەلق ھازىر يەر شارىنىڭ ئىللىپ كېتىش تەسىرىگە تەييارلىقنى باشلاشقا موھتاج. 2005-يىلى كاتېرىنا ناملىق ئۇراگان يېڭى ئورلېئانغا ھۇجۇم قىلغاندا، 6 مىليارد ئامېرىكا دوللىرى زىيان قىلدى، شۇ چاغلا توسما ياخشى قوغدالغان بولسا، كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرمىگەن بولاتتى.

### سۈرئەت ئاستىلاشقا باشلىدى

بىز يەرشارىنىڭ ئىللىشى ئۈچۈن تەييارلىق قىلىشىمىز كېرەك، بىراق بىز يەنە ئىسسىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا موھتاج. بىردىنبىر ئۈنۈملۈك ئۇسۇل مىنېرال يېقىلغۇلارنى قالاشنى توختىتىش. ھازىرقى پەن - تېخنىكا مىنېرال يېقىلغۇلارغا ئېھتىياج چۈشمەيمۇ توك چىقىرالايدۇ. سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ، ئىنسانلار يەنە شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپمۇ توك چىقارماقتا.

بىز يەنە ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئىشلىتىشنى ئازايتىشقا موھتاج. كىشىلەر قوش قەۋەت ئەينەك دېرىزە ئورنىتىش ئارقىلىق ئېنېرگىيە تېجىيەلەيدۇ. ئالىملار بېنزىننى يېقىلغۇ قىلمايدىغان بەلكى توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئاپتوموبىلنى تەتقىق قىلماقتا. ئىنژېنېرلارمۇ ھىدروگېننى يېقىلغۇ قىلىدىغان يېڭى موتورنى لايىھىلىمەكتە.

## ئاپەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىش

بەزى كىشىلەر تېخىمۇ ئىسسىق ھاۋا تېمپېراتۇرىسىغا ماسلاشقاندا تېخىمۇ كۆپ ئىقتىسادىي نەپكە ئېرىشكىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەسىلەن، ھۆكۈمەت تېخىمۇ كۆپ دامبا ياسىسا شەھەر- بازارلارنى كەلكۈن ئاپىتىدىن ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ، كىشىلەر ئۆيىدە ۋە بېغىدا سۇنى تېخىمۇ ئاز ئىشلىتىدۇ، شۇنىڭ بىلەن قۇرغاق ھاۋارايىغا ماسلاشقىلى بولىدۇ. بىراق سۇ بولمىسا، دېھقانلار ئاشلىق تېرىيالمايدۇ، چۈنكى زىرائەتنىڭ قۇرغاق كىلىماتقا ماسلىشىشى ئىنتايىن تەس.

www.uyghurkitap



نورۋېگىيەدىكى توكنىڭ كۆپ قىسمى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىن چىقىدۇ. مەسىلەن: ئارتا سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى.



بىز كىلىمات ئۆزگىرىشىگە ماسلىشىشىمىز كېرەك، كىلىمات ئۆزگىرىشىنى چەكلەشنىڭ ھاجىتى يوق!

## قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز؟

## قوللايمەن

ھازىر كىلىمات ئۆزگىرىشىنى توسۇشقا ئۈلگۈرەلمەيمىز. كىلىماتقا ئۆزگىرىش بولۇپ بولدى. ھازىر پۇل خەجلەپ تەييارلىق قىلساق، تېخىمۇ پايدىلىق.

## قارشى تۇرىمەن

كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ يۈزلىنىشى بەك تېز بولۇپ كەتتى، نامرات دۆلەتلەرنىڭ ماسلىشىشقا يېتەرلىك پۇرسىتى يوق. ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشنى توختىتىشى كېرەك. بۇ كىلىمات ئۆزگىرىشى ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋەت ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان خىراجەتنى ئازايتىدۇ.



گوللاندىيىنىڭ بۇ توسمىسى سېپىل دېيىلىدۇ. ئۇ بېتون بىلەن قۇيۇلغان

بولۇپ، دېڭىز سۈيىنىڭ تېشىپ كىرىشىنى توسىدۇ. ئۇ ئۆزلۈكسىز ئۆرلەۋاتقان دېڭىز يۈزى ۋە ئەۋج ئىلىۋاتقان بوران - چاپقۇنغا تاقابىل تۇرالامدۇ ؟

## ھۆكۈمەت تەدبىر قوللىنىشى كېرەك

كىلىمات ئۆزگىرىشى ھەممە دۆلەتكە تەسىر كۆرسىتىۋاتىدۇ. ھەرقايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى ئورتاق نىيەتتە ھەمكارلىشىپ، يەرشارى ئىسسىشى سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشى كېرەك. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر قويۇپ بېرىدىغان كاربون IVئوكسىدىنىڭ مىقدارى ئەڭ كۆپ، ئۇلاردا تېخىمۇ پاكىز ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئىشلىتىش ئۇسۇلىنى ئېچىش ئۇچۈن يېتەرلىك پۇل بار. پەقەت بارلىق دۆلەتلەر كاربون IV ئوكسىد قويۇپ بېرىشنى ئازايتىشقا قوشۇلسا، يەرشارى ئىسسىپ كېتىشىنى تۆۋەنلىتىش ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ.

## خىتتاي ۋە ھىندىستان

بۇرۇن خىتتايلىقلار ۋە ھىندىستانلىقلارنىڭ قويۇپ بېرىدىغان كاربون IVئوكسىد مىقدارى ئىنتايىن ئاز ئىدى. بىراق ھازىر خىتتاي ۋە ھىندىستاننىڭ سانائەتلىشىشى دەرىجىسى بارغانسېرى ئۆستى. ئۇلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى كۆپلەپ قۇردى. ئۇلار يېڭى زاۋۇتلارنى كۆپلەپ قۇرۇپ، كىيىم - كېچەك كومپيۇتېر ۋە باشقا مەھسۇلاتلارنى ئىشلەپچىقاردى. بارلىق يېڭى گۈللەنگەن سانائەت يەر شارىنىڭ ئىللىشىنى تېزلەتتى. خىتتاي ۋە ھىندىستاننىڭ كاربون IVئوكسىد مىقدارى ئامېرىكا قاتارلىق تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە تەدرىجى يېتىشىۋالدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ھەل قىلىش ئۇسۇلى نېمە ؟

ھەر قايسى ئەل ھۆكۈمەتلىرى چوقۇم قويۇپ بېرىدىغان كاربون IVئوكسىد مىقدارى ئۈستىدە پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىشى كېرەك. كاربون IVئوكسىد قويۇپ بېرىش مىقدارى يېتەرلىك تۆۋەنلىگەندە، يەرشارىنىڭ ئىسسىش سۈرئىتىمۇ ئاستىلايدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئالىملار يېڭى ئامالنى تەتقىق قىلىشى كېرەك. بۇ يېڭى ئاماللار ئەرزان ۋە مۇھىت ئاسرايدىغان، ھەممە ئادەم قوللىنالايدىغان، ناھايىتى ئاز، ھەتتا كاربون IVئوكسىدنى پەقەتلا چىقارمايدىغان بولۇشى كېرەك. ھازىر كاربونIV ئوكسىدنىڭ قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتىدىغان نۇرغۇن تېخنىكىلار بارلىققا كەلدى. ھۆكۈمەت مەبلەغنى كۆپ سېلىپ، چوقۇم ئۇنۇمگە ئېرىشىشى كېرەك.



خىتاينىڭ بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈپ توك چىقىرىدۇ. مانا بۇ يەر شارى ئىسسىپ كېتىش سەۋەبلىرىنىڭ بىرى.

## كاربون IVئوكسىد قويۇپ بېرىشنى چوقۇم ئازايتىدىغنى پۇقرامۇ ياكى ھۆكۈمەتمۇ ؟

## قوللامسىز قارشى تۇرامسىز ؟

## قوللايمەن

كىشىلەر ماشىنا ھەيدىسۇن ياكى تېلېۋىزور كۆرسۇن ھامان كاربون IVئوكسىد پەيدا قىلىدۇ. بىز ھەممىمىز ئامال بار كاربون IVئوكسىد قويۇپ بېرىش مىقدارىنى ئازايتىشىمىز كېرەك.

## قارشى تۇرىمەن !

كىشىلەر گەرچە ئاپتوبۇس ياكى پويىزغا ئولتۇرغان تەقدىردىمۇ، ماشىنىنى ئىشلىتىشنى توختىتىشقا ئامالى يوق. ھۆكۈمەت ئاپتوبۇس ۋە پويىزنىڭ مۇلازىمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك، شۇ ئارقىلىق ئاشۇ ئاپتوموبىل ئىشلىتىدىغان كىشىلەرنى ئاپتوبۇسقا جەلپ قىلىش كېرەك. ئۇلار يەنە مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرمەيدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىغا موھتاج.




ھاۋا يولى سەپىرى چىقارغان كاربون IV ئوكسىد باشقا ھەرقانداق قاتناش ۋاسىتىلىرى چىقارغان كاربون IV ئوكسىدتىن كۆپ. شۇڭا كىشىلەر پەقەت ئەڭ زۆرۈر بولغاندىلا ئايروپىلاننى تاللىشى كېرەك.

## ھەرىكەتلىنەيلى !

يەر شارىنىڭ ئىسسىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدىغان، ئۇ ئېلىپ كەلگەن تەسىرىنى ئازايتالايدىغان نۇرغۇن ئىشلارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىز قىلالايسىز. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئاسان ئامالنىڭ بىرى توكنى تېجەش. ئىشلىتىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا كومپيۇتېرنى ئىشلەتمىسىڭىز ئۆچۈرۈۋېتىڭ؛ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرگەندە توك مەنبەسىدىن ئۈزۈۋېتىشنى ئۇنۇتماڭ. بەزى چاغدا ئاپتوموبىلدا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنالمايسىز. بىراق باشقا ۋاقىتلاردا، ئاپتوبۇس ياكى پويىزدا ئولتۇرۇڭ، پىيادە ياكى ۋېلىسىپىت بىلەن مېڭىش تېخىمۇ ياخشى. يەرشارى ئىسسىپ كېتىشنى ئاستىلىتىشقا ياردەم بېرىدىغان ئەڭ ياخشى ئۇسۇل، ئائىلىڭىزدىكىلەر ۋە دوستلىرىڭىزنى بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشقا قايىل قىلىشتۇر.



پىيادە ياكى ئاپتوبۇس بىلەن مەكتەپكە بېرىش، ئاپتوموبىل بىلەن مەكتەپكە بارماسلىق كېرەك. بۇ يەرشارى ئىللىشىنى ئاستىلىتىدۇ، سالامەتلىكىڭىزگىمۇ پايدىلىق.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

### سەپەر

ئىمكانقەدەر ئاپتوموبىل ياكى ئايروپىلانغا ئولتۇرۇشتىن ساقلىنىڭ، پەقەت باشقا تاللىشىڭىز بولمىسا مەيلى.

ئەگەر قىسقا يول بولسا، پىيادە ياكى ۋېلىسىپىت بىلەن بېرىڭ. يول ئۇزۇن بولسا ئاپتوبۇس ياكى پويىزدا ئولتۇرۇڭ.

## توكنى تېجەش

تېلېۋىزور، كومپيۇتېر ۋە DVD قويغۇچ قاتارلىقلارنى ساقلاش ھالىتىدە قويماڭ. تېلېفون باتارېيەسى توكلاشقا ئېھتىياجلىق بولمىسا، توكلىغۇچنى توك مەنبەسىگە سانجىماڭ. ئۆيدە ئادەم بولمىسا چىراغنى يېقىپ قويماڭ. ھاۋا سوغۇق ۋاقىتتا قېلىنراق كىيىنىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئۆينى ئىسسىتىمەن دەپ يۈرمەيسىز.

## سۇنى تېجەش

يۇيۇنغان ۋاقتىڭىزدا ۋاننىدا يۇيۇنماڭ، ئېقىتىپ يۇيۇنۇڭ. چىش چوتكىلىغان ۋاقتىڭىزدا ئىستاكان ئىشلىتىڭ، جۈمەكنى ئېچىپ قويماڭ. يوغان ئىدىشقا يامغۇر سۈيىنى قاچىلىۋېلىپ گۈللىكىڭىزنى سۇغىرىڭ.

كىلىمات ئۆزگىرىشىنى تەكشۈرۈش:

- دادىڭىزدىن ياش ۋاقتىدىكى كىلىمات ئەھۋالىنى سوراڭ
- ئۇ چاغدا ھاۋارايىنى ئاسان مۆلچەرلىگىلى بولامتى ؟
- ھازىرقى قىش بۇرۇنقىدىن بەك سوغۇقمۇ ياكى بەك ئىسسىقمۇ ؟

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



- هازىرقى ياز بۇرۇنقىدىن تېخىمۇ ئىسسىقمۇ ؟
- ئۇلار هازىر ئۇچراتقىلى بولمايدىغان قۇش، قۇرت ـ قوڭغۇز ياكى باشقا هايۋانلارنى ئۇچراتقانمۇ ؟
- سىز هازىر ئۇلار بۇرۇن كۆرمىگەن ياۋايى هايۋانلارنى كۆرۈپ باقتىڭىزمۇ ؟

ئەگەر ئۆيىڭىزدە گۈللۈك بولسا، ئاتا ـ ئانىڭىزغا يوغان ئىدىش ئېلىپ بېرىڭ، يامغۇر سۈيى بىلەن گۈللۈكىڭىزنى سۇغارسۇن.



# 3. دۇنيا نوپۇسى

## دىققەتنى قوزغىغان نوپۇس

نوپۇس مەسىلىسى خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ دىققەت ئېتىبارىنى قوزغىماقتا.بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا،دۇنيا نوپۇسى 6مىليارد 700 مىليون. بەلكىم ئەمەلىي نوپۇس بۇ ساندىن جىق بولۇشى مۇمكىن.چۈنكى يەر شارىدىكى پۈتۈن نوپۇسنى توغرا ئىستاتىستىكا قىلىپ چىقىش تولىمۇ قىيىن. ئەڭ مۇھىم مەسىلە شۇكى،دۇنيا نوپۇسى شىددەت بىلەن ئاشماقتا. 2015-يىلىغا بارغاندا 7 مىلياردقا يېتىشى ،ھەتتاكى 2025-يىلى 8 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىشى، 2050-يىلىغا بارغاندا ھازىرقى مۆلچەرىمىزچە بويىچە 9 مىليارد نوپۇس يەرشارى دېگەن بۇ چوڭ پىلانېتتا ئولتۇراقلىششى مۇمكىن.

## نوپۇس مەسىلىسى

ب د ت نىڭ 2005-يىلى 3-ئايلىق تەتقىقات دوكلاتىدا، ئۆتكەن 50 يىلدا دۇنيا نوپۇسىنىڭ ئۆزلۈكسىز ئېشىشى ۋە ئىقتىسادىي پائالىيەتنىڭ كېڭىيىشى يەر شارى ئېكولوگىيە سىستېمىسىغا زور بېسىم ئېلىپ كەلگەن. ئىنسانلارنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدە يەر شارىدىكى 60%تىن كۆپ ئوتلاق، ئورمان، تېرىلغۇ يەر، دەريا ۋە كۆللەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چېكىنىشكە يۈزلەندى.

بەزى دۆلەتلەردە بايلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبى بىلەن شۇ دۆلەتتە تۇرۇشلۇق ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايۋاتىدۇ، بۇ ئاشلىق ۋە سۇنىڭ يېتىشمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇلار بەلكىم شەھەردىكى مۇھىتى ناچار بولغان يەرلەردە ئولتۇراقلاشقان، بالىلىرى ئوقۇش پۇرسىتىدىن، ئاتا ـ ئانىسى خىزمەت پۇرسىتىدىن مەھرۇم قالغان، نامراتلار داۋالىنىش پۇلى ئىسسىنىش ۋە قاتناش پۇلىنىمۇ تۆلىيەلەيدۇ.

دۇنيادىكى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەر، خەلقى ئۈچۈن يېتەرلىك بايلىق يارىتالمايدۇ. چۈنكى ئۇلاردا يېتەرلىك بايلىق مەنبەسى ۋە سىياسىي ھوقۇق يوق.

## تەرەققىي تاپقان ئەللەرگە نەزەر

باشقا بىر قىسىم دۆلەتلەر كىشىلەر ئېھتىياجلىق بولغان ماددىي بويۇملارنى تەمىنلىيەلەيدۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى تولىمۇ يۇقىرى، نوپۇسى ناھايىتىمۇ ئاز، شۇڭا ئۇلارنىڭ خىزمەت تېپىش پۇرسىتى ۋە مائارىپ قوبۇل قىلىش پۇرسىتى كۆپ. بۇ تەرەققىي تاپقان تاپقان ئەللەر دۇنيادا ناھايىتى چوڭ سىياسىي ئەۋزەللىككە ئىگە.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

2008 ـ يىلى دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ 10دۆلەت (سان مىليوننى بىرلىك قىلىدۇ):

| | |
|---|---|
| 1.خىتتاي 5231 | 3.ئامېرىكا 503 |
| 2.ھىندىستان 5311 | 4.ھىندونېزىيە132 |

5. برازىلىيە 781
6. پاكىستان 461
7. كامبودژا951
8. نىگېرىيە841
9. رۇسىيە 241
10. ياپونىيە821

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى كېڭىيىۋاتقان پايتەخت

ئافرىقىدىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردىكى كىشىلەر نىگېرىيە پايتەختى لاگوسقا توپلاندى، ئۇلار شۇ يەردىن خىزمەت ئىزدىدى. لاگوس ئافرىقىدىكى ئەڭ تېز كېڭىيىۋاتقان، نوپۇسى ئەڭ كۆپ، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش خىراجىتىمۇ ناھايىتى يۇقىرى شەھەرگە ئايلاندى. ئادەتتىكى نىگىرىيەلىكنىڭ ھەر كۈنلۈك خىراجىتى بىر دوللارغىمۇ يەتمەيدۇ. ئەكسىچە لاگوستا بىر قۇتا پىرەنىك ئېلىشقا ئالتە دوللار كېتىدۇ.



رەسىم: بۇ كىشىلەر نىگېرىيە پايتەختى لاگوستىكى نامراتلار كۆلبىسىدە تۇرىدۇ. ئۇلار بۇ شەھەرگە خىزمەت تاپارمەن دەپ كېلىشكەن ئىدى؛ ئەپسۇس ئۇلار خىزمەت تاپماقتا يوق خىراجەتنىڭ يۇقىرىلىقىنى بىلدى.

www.uyghurkitap.com



شاڭخەيدە 19 مىليون نوپۇس بار، ئۇ دۇنيادىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ شەھەرلەرنىڭ بىرىدۇر.



## دېھقانچىلىق قىلىپلا بۇ يەردىكى كىشىلەرنى باققىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە يەر شارىدىكى ئاشلىق ھەر بىر ئادەمنى بېقىشقا تامامەن يېتىدۇ. بەزى دۆلەتلەر يەرلىك ئاھالىلىرىنىمۇ باقالمايدۇ. ئەكسىچە يەنە بىر قىسىم دۆلەتلەردە بولسا، ئاشلىق يېتەرلىك بولۇپلا قالماي كىشىلەردە تاماقنى كۆپ يېيىش سەۋەبىدىن زىيادە سەمرىپ كېتىدۇ. مەسىلىنىڭ تۈپكى سەۋەبى شۇكى، ئاشلىقنىڭ تارقىلىش ئەھۋالى تەكشى ئەمەس. دۇنيادىكى ئاشلىق ئەڭ موھتاج كىشىلەرنىڭ قولىغا تەگمەيدۇ.

## دېھقانلارنىڭ زىرائەت تېرىشى رىغبەتلەندۈرۈشكە موھتاج

دۇنيادا ئاز دېگەندە 850 مىليون ئادەم تېخى تولۇق تويغىنى يوق. سەۋەب شۇكى: تەرەققىي قىلغۇاتقان ئەللەردە 80% دېھقانلارنىڭ يېرى ناھايىتى ئاز، بىر ئائىلە شۇ ئازغىنە يەرگە قاراشلىق، يەنە كېلىپ ئاشلىق سورتلىرى ناچار، يىغۋېلىنغان ئاشلىقنى ساقلاش شارائىتىمۇ ناچار. تەرەققىي تاپقان ئەللەر ئېشىنچا ئاشلىقنى تەرەققىي قىلغۇاتقان دۆلەتلەرگە ئەرزان باھادا ساتماقتا، بۇ يەنە بىر خىل مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. يەنى بۇ خىل «ئاشلىقنى

تۆۋەن باھادا سېتىش» پەقەت قىسقا مۇددەتلىك ئاشلىق يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلالىشى مۇمكىن، ئەمما تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ ئۇزاق مەزگىل زىرائەت تېرىش قىزغىنلىقىنى ئۇيغىتالمايدۇ.

## بىرلەشسە تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ كىچىك پارچە ـ پارچە ئېتىزلىرى ھەر يىلى قۇرغاقچىلىق، ئۆسۈملۈك كېسەللىكلىرى ھەمدە زىيانداشلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ تۇرىدۇ. يەرلىك خەلق ئۆزىنىڭ كۈچىگە تايىنىپ بۇ مەسىلىلەرنى ھەل قىلالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار ھازىر بىرلەشمە ئاپپارات قۇردى ۋە ئۇنى ھەمكارلىق كوپېراتىپ دەپ ئاتىدى. ئۇلار ئۇرۇق، ئاشلىق ئىسكىلاتى ۋە دېھقانچىلىق سايمانلىرىدىن ئورتاق بەھرىلىنىدۇ. ئۇلار زىيانغا ئۇچرىغان زىرائەتلەرنى يەرلىك بازاردا پۇل قىلىدۇ. بەزى ئاشلىق زىرائەتلىرىنى مەسىلەن: قەھۋە، باشقا دۆلەتلەرگە ساتىدۇ. بۇ يېزا ئىگىلىك ئەسلىھەلىرى يەرلىك خەلقنى باقىدۇ. ھەمدە ئۇلارنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ.

## دۇنيا ئاشلىقىدىن ئورتاق بەھرىلىنىش ئاچارچىلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىدۇ:



### قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز؟

بەزى دۆلەتلەر ئاشلىقنى مۇشۇنداق كۆپ تېرىيدۇ، ئىسكىلاتتىكى ئاشلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تاغـــدەك دۆۋىلىنىـــپ كېتىـــدۇ.

## قوللايمەن!

بـەزى ئەللەرنىـــڭ ئىشلەپچىقارغان ئاشـــلىقى ئۆلارنىـــڭ ئېھتىياجىدىـــن ئېشـــىپ كەتتـــى. بـــۇ دۆلەتلەردىكـــى ئېشـــىنچا ئاشـــلىقنى ئاشـــۇ خەلقنىـــى بېقىشـــقا ئاشـــلىق يېتىشـــمەيۋاتقان ئەللەرگـــە بۆلـــۈپ بەرسـەك، بـــۇ ئاشـــلىقنى ئىسـراپ قىلغاندىـــن كـــۆپ ياخشـــى. بۇنـــداق قىلغاندا ئاشـــلىقنىڭ ئىسـراپ بولۇشـــىنىڭ ئالدىنـــى ئالغىلـــى بولـــىدۇ.

## قارشى تۇرىمەن!

ئاشـــلىقنى بەھىرلىنىـــش پەقـــەت ئـــۇزاق مەزگىللىـــك مەسـىلىنى ۋاقىتلىـــق ھـــەل قىلىشـــنىڭ ئۇسـۇلى. بۇنـــداق قىلغاندا ئـــۇلار پەقـــەت قىســـقا مۇددەتلىـــك ئېھتىياجىنـــى قامدىيالايـــدۇ. شـــۇڭا بىـــز دېھقانلارنىـــڭ ئۆزىنىـــڭ دېھقانچىلىـــق زىرائەتلىرىنـــى تېرىشـــىغا يـــاردەم بېرىشـــىمىز كېـرەك. بـــۇ كەلگۈسـدە ئاشـــلىق بىلـــەن تەمىنلەشـــنىڭ ئـــەڭ ياخشـــى ئامالـــى.

## ئادەملەر جىق شەھەر

يەرشـــارىدىكى يېرىمىدىـــن كۆپـــرەك ئاھالىلـــەر شـــەھەرلەردە ئولتۇراقلاشـــقان. ھـــەر كۈنـــى تەخمىنـــەن 180 مىڭدىـــن ئارتـــۇق كىشـــى نامـــرات يېزىلاردىـــن شـــەھەرلەرگە ئىـــش ئىـــزدەپ كېلىـــدۇ. شـــەھەر سـودا، مەدىنىيـــەت ۋە ســـەنئەت مەركىـــزى. ئـــۇ ئىنســـانلارنى نۇرغـــۇن پۇرســـەت بىلـــەن تەمىنلـــەيدۇ، ئەممـــا شـــەھەرنىڭ قىســـتاڭچىلىقى بايلىققا نىسـبەتەن خىرىـس ئېلىـپ كەلـدى. بىـز كەسـكىن تاللاشـقا دۇچ كەلـدۇق.

## شەھەر ئاھالىلىرى خىرىسقا دۇچ كەلمەكتە

ھىندىستاندىكى شەھەر بومبايدا تەخمىنەن 18 مىليون ئاھالە ئولتۇراقلاشقان. بۇ شەھەردىكى يېرىمىدىن كۆپ ئاھالىلەر نامرات تۇرالغۇدا ئولتۇراقلاشقان، تازىلىق ئەسلىھەلىرى كەمچىل، بومباي ھەر يىلى 84 مىڭ ئېغىزدىن ئارتۇق ئۆيىنى يېڭىدىن سېلىشقا موھتاج، ئەمما پەقەت 55 مىڭ ئېغىز ئۆيىنىلا سېلىشقا قۇربى يېتىدۇ. بۇلاردىن باشقا، ئاممىۋى خىراجەت يەنە نۇرغۇن بېسىملارغا دۇچ كەلدى، مەسىلەن: قاتناش مەسىلىسى.

## تۆمۈر يول ياساش ياخشىلىنىش ئېلىپ كېلىدۇ

بومباي ھىندىستاننىڭ ئەڭ چوڭ سودا مەركىزى. بۇ شەھەر تولىمۇ ياخشى بولغان ئاممىۋى قاتناشقا موھتاج، بۇ مەسىلە ھەل بولسا بومباينىڭ ئۆزلۈكسىز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئىقتىسادى ئىلگىرى باسىدۇ. بومباي تۆمۈر يول تورىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى تاللىدى، ھەركۈنى 6 مىليون كىشىگە قاتناش مۇلازىمىتى قىلىدۇ. نۆۋەتتە يېڭى رېلىس ياتقۇزۇلماقتا ھەمدە يېڭى پاراۋۇز ۋە ۋاگون زاكاز قىلدى.



يېڭى تۆمۈر يول ياساش ئۈچۈن، تۆمۈر يول ئەتراپىدىكى ئون مىڭلىغان ئاھالىنى كۆچۈرۈشكە توغرا كەلدى، ئۇلارنىڭ ئۆيلىرى چېقىلماقتا. يېڭى ماكانلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى پىلانلانماقتا، لېكىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



ئاھالىلەرنىڭ ئېھتىياجىنىڭ قەدىمىگە يېتىشەلمەيۋاتىدۇ.

نۇرغۇن كىشىلەر يېزىلاردىن بومبايغا كەلگەندىن كېيىن، تېخىمۇ نامرات ياشاشقا مەجبۇر بولماقتا.



## نەخ مەيدان خاتىرىسى

### ئافىنا

ئافىنا شەھرى ئاممىۋى قاتنىشىغا مەبلەغ سېلىش ئارقىلىق شەھەردىكى بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلدى.

ئافىنا ـ گرېتسىيەنىڭ پايتەختى بولۇپ، 3 مىليون 800 مىڭ ئادەمنىڭ ماكانىدۇر. بىراق بۇ شەھەردە 2 مىليوندىن كۆپرەك ئاقما نوپۇس بار. ئۇزلۇكسىز زورىيىۋاتقان نوپۇس قاتناشنىڭ بېسىمىنى ئاشۇرۇۋەتتى. بۇلغىنىشمۇ چوڭ بىر مەسىلىگە ئايلاندى. ئەمما ئافىنا ئاپتوبۇس، توك ماشىنىسى ھەمدە چوڭ تېپتىكى پويىزلارغا تەبئىي گازنى ئىشلىتىشنى ئاساس قىلىپ، بۇلغىمىلارنى قويۇپ بېرىشنى ئازايتتى.

### سۇ پەيدا قىلغان ئەندىشە

بەرشارى نوپۇسى كۆنسېرى زورىيىۋاتقاچقا، ئاز دېگەندە 20% ئادەم پاكىز سۇدىن بەھرىلىنەلمەيۋاتىدۇ. شەھەرلەردىكى پىلانلىنىشى ناچار رايونلار نامراتلارنىڭ كۆلبىسى ياكى نامرات

رايون دەپ ئاتالماقتا. بۇ رايوندىكى كىشىلەر ۋاقىتلىق جۈمەكتىن ئۆچىرەتتە تۇرۇپ سۇ ئېلىشى كېرەك. نامرات يېزا رايونلىرىدا، كىشىلەر ئېھتىياجلىق سۇنى ئەڭ يېقىن بولغان قۇدۇق، ئازگال ياكى ئېرىقلاردىن ئالىدۇ. سۇ مەنبەسى ئۆيلىرىدىن نەچچە چاقىرىم يىراق ئەمما تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە، سۇنى ئارام ئېلىش ئەسلىھەلىرىگە ئىشلىتىدۇ. مەسىلەن: سۇ ئۈزۈش كۆلچىكى دېگەندەك، بۇ سۇ مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقارماقتا.

## سۇنىڭ بۇلغىنىشى

ئىنسانلارنىڭ نامۇۋاپىق ھەرىكەتلىرىنىڭ تەسىرىدە سۇ مەنبەسى بۇلغانماقتا. سانائەت، يېزا ئىگىلىك ۋە تۇرمۇش كىرەكسىزلىرى سۇغا قويۇپ بېرىلىپ سۇنى بۇلغىماقتا. ھازىر پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا 420 مىليارد كۇپ لىتىر يۇندى دەريا، كۆل ۋە دېڭىزلارغا قويۇپ بېرىلىپ 5 تىرلىيون 500 مىليارد كۇپ لىتىر تاتلىق سۇنى بۇلغىماقتا. بۇ پۈتۈن يەرشارى ئېقىن ئومۇمىي مىقدارىنىڭ %14دىن كۆپرەككە توغرا كېلىدۇ.

زاۋۇت ۋە سانائەت پەيدا قىلغان بۇلغىنىش، مەسىلەن: كان ئېچىش نۇرغۇن شەھەرلەرنىڭ سۇ مەنبەسىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىغان. زىيانلىق بۇلغانمىلارنىڭ تۇپراققا سىڭىپ كىرىشى يەر ئاستى سۈيىنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ بۇلغانمىلارنىڭ تەركىبىدىكى قوغۇشۇن، سىماب قاتارلىق ماددىلار ئادەمنىڭ نېرۋا سىستېمىسىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ. يېزا ـ قىشلاقلاردا دېھقانلار ئىشلىتىدىغان ھاشارەت دورىلىرى ۋە ئوت يوقاتقۇچى دورىلار قۇدۇقلارغا سىڭىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇنى بۇلغىماقتا.

## سۇ مەنبەسىنى تالىشىش جېڭى

سۇ مەنبەسىنىڭ يېتىشمەسلىكى ئوخشاش بىر سۇ مەنبەسىدىن تەڭ بەھرىلىنىدىغان دۆلەتلەر ئوتتۇرىسىدا توقۇنۇش پەيدا قىلدى. دۇنيا نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى ۋە ھاۋا كىلىماتىنىڭ قۇرغاقلىشىش نەتىجىسىدە، بۇ خىل ۋەزىيەت تېخىمۇ كەسكىنلەشمەكتە. ئۇ ئاللىقاچان تۈركىيە ۋە قوشنا دۆلەت ئىراق ھەمدە سۈرىيەگە ئېغىر مەسىلە ئېلىپ كەلدى. سۈرىيەنىڭ ئاھالىلىرى ئاساسلىقى بۇ دۆلەتنىڭ غەربىي قىسمىغا ئولتۇراقلاشقان، چۈنكى شەرقتە سۈرىيە چۆللۈكى بار. سۈرىيە تۈركىيەگە تايىنىپ ئېفرات دەرياسىدىن سۇ ئالىدۇ. بۇ دەريانىڭ ئوتتۇرا ئېقىنى بۇ ئىككى دۆلەتنى كېسىپ ئۆتىدۇ. قۇرغاقچىلىق يىللىرىدا، مەسىلەن: 2000-يىلى تۈركىيەدە سۇ يېتىشمىدى. سۈرىيە سەۋەبىنى تۈركىيەنىڭ ئېفرات دەرياسى قىرغىقىغا توسما ياسىمىغانلىقىغا ئارتىپ قويغان. سۈرىيە ئېفرات دەرياسىدىن سۇ ئېلىش ئېچىقى ياساشنى پىلانلاپ دەريا سۈيىنىڭ ھەممىسىنىڭ ئىراق زېمىنىغا كىرىپ كېتىشىنى توسۇشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بۇنداق بولغاندا بۇ رايوندا سۇ كىرىزىسى تۈپەيلىدىن توقۇنۇش يۈز بېرىشى مۇمكىن.

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

## سۇ بايلىقى قىسلىقىنى ھەل قىلىش

دۇنيادىكى سۇنىڭ 98%تۇزلۇق سۇ، بىۋاستە ئىستېمال قىلىشقا بولمايدۇ. بەزى كىلىماتى قۇرغاق دۆلەتلەر،

مەسلەن: ئاۋستراليە، هازىر دېڭىز سۈيىنى تاتلىقلاشتۇرۇش زاۋۇتى قۇرماقتا. بۇ زاۋۇتلار تۈزلۈق سۇنى تاتلىق سۇغا ئايلاندۇرىدۇ. سىنگاپور سۇدىن قايتا پايدىلىنىپ، تۈزلۈق سۇنى دىستىللەنگەن سۇغا ئايلاندۇرۇپ ئىستېمال قىلماقتا. بۇ ناھايىتى ئەرزان، پەقەت ئادەتتىكى دېڭىز سۈيىنى تاتلىقلاشتۇرۇش زاۋۇتىنىڭ 3/1 چىلىك ئېنېرگىيە كېتىدۇ.



ئاۋستىرالىيەنىڭ بەزى جايلىرىدا سۇ ئېغىر كەمچىل. بۇ رەسىمدىكى دېڭىز سۈيىنى تاتلىقلاشتۇرۇش زاۋۇتى، بۇ بەلكىم سۇ يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇلدۇر.



تۈركىيە ئاتا تۈرك توغىنىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ، بۇ توغان ئاناتولىيەنىڭ شەرقىي جەنۇبىي رايونلىرىنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ. ئىراق ۋە سۈرىيەدە مۇشۇ توغان سەۋەبلىك سۇ يېتىشمەسلىكى مۇمكىن.

## تازىلىق ۋە سالامەتلىك

نوپۇس بېسىمى يېزا ۋە شەھەرلەرگە مۇھىت تازىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



مەسلىسى ئېلىپ كەلدى. ھەر يىلى تەخمىنەن 60مىليون بوۋاق تازلىق شارائىتى ياكى تۇرۇبا سۈيى كەم ئائىلىلەردە تۇغۇلىدۇ. ناچار تازلىق شارائىتى ۋە پاكىز سۇ مەنبەسى يېتىشمەسلىكى سەۋەبىدىن كېسەل پەيدا بولىدۇ. مەسىلەن: ئىچى سۈرۈش، بۇ يەنە ئادەم بەدىنىنى سۇسىزلاندۇرىدۇ، بۇ ھال بەش ياشتىن تۆۋەن باللارنىڭ ئىككىنچى چوڭ قاتىلىدۇر.

## تازىلانمىغان مەينەت سۇ سالامەتلىككە زىيانلىق

سانائەتنىڭ ئىلگىرىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سۇنىڭ بۇلغىنىشى كۆنسايىن ئېغىرلىشىۋاتىدۇ، بۇ دۇنيا خاراكتېرلىك مۇھىتنى تۆزەشتىكى بىرىنچى دەرىجىلىك قىيىن مەسىلىسىگە ئايلاندى. شەھەرلەردىكى بىرتەرەپ قىلىنمىغان سۇلار سالامەتلىككە زىيانلىق بولۇپ، نۇرغۇن كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ. مەسىلەن: كېزىك. يېزىلاردىكى نامرات دېھقانلارنىڭ ئەۋرەز يوللىرىنى ياساشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئەۋرەز سۇلىرىنى ئېتىزلارغا قويۇۋەتمەكتە.

## ناپولىدىكى «ئەخلەت كرىزىسى»

قىستا-قىستاڭ شەھەر چىقىرىدىغان ئەخلەتلەر كۆپ بولىدۇ. 2008-يىلى ئىتالىيەنىڭ ناپولى كوچىسى دۆۋە-دۆۋە ئەخلەتلەر بىلەن تولغان. ئەخلەتخانىلار تولۇپ كېتىپ، يېڭىدىن چىقىرىلىۋاتقان ئەخلەتلەرنى قانداق بىرتەرەپ قىلىش قىيىن بىر مەسىلىگە ئايلاندى. ئەخلەتلەر ھەر كوچا دوقمۇشىدا تاغدەك دۆۋلىنىپ كەتكەن بولۇپ، ھاۋا ئىسسىق كۈنلەردە ئەخلەتلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتۈش تولىمۇ تەس ئىدى. ناپولى مۇشۇنداق ئەخلەت كرىزىسىگە دۇچ كەلدى، تەلىيىگە

يارىشا گېرمانىيە ياردەم قولىنى سۇنۇپ، بۇ ئەخلەتلەرنى يۆتكەشكە قوشۇلدى.

## ئەخلەت مەيدانى كېسەللىكنىڭ ئۇۋىسى

ئەخلەت كېسەل، زىيانداش هاشارەت ۋە زەھەرلىك بۇلغانمىلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. ئەخلەتنى كۆيدۈرگەندە زەھەرلىك گاز چىقىدۇ. تەرەققىي قىلمىغان ئەللەردە نۇرغۇن ئاھالىلەر ئەخلەتخانىنىڭ ئەتراپىغا ئولتۇراقلاشقان. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ بىردىنبىر تۇرمۇش يولى ئەخلەت دۆۋىسىدىن كېرەكسىز نەرسىلەرنى تېپىپ چىقىپ سېتىش.

## ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ!

دۇنيادا ھەر سېكۇنتتا يەتتە بوۋاق ئىچى سۈرۈش سەۋەبىدىن چاچراپ كېتىدۇ، بۇلغانغان ئىچىملىك سۇ ۋە ئوزۇقلۇق يېتىشمەسلىك باش جىنايەتچىدۇر.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

### ئەددىس ـ ئەبېبە

قىستا ـ قىستاڭ شەھەر ئەددىس ـ ئەبېبە ئېفىيوپىيەنىڭ پايتەختى. بۇ قىستا ـ قىستاڭ شەھەرگە پاكىز رايونلار سېلىنماقتا. بۇ رايونلاردا سۇ تۇرۇبىسى ،ھاجەتخانا ،مۇنچا ۋە كىر يۇيۇش ئورنى قاتارلىقلار سېلىنغان. بۇ پاكىز رايونلار يەرلىك خەلقنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلىدى، ئىلگىرىكىدەك نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ سۇ توشۇمايدىغان بولدى، خانىم ـ قىزلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com





سىرتتىقا چىقىپ خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن ۋاقىت چىقىرالايدىغان بولدى.

بۇ ئېفىيوپىيەلىكلەر ئەددىس ـ ئەبېبەدە پاكىز رايون قۇرماقتا.




ئىتالىيەدىكى نابىلىس شەھىرىنىڭ كوچىلىرىدا ئەخلەتلەر دۆۋىلىنىپ كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر زىيان سالدى.

## ئولتۇراقلىشىش قىزىق نۇقتىغا ئايلاندى

يەر شارى مىقياسىدا 600مىلىيون كىشى قىستا ـ قىستاڭ شەھەرلەردىكى ناچار تۇرالغۇلاردا ياشايدۇ. بېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ پەرزەنتى كۆپ، 1مىلياردتىن ئارتۇق ئاھالە قىستاڭ ئۆيلەردە تۇرۇدۇ. ناچار تۇرالغۇ شارائىتى نەپەس يوللىرى ياللۇغى، ئىچى سۈرۈش ھەمدە ھەرخىل روھىي كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان. زىيادە زىچ جايلاشقان تۇرالغۇلار بىر قاتار ئىجتىمائىي مەسىلىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. مەسىلەن: جىنايەت ئۆتكۈزۈش، بولۇپمۇ ياش ـ ئۆسمۈرلەرنىڭ جىنايەت ئۆتكۈزۈشى. تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە تۇرالغۇلار ناھايىتى قىممەت، كىشىلەر تاپقان پۇلنىڭ كۆ قىسمىنى ئۆي سېتىۋېلىشقا خەجلەيدۇ، ئاز بىر قىسمىنى يېمەكلىك ۋە

ئىسسىنىش قاتارلىق زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرى ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ.

## خەتەردە قالغان تۇرالغۇ

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە، شەھەرلەردىكى ھەر يۇرۇش تۇرالغۇدا ئالتىدىن ـ يەتتىگىچە ئادەم ئولتۇراقلاشقان. بۇ ئۆيلەرنىڭ كۆپ قىسمى پەقەت بىر ئېغىزلا. كىشىلەر ئاليومىن، سۇلياۋ ۋە قاتتىق قەغەز تاختايلاردىن پايدىلىنىپ، پاناھ جاي ياسىغان. ئۇلارنىڭ يەنە بەزىلىرى ئەسكى ماشىنىلارنىڭ ۋاگونلىرىنى تۇرالغۇ قىلماقتا. يېزىلاردا نوپۇسى كۆپ ئائىلىلەرنىڭ ئۆي سېلىشقا يېتەرلىك پۇلى يوق، باللىرىغا يېڭى ئۆيلەرنى سېلىپ بېرىشكىمۇ يېتەرلىك يەر يوق.

## تۇرالغۇنى ھەل قىلىشنىڭ يېڭى ئۇسۇلى

شال پاخىلى، پۇختا ئىشلەنگەن بىرىزېنت، تاش، خىش، لاي ھەمدە ئىزچىل ئىشلەتكىلى بولىدىغان ياغاچتىن ياسالغان كېشەك قاتارلىقلارنى ئىشلىتىپ، تۇرالغۇ مەسىلىسىنى ھەل قىلىش مۇمكىن. ھىندىستاننىڭ جەنۇبىدا ئولتۇراق ئۆي قۇرۇلۇشىدا يېڭى لايىھە ئىشلەتتى، بۇ لايىھە بوشلۇق ۋە ماتېرىيالنى تېجىدى. خىشتىن سېلىنغان ئۆگزىسى يېرىم چەمبەر شەكىللىك ئۆيلەر ناھايىتى پۇختا بولۇپ، تۆمۈر چۈۋۇق ئىشلىتىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئامېرىكىنىڭ كولۇمبىيە ئىشتاتىدىكى بوگدا ئاسمىنىدا پەلەك بىلەن بوي تالاشقان بىنالار. بىراق بوگدانىڭ جەنۇبىي رايون ئەتراپى نامراتلار رايونىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## نەق مەيدان خاتىرىسى

### كېنىيە ماتالى



نۇرغۇن كېنىيەلىكلەر نايروبى شەھەر ئەتراپىدىكى ماتالىغا ئوخشاش كىچىك كەنتلەردە تۇرىدۇ.



ماتالى كېنىيەدىكى نايروبىنىڭ چەت ياقىسىدىكى بىر كەنت. بۇ يەر 500 مىڭ نوپۇسنىڭ ماكانىدۇر، ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ئىنتايىن ناچار. ماتالى ئاساسىي قاتلىمى ياش- ئۆسمۈرلەرنى مائارىپ، تېخنىكا، ئىقتىدار ۋە تەنتەربىيە قاتارلىقلاردىن پايدىلىنىپ تەشكىللەپ، ياشلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ. بۇ خىل تەشكىللەش جىنايەت ئۆتكۈزۈشنى ئازايتىدۇ، ياش- ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن تېخىمۇ كۆپ پۇرسەت يارىتىدۇ. ئۇلاردىكى شوئار«يىلتىزىدىن مېۋىسىگە قەدەر».

## نوپۇس ئېنېرگىيەگە بېسىم ئېلىپ كەلمەكتە

كۈنسايىن زورىيىۋاتقان يەر شارى نوپۇسى دۇنيا

ئېنېرگىيەسىگە غايەت زور مەسىلە ئېلىپ كەلدى. خىتتاي باشقا دۆلەتلەرگە قارىغاندا ئېنېرگىيەنى ئەڭ كۆپ سەرپ قىلىدۇ. ئامېرىكىلىقلارنىڭ كىشى بېشىغا ئوتتۇرىچە خورىتىدىغان ئېنېرگىيەسى باشقا ئەللەرگە قارىغاندا كۆپ. 2030-يىلىغا بارغاندا نوپۇسىنىڭ كۈندىن-كۈنگە كۆپىيىش ۋە ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بىرازىلىيە، خىتتاي، ھىندىستان قاتارلىق ئەللەرنىڭ ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجى يەنە بىر ھەسسە ئاشىدۇ.

## ئېنېرگىيە ئاز، ئادەم كۆپ ۋەزىيەت

دۇنيا نوپۇسى ئۈزلۈكسىز زورايماقتا، ئەمما ئېنېرگىيە مەنبەسى نوپۇس بىلەن تەتۈر تاناسىپ تۈزۈپ كۈنسايىن ئازلىماقتا. نېفىت ۋە تەبىئىي گاز قاتارلىق يېقىلغۇلارنى ئىزدەپ تېپىش تەس، ئېلىش تەننەرخىمۇ ناھايىتى يۇقىرى. 2008-يىلى مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كېتىش سەۋەبىدىن ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخى ئۆسۈپ كەتتى. ئاشلىقنىڭ باھاسى يۇقىرىلاپ، دۇنيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە توپىلاڭ يۈز بەردى.

## ئېنېرگىيەدە تۇرامدۇق ياكى مۇھىت بۇلغىنىشتىمۇ ؟

ئىنسانلارنىڭ ئاپتوموبىللىرى چىقارغان كېرەكسىز گازلار يەرشارىنى بۇلغىماقتا. كىشىلەر ئىسسىنىش ئۈچۈن ئېنېرگىيەنى بەك كۆپ سەرپ قىلىۋەتتى. ئاتموسفېرادىكى كاربون گازلىرى يەر شارىنى ئىسسىتىپ، كىلىمات ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چىقاردى. بۇ خىل ھادىسە يەر شارى نوپۇسىنىڭ ئارتىشىغا ئەگىشىپ داۋاملىشىدۇ.

## ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ يولى

شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيەسى كەلگۈسىدىكى ئېنېرگىيە مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىشتىكى ئۇسۇل. ئېنېرگىيەنى قانچە ئاز ئىشلىتىش ئەڭ ياخشى ئۇسۇلدۇر. نوپۇس جىق شەھەرلەردىكى ئولتۇراق ئۆيلەردە ئېنېرگىيەنى ئىنتايىن ئاز ئىشلەتتى، ھەتتاكى ئىشلەتمىدى. قۇياش قېلىن ئەينەك پارچىسى ئارقىلىق ئۆيلەرنى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلىدى. قۇياش ئېنېرگىيەسى باتارېيە تاختىسى ئارقىلىق ئىسسىق سۇ مەسىلىسى ھەل قىلىندى. ئايلانما تۇرخۇن ئارقىلىق سىرتتىكى پاكىز ھاۋانى ئۆيگە تارتىپ ئۆي ئىچىدىكى بۇلغانغان ھاۋانى سىرتقا چىقاردى.

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

### قۇياش ئوچىقى ئورمانلارنى قۇتقۇزدى

نۆۋەتتە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېزىلاردا، دېھقانلارنىڭ ئوتۇن تېپىشى بارغانسېرى تەسلەشمەكتە ھەمدە ۋاقتىمۇ بارغانسېرى كۆپ كېتىدىغان بولدى. ئوتۇن قالاش يەرگە ياكى ئېنېرگىيەنىڭ ئىزچىل ئىشلىتىلىشىگە پايدىسىز. بولىۋىيە، كېنىيە، سومالى ۋە سۇدان قاتارلىق دۆلەتلەردە قۇياش ئوچىقى ئوتۇن قالايدىغان ئوچاقنىڭ ئورنىنى تەدرىجىي ئىگىلەشكە باشلىدى. قۇياش ئوچىقى قۇياش

رادىئاتسىيەسىدىن پايدىلىنىپ، ئىسسىقلىق يىغىدىغان ئۈسكۈنە بولۇپ، ئۇ ھېچقانداق يېقىلغۇنى كۆيدۈرمەيلا قالماي، بەلكى ھېچقانداق بۇلغىنىش يوق، يەنە 30% ئورماننى قۇتقۇزۇپ قالىدۇ.



قوياش ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ، تاماق پىشۇرۇۋاتقان قوياش ئوچاقلىرى



ئامېرىكىنىڭ لوس-ئانژېلىسنىڭ ھاۋاسى ئىنتايىن بۇلغانغان بولۇپ، پۈتكۈل شەھەرنى تۇمان قاپلىغان. مانا بۇ قاتناش قوراللىرى قويۇپ بەرگەن ئىسنىڭ ئاقىۋىتى.

## نوپۇس بېسىمى ئىشقا ئورۇنلىشىشنى قىيىنلاشتۇردى

ھازىر شەھەر ۋە بازارلار ئادەم دېڭىزىغا ئايلاندى. ئۇلار خىزمەت ئىزدىمەكتە. نۇرغۇن تەرەققىي تاپقان ئەللەردە، ئىش تاپالمايۋاتقانلار ئاساسلىقى يېزىلاردىن كەلگەن بولۇپ، يېزىلاردا پۇل تاپىدىغان ھېچبىر يول يوق. شەھەرلەرگە ئاققان بۇ كىشىلەر«ئەرزىمەس» ئادەملەر دەپ ئاتالماقتا. بۇ يوشۇرۇن ئەمگەك قوشۇننى ھېچكىم تەربىيەلىمىگەن ۋە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىمىگەن. ئۇلار قىلغىلى بولىدىغانلىكى ئىشنىڭ ھەرقاندىقىنى قىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## باللار ئۆستىگە ئىشلەشكە مەجبۇر

پۈتۈن دۇنيا مىقياسىدا تەخمىنەن 200 مىليون 460 مىڭدىن ئارتۇق ئۆسمۈر ئىشلەپ، ئائىلىسىنى بېقىش ئۈچۈن ياردەملەشمەكتە. بۇ بالا ئىشچىلارنىڭ تەخمىنەن 70% نامرات يېزىلاردا ئىشلەيدۇ. ئۇلار دائىم توپا ـ تۇمانغا تولغان كان قۇدۇقلىرى ۋە تاش كانلىرىدا ئىشلەيدۇ. يەنە بەزىلىرى چوڭ تىپتىكى سانائەت خاراكتېرلىك دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا، كۈنىگە 12 سائەتتىن ئارتۇق ئىشلەشكە مەجبۇر بولۇۋاتىدۇ. ئۇلار ناچار خىزمەت شارائىتىدا ئىشلەيدۇ، بالا ئىشچىلار ھاشارەت ئۆلتۈرگۈچ، ئوت ـ چۆپ يوقاتقۇچ قاتارلىق بەدەنگە زىيانلىق دورىلارنىڭ خەۋپىگە دۇچ كېلىۋاتىدۇ. شەھەرلەردە بولسا، بالا ئىشچىلار چوڭ تىپتىكى زاۋۇت، كان ـ كارخانىلاردا؛ يەنە بەزىلىرى تازىلىقچى، بەزىلىرى بولسا ئۇششاق تىجارەت قىلىدۇ.

## يېزا رايونلىرىدىن سىرتقا چىقىپ مەدىكارچىلىق قىلىش قىزغىنلىقىنى توسۇش

نۇرغۇن ھۆكۈمەت ۋە ياردەم ئورگانلىرى يېزىلاردا بايلىق يارىتىش ئۈچۈن تىرىشماقتا، ئۇلار بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قىستاڭ شەھەرلەرگە ئېقىشىنى توسۇشنى ئۈمىد قىلىدى. بۇ نۇرغۇنلىغان ئائىلىلەرنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا تاقابىل تۇرۇپ، باللىرىنى سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە مەجبۇر قىلماسلىق ئۈچۈن پايدىلىق. بەزى دۆلەتلەردە ئاز سوممىلىق قەرز بېرىش توختامى ۋە ئاساسىي مالىيە تەكلىپى ئارقىلىق يېزىلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىگىلىك تىكلىشى ئۈچۈن ياردەم قىلماقتا. ھەمكارلىق كوپېراتىپى ۋە

ئادىل سودا تەشكىلاتى دېھقانلارنىڭ ئېشىنچا ئاشلىقنى سېتىش كىچىك تىپتىكى زاۋۇتلارنى قۇرۇشقا ياردەم بەرمەكتە.



بۇ بالا تۈركىيەدىكى بىر پورتتا تاتلىق تۈرۈم ساتماقتا. خۇددى باشقا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىكى نامرات ئائىلىلەردىن كەلگەن بالىلارغا ئوخشاش بۇ بالمۇ ئىشلەپ ئائىلىسىنى بېقىشقا ياردەم قىلىشى كېرەك.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## فىلىپپىن

فىلىپپىندىكى بىر بازار ۋە شەھەر كوچىلىرىدا تىجارەت قىلىدىغان ۋە تىلەمچىلىك قىلىدىغان بالىلار «كوچا بالىلىرى» دەپ ئاتىلىدۇ. نۆۋەتتە تەخمىنەن 1مىليون 500مىڭدىن كۆپرەك ئۆسمۈر كوچىلاردا تىجارەت قىلىدۇ. بۇ بالىلارنىڭ تەخمىنەن 75% تىنىڭ كوچا بويىدا ئۆيى يوق. ئۇلار ئىشتىن چۈشۈپ ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، ئۆيدىكىلەر ئۇلارنىڭ تاپقان پۇلى ئارقىلىق تۇرمۇشىنى قامدايدۇ. بۇ بالىلار يەنىلا بەختلىك سانىلىدۇ. قالغان 25% بالا ماكانسىز. ئۇلارنىڭ تۇرالغۇ شارائىتى ئىنتايىن ناچار بولۇپ، نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى تۇغدۇرىدۇ. مەسىلەن: كېسەل، خورلىنىش ياكى زورلىنىش ياكى زوراۋانلىق.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



فىلىپپىن كوچىلىرىدا ئەمدىلا ئۈچ ياشقا كىرگەن باللارنىڭ خىزمەت قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇچرىتىسىز، بۇ بالا بىر كوچىدىكى يايمىدا مېۋە ساتماقتا.



## داۋالاش ساقلىقنى ساقلاش شارائىتى تولىمۇ ناچار

دۇنيادىكى ئەڭ نامرات ئادەممۇ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ كېسەل بولۇپ قىلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆپ باللىق بولىدۇ. بۇنداق زىيادە قىستاڭ ياشاش شارائىتى كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە يوشۇرۇن خەۋپنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. بۇ خىل دەۋرىيلىنىشنى بۇزماق ئىنتايىن مۈشكۈلدۇر.

## نوپۇس ۋە كېسەللىك

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە نۇرغۇن ئادەملەر يۇقۇملۇق كېسەل سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلماقتا. مەسىلەن: ئۆپكە تۇبېركىليوز ۋە بەزگەك. نوپۇس زىيادە كۆپ رايونلاردا نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئۆپكە ياللۇغى سەۋەبلىك قازا قىلىدى. ناچار تۇرالغۇدا ئىسسىنىش ۋە ھاۋا ئالماشتۇرۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچارلىقى بۇنداق كېسەلگە گىرىپتار بولۇشىنىڭ سەۋەبلىرىدىندۇر. بۇنداق كېسەللىكلەرنى داۋالىغىلى ۋە ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ، بىراق نوپۇس زىيادە كۆپ بولغاچقا ئەدەپ كەتمەكتە.

## كەلكۈن ۋە كېسەللىك

تەبئىي ئاپەت، بولۇپمۇ كەلكۈن نوپۇس كۆپ دۆلەتتە ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە ئېغىر تەسىر كۆرسەتمەكتە، مەسىلەن: بېنگال. ھەريىلى كەلكۈن يۈزلىنى يەر يۈزىگە ئېقىپ چىقىپ خولېرا، تولغاق قاتارلىق كېسەللىكلەرنى پەيدا قىلىدۇ. كەلكۈن مەزگىلى يېتىپ كەلگەندە، ھۆكۈمەت تالاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە پاكىز سۇ تارقىتىپ، ئۇلارنىڭ يۇقۇملىنىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

ئۇزۇن داتلاشماس پولات تۇرۇبىلارنى قۇدۇققا بېكىتىپ، پاكىز سۇنى كىشىلەرگە يەتكۈزۈپ بېرىدۇ.

## داۋالىنىش چىقىمى بېسىمى

نامراتلار داۋالىنىش چىقىمنى تۆلىيەلمەيدۇ. ھىندىستاننىڭ بېزا ـ قىشلاقلىرىدىكى نۇرغۇن ئائىللەر داۋالىنىش چىقىمنى تۆلەشكە قۇربى يەتمىگەنلىكتىن، سەكراتقا چۈشمەكتە. دېھقانلار يەر ـ زېمىننى سېتىپ داۋالىنىش چىقىمنى تۆلەشكە مەجبۇر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ باللىرى مەدىكارلىق قىلىپ، قەرز قايتۇرۇش ۋە ئۆينى بېقىشقا ياردەملىششى مۇمكىن.

پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى نوپۇسنىڭ كۆپىيىشىنى تىزگىنلەيدۇ:

## قوللامسىز، ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

نوپۇسنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپىيىشىنى تىزگىنلەش

ئۈچۈن خىتتاي پىلانلىق تۇغۇت سىياسىتى يۈرگۈزدى.




قوللايمەن: نۆۋەتتە يەرشارى نوپۇسى ئىنتايىن كۆپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بىردىن ئوشۇق پەرزەنت كۆرۈشى مەسئۇلىيەتسىزلىك. بىز ھەر بىر بالىنى قانداق باقىمىز، ئۇلار نەدە تۇرىدۇ؟ كەلگۈسىدە ئۇلار قانداق ياشايدۇ؟

قارشى تۇرىمەن: ئاتا ـ ئانىلار نەچچە پەرزەنتلىك بولۇشنى ئۆزلىرى بەلگىلىشى كېرەك. ھۆكۈمەت كىشىلەرنىڭ بۇ خىل قارارىغا ئارىلاشماسلىقى كېرەك. شۇنداق بولغاندا ئاتا ـ ئانىلار ئۆز ئەھۋالىغا يارىشا نەچچە بالىلىق بولۇشنى بەلگىلەيدۇ.

## ئۇرۇش ئىنسانلارغا ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ

ئىنسانلار پەيدا بولغاندىن بۇيان، ئۇرۇش توختاپ قالغىنى يوق. قەبىلىلەر ئۇرۇشىدا ھايۋانلارنىڭ سۆڭىكىنى قورال قىلىپ ئۇرۇش قىلغان بولسا، قوراللار تەرەققىي قىلىپ بىرىنچى جاھان ئۇرۇشىدا مىلتىق، گرانات، توپ قاتارلىق قوراللارنى ئىشلەتتى. ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدا ئۇرۇش يەنىمۇ تەرەققىي قىلىپ ئايروپىلان، باشقۇرۇلىدىغان بومبا، سۇ ئاستى كېمىسى قاتارلىقلارنى ئىشلەتتى، دېڭىز، قۇرۇقلۇق، ھاۋا ئارمىيەلىرى بىر گەۋدىلەشتى. ئۇرۇشنىڭ دائىرىسى ۋە بۇزغۇنچىلىق خارەكتېرىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى.

ئۇرۇش ۋە توقۇنۇش ئىنسانلارنى يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىپ، قوشنا ئەللەردە سەرگەردان بولۇشقا مەجبۇر قىلدى. بۇ مۇساپىرلار نوپۇس كۆپىيىشىگە بېسىم ئېلىپ كەلدى، نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادا 35 مىليون مۇساپىر بار.

## كىشىلەر قىستا ـ قىستاڭ لاگېردىن قاچىدۇ

ئۇرۇش ئىنسانلارغا بالايىئاپەت ئېلىپ كەلدى. ئۇرۇش رايونلىرىدا كىشىلەرنىڭ باشقا جايلارغا كۆچۈشى چەكلەنگەنگە، چارۋىچىلىق تەسىرگە ئۇچرايدۇ. چارۋىچىلار چارۋىلىرىنى ئەڭ ياخشى ئوتلاقلارغا ئاپىرىشقا ئامالسىز قالىدۇ. كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ ھۇجۇمىدىن ئەنسىرەپ دېھقانچىلىق قىلىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدۇ، نەتىجىدە ئۇلار بارغانسېرى نامراتلىشىپ، يەر ۋە چارۋىلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر ئاخىرى سەرگەردان بولۇپ ،مۇساپىرلار لاگېرىغا كېتىدۇ ـ دە، ئاشلىق ۋە سۇ يېتىشمەسلىك بېسىمىغا ئۇچرايدۇ.

## مۇساپىرلار ئىشقا ئورۇنلىشىش بېسىمىنى ئېغىرلىتىۋېتىدۇ

مۇساپىرلارنىڭ خىزمەتكە ئورۇنلىشىش پۇرسىتى تولىمۇ تۆۋەن، مەسىلەن، ئوتتۇرا شەرقتىكى لىۋىيە نەچچە يۈزمىڭ پەلەستىنلىك مۇساپىرلارنى قوبۇل قىلدى. بىراق لىۋانلىقلارغا يېتەرلىك خىزمەت يوق. شۇڭا لىۋىيە ھۆكۈمىتى مۇساپىرلارنىڭ خىزمەت ئىزدىشىنى چەكلىدى. پەلەستىنلىك مۇساپىرلار پەقەت قايناق بازارلاردا سودا ۋە مۇلازىمەتچىلىك قىلسا بولىدۇ. مەسىلەن: كىيىم تىكىش دۇكىنى دېگەندەك.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



2000 ـ يىلى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ مۇساپىرلار قوشۇنى پەلەستىنلىك مۇساپىرلار.

سۇدان 4 مىليون 500 مىڭ مۇساپىرنى قوبۇل قىلدى. بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق دۆلەت قوبۇل قىلغان مۇساپىرلاردىن كۆپ. (2008 ـ يىلىغا قەدەر)



ئالتاق مۇساپىرلار لاگېرى ئىراق بىلەن سۇرىيە چېگراسىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇ مۇساپىرلار لاگېرى ئۆي ـ ماكانسىز پەلەستىنلىكلەرنى قوبۇل قىلىدۇ.

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

### زىمبابۋې

ئافرىقىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى زىمبابۋې ئىلگىرى بىر گۈللەنگەن، ئاشلىقتا ئۆز ـ ئۆزىنى تەمىنلىيەلەيدىغان دۆلەت ئىدى. ھازىر سىياسىي كۆرەش قايىنمىغا پاتتى. ئاز دېگەندە 3 مىليون مۇساپىر قوشنىسى جەنۇبىي ئافرىقىغا قاچتى. جەنۇبىي ئافرىقا ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئەڭ باي دۆلەت تەخمىنەن 50% ئادەمنىڭ خىزمىتى يوق. چوڭ شەھەر ـ بازارلار ئارىسىدا ئېنېرگىيە مەنبەسى تالىشىپ، توقۇنۇش بولۇپ تۇرىدۇ. 2008 ـ يىلى بىر قىسىم جەنۇبىي ئافرىقىلىقلار زىمبابۋېدىن كەلگەن مۇساپىرلارغا ھۇجۇم قىلدى. 2009 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىم يىلىدا يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلۇپ ئىقتىساد ياخشىلاندى،

تاۋار بلەن تەمنلەش يېتەرلك بولدى. دۇكانلاردا تاۋارلار لق تېزلدى، هەتتا يېراق يېزلاردكى كشلەرمۇ مال سېتۋالايدغان بولدى. بر خالتا ئۇننڭ باهاسى 2 دوللاردنمۇ تۆۋەن بولدى. بۇ مەهسۇلاتلارنڭ كۆپنچسى مۇشۇ دۆلەتتە ئشلەپچقرلدى.

جەنۇبي ئافرقدا، زمبابۋېدن كەلگەن مۇساپرلار چېركاۋ، مەهەللە پائاليەت مەركزى ياكى ساقچى ئدارلرنى ئارامگاه قلۋالدى.

## مائارپنى تەرەققي قلدۇرغاندلا نوپۇسنى مۇقملاشتۇرغلى بولدۇ

نوپۇسنڭ زيادە كۆپلۈكى نۇرغۇن مەسلىلەرنى پەيدا قلدۇ، بۇ مەسلىلەردن ساقلنشنڭ ئەڭ ياخشى چارسى كشلەرگە مائارپنى قوبۇل قلدۇرۇش، براق بۇ ئاسان ئش ئەمەس. كۆپلگەن تەرەققي قلغان ئەللەردە نوپۇس ئنتاين كۆپ، هەممە ئادەمگە مائارپ پۇرستى بېرش ئنتاين مۇشكۇل.

## چوڭلار مائارپى نوپۇس بېسمنى يەڭگللتدۇ

مائارپ ئاتا-ئانلارغا ياخشى تۇرمۇش شارائتى يارتدۇ. باللارنڭ ساغلاملقى ئېرشش پۇرستمۇ كۆپ بولدۇ، باللارنڭ ساغلام ئۆسۈپ-يېتلشى ئۈچۈن ئاتا-ئانلار ئاز پەرزەنتلك بولۇشى كېرەك. مائارپنڭ رولى ئككى، برى: كشلەرنى ياخشى خزمەت شارائتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بىلەن تەمىنلەش، ئىككىنچىسى: كىشىلەرنىڭ تىجارەت بىلەن بايلىق يارىتىشىغا ياردەم بېرىش. تەربىيە كۆرگەن ئادەم يەر تېرىپ جان باقمىسىمۇ بولىدۇ، ئۇنداق ئادەملەر كۆپ پۇل تاپالايدۇ، ھەر كۈنى نەچچە يۈەن تاپىدىغان كۈنلىرىگە خاتىمە بېرىدۇ.

## مائارىپ قوبۇل قىلغان ئاياللار

ئاياللار مائارىپنى قوبۇل قىلسا، پەرزەنتىنى قانداق تەربىيەلەشنى ئۆگىنىدۇ. ئىككى يىللىق دەسلەپكى مائارىپ بوۋاقلارنىڭ ئۆلۈش نىسبىتىنى روشەن تۆۋەنلىتىدۇ. ئاتا-ئانىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ ھايات قېلىشىغا بولغان ئىشەنچىسى تولىمۇ كۈچلۈك بولىدۇ، ئۇلارمۇ پەرزەنتلىرىنىڭ مائارىپ قوبۇل قىلىشىنى چىن قەلبىدىن ئۈمىد قىلىدۇ.

## تىجارەت ۋە مائارىپ

مائارىپ قوبۇل قىلغان ئاياللار كىچىك تىجارەتچىلەرنى قىلالايدۇ. ئۇلار ئېشىنچا پۇللىرىنى بالىلىرىنى ئوقۇتۇشقا ئىشلىتىدۇ. بۇ ئاياللار ياشاش ئىقتىدارى يوق ئائىلىنى ئەمەس، بەلكى ئىللىق، مائارىپ قوبۇل قىلغان ئائىلە قۇرۇشنى ئويلايدۇ. بىراق نۇرغۇنلىغان قىزچاقلارنىڭ كۆپ ۋاقتى سۇ توشۇش دېگەندەك ئۆي ئىشلىرى بىلەن كېتىۋاتىدۇ، گەرچە ئۇلار ئوقۇش يېشىدا بولسىمۇ. ئەمەلىيەتتە ئەگەر سۇ مەنبەسى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولسا، 11% قىز بالىلار مەكتەپتە ئوقۇيالايدۇ.

## مائارىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرىدۇ

مائارىپ تەرەققىي قىلسا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى كۆپىيىدۇ؛ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىقتىدارى ئۆسىدۇ. ئەگەر بىر ئادەم كەسپىي مائارىپنى ياخشى قوبۇل قىلغان بولسا، خىزمەتتىن ئىلگىرى ئاتا-ئانىسى تۇرمۇش خىراجىتى ۋە مائارىپ خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالغان بولسا، خىزمەتكە چىققاندىن كېيىن يۇقىرى كىرىملىك ئەقلىي ئەمگەك بىلەن شۇغۇللىنىدۇ، گەرچە ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى كەسپىي مائارىپنى قوبۇل قىلمىغان ئادەمدىن كېيىنرەك بولسىمۇ، بىراق كىرىمى يۇقىرى بولىدۇ. خىزمەت يىل چېكى كەسپىي مائارىپ قوبۇل قىلغۇچىدىن يۇقىرى بولىدۇ.

خىزمەت كىرىمى خىزمەتكە چىقىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇش ۋە مائارىپ خىراجىتىنى قايتۇرۇپلا قالماستىن، يەنە قېرىغاندا بېقىنىش، داۋالىنىش سۇغۇرتىلىرىنى تۆلىيەلەيدۇ، باج تاپشۇرىدۇ، جەمئىيەت ئۈچۈن خىزمەت قىلالايدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## تايلاند



بولىۋىيەدىكى لاباس چوڭلار مائارىپى سىنىپى ئېچىپ، كىشىلەرنىڭ ساۋاتىنى چىقاردى.

هازىر تايلاندتا ئوغۇل ۋە قىزلارنىڭ مائارىپ قوبۇل قىلىش پۇرسىتى بار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيادىكى دۆلەت تايلاند نەچچە يىللار مابەينىدە قىزلارنىڭ تەربىيەلىنىشىگە ئىزچىل كۆڭۈل بۆلۈپ كەلدى. شۇڭا بۇ دۆلەتنىڭ نوپۇس كۆپىيىش نىسبىتى 1960-يىلدىكى 3.1% تىن 2008-يىلدىكى 0.64% كە تۆۋەنلىدى. نۆۋەتتە تايلاند دۇچ كەلگەن ئەڭ زور خىرىس، كىشىلەرنىڭ كېسەللىكتىن مۇداپىئەلىنىش ئېڭىنى ئۆستۈرۈش، مەسىلەن: ئادەم بەدىنىنىڭ ئىرىشمە ئىممۇنىتېت كەملىك كېسەلى(HIV )

## كۆپ نوپۇسقا ئېھتىياجلىق دۆلەت

30 يىلدىن بىرى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر نوپۇسىنىڭ تېزسۈرئەتتە كۆپىيىشىنى كونترول قىلغىلى بولمىدى. بىراق تەرەققىي قىلغان ئەللەر نوپۇسىنىڭ كۆپىيىشى بەك ئاستا بولدى، تەبىئىي كۆپىيىش نىسبىتى ئۆزلۈكسىز تۆۋەنلىدى. ھەتتا بەزى دۆلەتلەرنىڭ نوپۇسىدا مەنپىي سان كۆرۈلدى، شۇنىڭ بىلەن پۈتۈنلەي ئاشمايدىغان نوپۇس مەسىلىسى تۇغۇلدى.

ب د ت نىڭ سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا تەخمىنەن 75% تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر 2050-يىلىغا بارغاندا نوپۇس كەملىك مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدىكەن. ھازىر بىر قىسىم دۆلەتلەر بۇ مەسىلىگە دۇچ كېلىپ بولدى. بەزى دۆلەتلەردە ئوخشاش بولمىغان خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ياشلار ياكى باج تاپشۇرغۇچىلار يېتىشمەيۋاتىدۇ. كىشىلەر تاپشۇرغان باج دوختۇرخانا، مەكتەپ، قاتناش سىستېمىسى، جىددىي مۇلازىمەت قاتارلىق مۇلازىمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا باج كىرىمى يەنە ئارام ئېلىشقا چىققانلارنى

بېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ، بۇ ئارام ئېلىشقا چىققانلارنى باقىدىغان مەبلىغىدۇر.

## تۇرمۇش سەۋىيىسى

ئىككىنچى جاھان ئۇرۇشىدىن بۇرى ياۋروپالىق ئاتا ـ ئانىلار بىر، كۆپ بولغاندا ئىككى باللىقلار بولىدى. نۇرغۇنلىغان ئاز نوپۇسلۇق ئائىلىلەر كۆپ نوپۇسلۇق ئائىلىلەرگە قارىغاندا، يۇقىرى تۇرمۇش سەۋىيەسىدىن بەھرىمەن بولىدى. ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرى ئۈچۈن ياخشى مائارىپ ۋە كۆپ پۇرسەتلەر بېرەلىدى. بىراق ھالا بۇگۈنگە كەلگەندە، خىزمەت قىلىدىغان ئادەم يېتىشمىدى، باج كىرىمى دۆلەتنىڭ نورمال ئايلىنىشىنى قامدايدىغان كىرىم ئىدى.

## سالامەتلىك ئەھۋالىنىڭ ناچارلىشىشى نوپۇسنىڭ ئازىيىشىغا سەۋەب بولدى

بەزى دۆلەتلەردە داۋالىنىش شارائىتىنىڭ ناچارلىقى كىشىلەرنىڭ سالامەتلىكىگە تەھدىت سالماقتا. بەزى كىشىلەر ياش تۇرۇپلا كېسەل سەۋەبىدىن قازا قىلماقتا. شەرقىي ياۋروپادىكى نۇرغۇن دۆلەت ھۆكۈمەتلىرى داۋالىنىش ساقلىقنى ساقلاش چىقىمىنى ئۆستىگە ئالمايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ ئۆزۈن ياشىمىقى تەس. ئافرىقا قىتئەسىدىكى ئەڭ چوڭ مەسىلە ئەيدىز. ئۇنىڭ ئىككى خىل تىپى بار: HIV ـ 1 ۋە HIV ـ 2 بولۇپ، ئادەم بەدىنى ئەيدىز ۋىرۇسى بىلەن يۇقۇملىنىشتىن كېلىپ چىققان يۇقۇملۇق كېسەلدۇر. ئەيدىز كېسىلى ۋىرۇسىنىڭ ئادەم بەدىنىدىكى يوشۇرۇن مەزگىلى تەخمىنەن 9يىلدىن 10 يىلغىچە، ئەيدىز بىمارىغا تەرەققىي قىلىشتىن ئىلگىرى، بىمار نورمال كۆرۈنىدۇ، بىماردا ھېچقانداق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كېسەللىك ئەھۋالى كۆرۈلمەيدۇ، نورمال خىزمەت قىلىپ تۇرمۇش كەچۈرەلەيدۇ. 2007-يىلى ب د ت پۈتۈن دۇنيادا 33 مىليون ئەيدىز بارلىقىنى مۆلچەرلىدى. بۇ كىشىلەردىن 22 مىليون كىشى ئافرىقا قىتئەسىدىكى سەھرايى كەبىر چۆلىنىڭ جەنۇبىغا ئولتۇراقلاشقان.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ!

بەزى رايونلارنىڭ نوپۇسى سالماق قەدەم بىلەن تۆۋەنلىمەكتە. تۆۋەنلەش سەۋەبى تۆۋەندىكىچە (تىرناق ئىچىدىكى نوپۇس سانى مىليوننى بىرلىك قىلىدۇ)

- بېلورۇسىيە (9.7) تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن، بالدۇر ئۆلۈش
- چېخ (10.4) تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن
- بوتسۋانا (1.9) AIDS/VIH
- گېرمانىيە(82.2) تۇغۇلۇش نىسبىتى تۆۋەن.
- سۋازىلاند (1.1) AIDS/VIH

## قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

## ياقا يۇرتتىن كەلگەن ئىشچىلار

ياۋروپادىكى نۇرغۇنلىغان تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر مالىيە بىلەن رىغبەتلەندۈرۈش ۋە باللارنى ياخشى پەرۋىش

قىلىش ئارقىلىق، كىشىلەرنى كۆپرەك پەرزەنتلىك بولۇشقا قايىل قىلماقچى بولدى، لېكىن بۇ سىياسەتلەرمۇ ئانچە كارغا كەلمىدى، شۇڭا ئۇلار كۆچمەنلەرنى رىغبەتلەندۈردى. ئافرىقا ۋە ئاسىيا قىتئەلىرىدىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەر كەلدى. ئوخشاش بولمىغان دۆلەتلەرنىڭ مەدەنىيىتى شەھەر تۇرمۇشىنى تېخىمۇ ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلدى.

نۇرغۇنلىغان ئافرىقىلىقلار غەرب دۆلەتلىرىدە ئەمگەك كۈچلىرى قوشۇنىنى ھاسىل قىلدى.



ئافرىقا قىتئەسىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردىكى كىشىلەر يۇقۇملۇق كېسەل AIDS/HIV سەۋەبىدىن قازا قىلىدۇ.

## ھەرىكەتكە كېلەيلى !

2050 ـ يىلىغا بارغاندا پۈتۈن دۇنيا نوپۇسى 9 مىلياردقا يېتىدۇ، نۇرغۇنلىغان ساخاۋەت ۋە ياردەم تەشكىلاتلىرى بۇ كەلگۈسىدىكى كرىزىس دەپ قارىماقتا.

دۇنيا نوپۇسىنىڭ زىيادە كۆپ بولۇشىنىڭ كرىزىس ئىكەنلىكى ئېنىق، بىراق پۇرسەتمۇ مەۋجۇت. بىز نۆۋەتتە يېڭى تېخنىكىلارنىڭ ياردىمىدە قىممەتلىك يەرشارىمىزغا زىيان سالمايمىز، يېتەرلىك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرالايمىز، تۇرالغۇ، سۇ ۋە ئېنېرگىيە مەنبەسىنىمۇ ھەل قىلالايمىز. ھەممىمىز بۇ چۈشىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن ئورتاق تىرىشايلى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



## نوپۇس بەك كۆپ بولسا، مۇھىتنى بۇزىدۇ

نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيادىكى نوپۇسنىڭ ئۆزلۈكسىز كۆپىيىشى مۇھىتنىڭ بۇزۇلۇشىدا مەسئۇلىيىتى بار دەپ قارايدۇ. ئافرىقا قىتئەسىدىكى بەزى جايلاردا دېھقانلار ئوت ـ چۆپلەرگە ئوت قويۇپ، يەرلەرنى چاناپ تېرىقچىلىق قىلماقتا. ئۇلار ئورمانلارنى يوقىتىپ تېرىلغۇ يەر قىلماقتا، بۇ يەرلەرگە زىرائەت تېرىپ ئائىلىسىنى باقماقتا ۋە پۇل تاپماقتا. تۇپراق ئۈنۈمسىزلەشكەندىن كېيىن، بۇ دېھقانلار يېڭى ئورمانلىققا كۆچۈپ، بۇ جەريانىنى تەكرارلىماقتا. كەڭ كەتكەن يامغۇرلۇق ئورمانلارنى بۇ خىل تېرىقچىلىق ۋەيران قىلىۋەتتى. يېڭى تېرىقچىلىق ئۇسۇلى ۋە سۇ مەنبەسىگە ئىگە بولۇش ئۇلارنىڭ تۇپراقنى ئىسراپ قىلىشىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ھەممىمىز كۆڭۈل بۆلۈپ، تېخىمۇ ياردەم بىلەن تەمىنلەيدىغان ياردەم تەشكىلاتلىرىنى قوللايلى.

## پايدا كېرەككى، ئارتۇق نوپۇس كېرەك ئەمەس

ئافرىقا قىتئەسى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى بەزى رايونلاردا ئورمانلار تازىلىنىۋېتىلدى. دېھقانچىلىق مەيدانى ۋە كان ئورمان كېسىش سانائىتىگە يول ئاچتى. بۇ سانائەت چوڭ كارخانىلار ئۈچۈن غايەت زور پايدا ياراتتى، بىراق ئۇلار ئالغان پايدىنىڭ ئىنتايىن ئاز بىرقىسمى يەرلىك خەلققە قايتۇرۇلدى. ئامېرىكىدىكى كۆپلىگەن تەبىئىي يايلاقلار بۇزۇپ تاشلىنىپ، سانائەت تىپىدىكى يېزائىگىلىككە ئىشلىتىلدى. بۇ خىل يېزائىگىلىك زامانىۋى تېخنىكا قوللانغان بولۇپ، ئاشلىقنىڭ بىرلىك مەھسۇلاتىنى ئۆستۈردى. تېرىلغان دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى سېتىلىپ پايدا ياراتتى، بىراق

يەرلىك خەلقنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىمىدى.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

ئادىل سودا تەشكىلاتىغا ئوخشاش، يېزا ئىگىلىك ۋە ھۈنەرۋەنچىلىك ھەمكارلىق ئورگانلىرىنى قوللايلى. بۇ تەشكىلاتلار يېزا مەھسۇلاتلىرىنى قوللاپ دېھقانلار ئۈچۈن بايلىق يارىتىدۇ.

يېشىل ھەرىكەتنى ئەۋج ئالدۇرايلى. دۇنيا نوپۇسى قىممەتلىك تەبىئىي بايلىقلارنى خوراتماقتا، ھاۋانى، تۇپراقنى ۋە سۇنى بۇلغىماقتا. ھەممىمىز بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشالايمىز، مەسىلەن: تەكرار ئىشلەتكىلى بولىدىغان ۋە بىئودېگراداتسىيە مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالايلى.

بىر سۇ مەنبەسىنى قۇتۇلدۇرىدىغان ساخاۋەت ئورگىنىنى قوللاڭ. بۇ ساخاۋەت ئورگىنى بىزنى توختىماس سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ مۇھىت ئۈچۈن ئىنتايىن پايدىلىق. ئۇلار يەنە بىزنىڭ مۇھىت تازىلىقىمىزنى ياخشىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. ئېكولوگىيەلىك مۇھىتىمىز ئۈچۈن پايدىلىق ھەل قىلىش ئۇسۇللىرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.



مېكسىكا چىئاپاس رايونىدىكى بىر ئىشچىلار ھەمكارلىق تەشكىلاتى ياسىغان ۋە ساتقان رەڭلىك توقۇلما بۇيۇملار

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كېنىيەدىكى سامبۇرۇلار چارۋىلىرىغا تايىنىپ ياشايدۇ، بۇ چارۋىلار ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان ھەممە نەرسە بىلەن تەمىنلەيدۇ.



# 4. كەلگۈسىدىكى ئېنېرگىيە

## ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆپ مىقداردا ئىشلەتمەكتە

دۇنيادىكى ئېنېرگىيەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كۆمۈر،نېفت ۋە تەبىئىي گازنى كۆيدۈرۈشتىن كېلىدۇ. بۇ ئۈچ ئېنېرگىيە مىنېرال يېقىلغۇ دەپ ئاتىلىدۇ. ھازىر تەرەققىي قىلغان ئەل خەلقلىرى مىنېرال يېقىلغۇدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ. بىز بۇ يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىپ توك چىقىرىمىز. توكتىن پايدىلىنىپ يورۇتىمىز ۋە ئېلېكتىر ئۈسكۈنىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىمىز. ئايروپىلان، ماشىنا ۋە يۈك ماشىنىلىرىنىڭ ھەممىسىگە نېفت يېقىلغۇ قىلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە يالتىراق (سۇلياۋ) ئىشلەپچىقىرىمىز. ئائىلىدە تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ ئىسسىنىمىز ۋە تاماق ئېتىمىز.

## كۆمۈر ۋە نېفت

150 يىل ئىلگىرى كىشىلەر مىنېرال يېقىلغۇلارنى ئىنتايىن ئاز ئىشلىتەتتى. ئۇلار ئوتۇن قالاپ ئىسسىناتتى، سىرتقا چىققاندا ئاتقا مىنەتتى ياكى پىيادە يۈرەتتى. پار ماشىنىسى كەشىپ قىلىنغاندىن باشلاپ، ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىشكە باشلىدى، مەسىلەن، پار ماشىنىسىنىڭ پويىزنى ھەرىكەتلەندۈرۈشى ۋە زاۋۇتلارنى ماشىنا ئۈسكۈنىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرۈشى قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



19 ـ ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىغا كەلگەندە، ئىنسانلار كۆمۈردىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشقا باشلىدى. 1859 ـ يىلى نېفىت تۇنجى قېتىم ئېچىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىنسانلار بېنزىن بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ماشىنىلارنى ئىجاد قىلدى. 1910 ـ يىلىغا كەلگەندە ماشىنا، يۈك ماشىنىسى ۋە تۇنجى تىپتىكى ئايروپىلان قاتارلىقلارغا نېفىت يېقىلغۇ قىلىنىشقا باشلىدى. ئۇلار ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى ئۆزگەرتتى.

## مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ شەكىللىنىشى

كۆمۈر،نېفىت ۋە تەبىئىي گازلار مىنېرال يېقىلغۇلار ياكى تاشقا ئايلانغان يېقىلغۇ دەپ ئاتالىدى. چۈنكى ئۇلار نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى شەكىللەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا، قۇرۇقلۇقتىكى ئۆسۈملۈكلەر قالدۇقلىرى ۋە دېڭىزدىكى ھايۋانلارنىڭ جەسەتلىرى، تاغ جىنسلىرى قاتلىمىغا چۆكۈپ، تاغ جىنسلىرىنىڭ بېسىشى بىلەن كۆمۈر، نېفىت ۋە تەبىئىي گازلار شەكىللەنگەن.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ :

پۈتۈن دۇنيادىكى 80% تىن ئارتۇق ئېنېرگىيە مىنېرال يېقىلغۇلاردىن كېلىدۇ.

پۈتۈن دۇنيادىكى بارلىق دۆلەتلەرنىڭ ھەريىلى توك تارقىتىش ئۈچۈن سەرپ قىلىدىغان كۆمۈرى 6 مىليارد 666 مىليون توننا.

(4 ـ بەت رەسىم) يورۇتىشقا ئىشلەتكەن توك مىنېرال يېقىلغۇلاردىن چىقىرىلغان توكنىڭ 3/1 نى ئىگىلەيدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى:

### توك چىقىرىش

ئېلېكتىر ئىستانسىسى توك چىقىرىدىغان ئورۇندۇر. بەزى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى كۆمۈرنى قالاپ سۇ قىزىتىدۇ ۋە پار ھاسىل قىلىدۇ، بۇ پار غايەت زور تۇربىنانى ئايلاندۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن گېنېراتور ھەرىكەتلىنىدۇ. يەنە بەزى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق، پار پەيدا قىلىپ گېنراتورنى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ، يەنە بەزى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى مىنېرال يېقىلغۇلارنى يېقىلغۇ قىلمايدۇ، مەسىلەن، سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئۇ تەبىئىي سۇ ئورنى چۈشۈش پەرقىدىن پايدىلىنىپ، تۇربىنانى ھەرىكەتلەندۈرىدۇ.



ھازىر ماشىنىلارنىڭ سانى ئېلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە كۆپ، كۆپ قىسىم ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى بېنزىن بىلەن كوكۇس مېيىنى ئىشلىتىدۇ. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسى نېفىتتىن ئېلىنىدۇ.



بۇ ئەنگلىيەدىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى، ئۇ كۆمۈرنى كۆيدۈرۈپ توك چىقىرىدۇ. تۇرخۇنلاردىن قويۇق ئىس كۆتۈرۈلمەكتە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىنسانلار كەلگۈسىدە دۇچ كېلىدىغان مەسىلە

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ ھامان بىر كۈنى ئىشلىتىلىپ تۈگىشىدىن ئەنسىرەيدۇ. ئەمەلىيەتتە مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ ئۆزى چوڭ مەسىلىنىڭ سەۋەبكارىدۇر، يەنى يەرشارى يۈزىنىڭ ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىدۇ. بۇ دەل يەر شارى كلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىدۇر.

## مىنېرال يېقىلغۇلار يەر شارىنىڭ ئىسسىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

ھاۋادىكى كاربون (IV) ئوكسىد پارنىكتىكى ئەينەكتىن يامان، ئۇ قوياشتىن كەلگەن ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈۋېلىپ، تارقىلىشىنى توسىدۇ. كاربون (IV) ئوكسىد ئاساسلىق پارنىك گازىدۇر. ئۇ پەيدا قىلغان پارنىك ئېففېكتى يەر شارى تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى ياكى تۆۋەن قىلىۋەتمەي، ئىنسانلار قوبۇل قىلالىغۇدەك دائىرىدە ساقلايدۇ. بىراق ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرگەندە، ئىنتايىن كۆپ كاربون (IV) ئوكسىد چىقىرىدۇ، بۇ كاربون(IV) ئوكسىدلار قوياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى سۈمۈرۈۋېلىپ يەر شارىنىڭ بارغانسېرى ئىسسىتىۋېتىدۇ.

## كلىمات ئۆزگىرىشى

يەر شارى كلىماتىنىڭ ئىسسىشى يەر شارىغا ئاپەت ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇ كلىمات ئۆزگىرىشىنى پەيدا قىلىپ، دۇنيادىكى بەزى رايونلارنىڭ كلىماتىغا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز

ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كەلدى. كۆپلىگەن قۇرغاق رايونلار، مەسىلەن : ئاۋستىرىيە، ئېفىئوپىيە قۇرغاقلىشىپ كەتتى. قۇرغاقچىلىق تۈپەيلى ئۇ يەردىكى تۇپراقتا زىرائەت تېرىغىلى بولمايدىغان بولدى.

يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، شىمالىي ۋە جەنۇبىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى قېلىن تۇڭلار ئېرىشكە باشلىدى. بۇ تۇڭلار ئېرىگەندىن كېيىن، دېڭىز سۈيى ئۆرلىدى. يەر شارىنىڭ ئىسسىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن، ئىنسانلار چوقۇم مۇنداق كۆپ مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشنى توختىتىش كېرەك.



قۇياش نۇرىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى يەرشارىنى ئىسسىتىدۇ. بىر قىسىم ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەلىرى يەرشارىدىن ئاتموسفېراغا قايتىدۇ. يەنە بىر قىسمىنى پارنىك گازى سۈمۈرۈۋېلىپ، يەر شارىنى نورمال تېمپېراتۇرىدا ساقلايدۇ.

## ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئىشلىتىش شەكلىنى ئۆزگەرتىش

نۆۋەتتە، ئالىملار مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرمەي تۇرۇپ توك چىقىرىش ئۇسۇللىرىنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. مەسىلەن:قۇياش ئېنېرگىيەسى ۋە شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش، شەك - شۈبھىسىزكى بۇ بىر خۇش -

www.uyghurkitap.com



خەۋەر. ئالىملار يەنە قاتناش ۋاستىلىرىنى ھەرىكەتلەندۈرىدىغان يېڭى ئۇسۇلنى تەتقىق قىلماقتا.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

### مالدىۋى

مالدىۋى تاقىم ئارالللىرى ھىندى ئوكيانىغا جايلاشقان بولۇپ، 1200 دىن ئارتۇق كىچىك ئاراللاردىن تەشكىل تاپقان. ساياھەتچىلەر ئارالدىكى يۇمشاق قۇم ۋە ئىللىق دېڭىز سۈيىنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ ئارالدىكى كۆپ قىسىم قۇرۇقلۇق دېڭىز يۈزىدىن 1.5 مېتىردىن 2 مېتىرغىچە ئېگىز. ئارالدىكى ئاھالىلەر پايتەخت مارانىڭ تۆت ئەتراپىغا ئېگىز شەھەر سېپىل سوقۇپ دېڭىز دولقۇنىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلانغان. دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، شەھەر سېپىلى بۇ تاقىم ئاراللارنىڭ دېڭىزنىڭ يۇتۇپ كېتىش تەقدىرىدىن قۇتقۇزالمىدى. كۆپ قىسىم تاقىم ئاراللار كەلگۈسىدىكى 100 نەچچە يىل ئىچىدە دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىشى مۇمكىن.




دېڭىز سۈيىنىڭ ئۆرلىشى بەلكىم مالدىۋى ئارىلىنى مەڭگۈلۈك

غايىــــب قىلىۋېتىشــــى مۇمكىــــن. خەرىتىــــدە : مالدىــــۋى

## ھەممە ئادەم پايدىلىنالايدىغان قوياش ئېنېرگىيەسى

ھــەر كۈنــى غايــەت زور ئېنېرگىيــە قوياشــتىن يــەر شــارىغا يېتىــپ كېلىــدۇ. قويــاش نــۇرى ۋە ئىسســىقلىقىدىن پايدىلىنىــپ تــوك چىقارســاق بولىــدۇ. بــۇ جەريانــدا كاربــون (IV) ئوكســىد ھاســىل بولمايــدۇ، چۈنكــى قويــاش ئېنېرگىيەســى پاكىــز ئېنېرگىيە مەنبەســى دەپ ئاتىلىــدۇ. ئالىمــلار قويــاش ئېنېرگىيەســىدىن تــوك چىقىرىدىغــان ئۇســۇللارنى تەتقىــق قىلىــپ چىقتــى.

## قوياش ئېنېرگىيەسى باتارېيەلەر گۇرۇپپىسى

ئىككــى خىــل ئوخشــاش بولمىغــان قويــاش ئېنېرگىيەســى باتارېيەلــەر گۇرۇپپىســى تاختىســى ئىمارەتلەرنــى ئېنېرگىيــە بىلــەن تەمىنلەيــدۇ. بىــر خىلــى قويــاش مۇنچىســى، يەنــە بىــر خىلــى قويــاش ئېنېرگىيەســى باتارېيەســى، ئــۇ قويــاش نۇرىدىــن پايدىلىنىــپ تــوك چىقىرىــدۇ.

نۆۋەتتــە، قويــاش ئېنېرگىيەســى باتارېيەســىنىڭ باھاســى بــەك قىممــەت، يەن ـ تېخنىكىنىــڭ تەرەققىياتىغــا ئەگىشــىپ ئۇنىــڭ باھاســى تۆۋەنلىشــى مۇمكىــن. بىــراق كىشــىلەر كەچتــە توكقــا ئېھتىياجلىــق بولغــان ۋاقىتتــا ئــۇ تــوك چىقىرالمايــدۇ. ئۇنىــڭ ئۈســتىگە ھەربىــر باتارېيەنىــڭ چىقارغــان تــوك مىقدارىمــۇ بــەك ئــاز بولىــدۇ.

## قوياش ئېنېرگىيە ئېلېكتىر ئىستانسىسى

قوياش ئېنېرگىيە ئېلېكتر ئىستانسىسى قوياش ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ. ئاۋۋال ياي شەكىللىك ئەينەكتىن پايدىلىنىپ قوياش ئېنېرگىيەسىنى يىغىدۇ ۋە مەركەزلەشتۈرىدۇ، ئاندىن بۇ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىدىن پار ھاسىل قىلىپ تۇربىنانى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك ھاسىل قىلىدۇ.

قوياش ئېنېرگىيەسى ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى قۇملۇقتا قۇرساق ئۈنۈمى ئىنتايىن ياخشى بولىدۇ، چۈنكى قۇملۇقتا ھەر كۈنى قوياش نۇرى ئىنتايىن كۈچلۈك، بىر قىسىم قوياش ئېنېرگىيە ئېلېكتىر ئىستانسىسى كۈندۈزدىكى ئارتۇق ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ساقلىۋېلىپ، كەچتە داۋاملىق توك چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بەزى بىر قىسىم توك ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى كېچىدە ئىككىنچى يۈرۈش توك چىقىرىش ئۈسكۈنىسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ. مەسىلەن: تەبىئىي گازدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش قاتارلىقلار.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !



يەرشارى ھەر مىنۇتتا قوياشتىن ئېرىشىدىغان غايەت زور ئېنېرگىيە دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ بىر يىللىق ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.

قوياش يەرشارىنى 5 تىرىليون يىل يورۇتالايدۇ.

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتىدىكى قوياش ئېنېرگىيەلىك ئېلېكتىر ئىستانسىسىدىكى سانسىزلىغان ئەينەكلەر

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## سەھرايى كەبىر چۆلى

نۆۋەتتە سەھرايى كەبىر چۆلى گەرچە ئادەمزاتسىز بولسىمۇ، كەلگۈسىدە ھامان بىر كۈنى بۇ جاينىڭ پاكىز ئېنېرگىيەسى پۈتكۈل ياۋروپانىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى سەھرايى كەبىر چۆلدە قوياش ئېنېرگىيە ئېلېكتىر ئىستانسىدىن 100نى قۇرۇپ، ياۋروپا رايونىنىڭ 6/1 قىسمىنى توك بىلەن تەمىنلىمەكچى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىنى تاتلىق سۇغا ئايلاندۇرۇپ، يەر سۇغىرىشقا ئىشلىتىلىدۇ.



سەھرايى كەبىر چۆلىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى كەلگۈسىدە ياۋروپا پاكىز ئېنېرگىيەسىنىڭ مەنبەسى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن.



(9 ـ بەت 2 ـ رەسىم) بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قوياش ئېنېرگىيىسى ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ

www.uyghurkitap.com



باتارېيەلەر قوياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ. خەرىتىدە : سەھرايى كەبىر چۆلى

## شامال ئېنېرگىيەسى قايتا مودا بولدى.

ئىلگىرى كىشىلەر چاقپەلەكتىن پايدىلىنىپ شال سوققان. ھازىر چاقپەلەك يەنە مودا بولدى. ئۇلار تاغ چوققىسىدا، ئېتىز ـ داللاردا، دېڭىز ياقىسى ۋە ئۆگزىلەردە قايتا نامايان بولۇشقا باشلىدى. بۇ خىل يېڭى تىپتىكى چاقپەلەكلەر شامال كۈچى تۇربىناسى دەپ ئاتالدى.

## شامالنى توسۇش

شامال كۈچى تۇربىناسى شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ، شامال تۇربىنانى ھەرىكەتلەندۈرگەن چاغدا ياپراقچىلار ئايلىنىپ توك چىقىدۇ. شامال كۈچى تۇربىناسى قۇرۇلغاندىن كېيىن، توك چىقىرىش جەريانىدا كاربون (IV) ئوكسىد پەيدا بولمايدۇ. شۇڭا شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىدۇ.

## شاماللىق جايلار

شامال ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ، توك چىقىرىشنىڭمۇ كەمچىلىكى بار. ئۇ بولسىمۇ، پەقەت كۈچلۈك شامال بولسىلا ئاندىن توك چىقارغىلى بولىدۇ. شۇڭا شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىنى ئەڭ ياخشىسى يىل بويى كۈچلۈك شامال مۇقىم چىقىدىغان جايلارغا قۇرۇش كېرەك، تاغ چوققىسى ۋە ئېگىزلىكتىكى تۈزلەڭلىكلەر تېخىمۇ مۇۋاپىق. بىراق ئەڭ

ياخشى جاي دېڭىز ۋە كۆل بويلىرىدۇر.

بۇنداق يەرلەرگە چوڭ تىپتىكى شامال كۈچى تۈربىناسىنى قۇرساق، چىقارغان توك مىقدارىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ. ئەنگلىيە چوڭ تىپتىكى شامال كۈچى تۈربىناسىنى كەشىپ قىلدى، ئۇ بەلكىم شامال كۈچى بىلەن توك چىقىرىش كەسپىگە ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىشلەرنى ئېلىپ كېلىشى مۇمكىن.

بۇنىڭدىن باشقا، بىر قىسىم پاراخوتلارغا كىچىك تىپتىكى تۈربىنا سەپلەندى، يەنە بەزى كىشىلەر ئۆگزىلىرىگە تۈربىنا ئورناتتى. ئەلۋەتتە، ئۆي شاماللىق جايدا بولسا تۈربىنا نورمال ھەرىكەتلىنەلەيدۇ.

## دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تۈربىناسى

دېڭىز سۈيىنىڭ ھەرىكىتىمۇ ئېنېرگىيە ھاسىل قىلالايدۇ. دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تۈربىناسى بىلەن شامال كۈچى تۈربىناسىنىڭ خىزمەت پرىنسىپى ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يېرى ئۇنىڭ خىزمىتى سۇ ئاستىدا. دېڭىز سۈيى ھەرىكىتى تۈربىنانىڭ ياپراقچىسىنى ئايلاندۇرۇش ئارقىلىق توك چىقىرىدۇ. چۈنكى سۇ كۆتۈرۈلگەندە ئۇ توختىماي ھەرىكەتلىنىدۇ، شۇڭا توختىماستىن توك چىقىرالايدۇ.

مانا بۇ دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تۈربىناسىنىڭ ئەڭ چوڭ ئارتۇقچىلىقىدۇر. شامال كۈچى تۈربىناسىغا ئوخشاشلا، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈش ۋە پەسىيىش تۈربىناسى توك چىقىرىش جەريانىدا كاربون (IV) ئوكسىد ھاسىل قىلمايدۇ، شۇڭا ئۇمۇ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش

www.uyghurkitap.



سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشىمىزغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

## ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ !

دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شامال كۈچى تۇربىناسى ياپىراقچىسىنىڭ ئۇزۇنلۇقى 100 مېتىر كېلىدۇ.

نۆۋەتتە دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئامېرىكىنىڭ تېكساس ئىشتاتىدا، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا 431 شامال كۈچى تۇربىناسى بار.

## شامال كۈچى تۇربىناسى پۇل ئىسراپ قىلىدۇ:

## قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

## قوللايمەن :

شامال كۈچى تۇربىناسىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى ئىنتايىن ئاز. ئۇ تەبىئىي مەنزىرىنى بۇزۇپلا قالماي، بەلكى شامالدۇرغۇچ پالىقى قۇشلار ئۈچۈن ئىنتايىن خەتەرلىك. ئۇلارنى بوران يوق يەردە ئىشلەتكىلى بولمايدۇ. ھاۋارايى ۋە ماكانىنىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرايدۇ.

## قارشى تۇرىمەن:

چوڭ تىپتىكى شامال كۈچى تۇربىناسىنى توك چىقىرىش مىقدارى ئىنتايىن چوڭ. بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئۇنى ياقتۇرماسلىقى ئۇنىڭغا ئادەتلەنمىگەنلىكتىن بولغان، ئەلۋەتتە، قۇشلارنى شامالدۇرغۇچ پالىقىغا يېقىنلاشتۇرماسلىققا ئامال قىلغىلى بولمايدۇ. بىزگە ئېھتىياجلىق بولغىنى شامال

كۆچى بىلەن جىقراق توك چىقىرىپ، يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە تاقابىل تۇرۇش.



بۇ شىمالىي دېڭىزدىكى دېڭىز ئۈستى شامال ئېلېكتىر ئىستانسىسىدا نۇرغۇن تۇربىنىلار بار.

## باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان يەر ئىسسىقلىقىدىن توك ئىشلەپچىقىرىش

نەچچە يۈز كىلومېتىر يەر ئاستىنىڭ تېمپېراتۇرىسى شۇقەدەر يۇقىرىكى، ھەتتا تاشلارنىمۇ ئېرىتىۋېتىدۇ. بۇ ئېرىگەن تاشلار لاۋا دەپ ئاتىلىدۇ. يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسى مۇشۇ لاۋانىڭ ئىسسىقلىقىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلىدۇ.

ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى پومپىسى لاۋادىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشقا موھتاج ئەمەس. ئەكسىچە ئۇلارنىڭ تايىنىدىغىنى — يەر يۈزى بىلەن يەر يۈزىدىن نەچچە مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى تېمپېراتۇرا پەرقىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ. بەزىدە يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەر ئاستىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن كۆپ يۇقىرى بولىدۇ، بەزىدە يەر يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى يەر ئاستىنىڭ تېمپېراتۇرىسىدىن كۆپ تۆۋەن بولىدۇ. مەيلى قانداقلا بولسۇن بۇ تېمپېراتۇرا پەرقى ھامان 10°C~20°C ئارىلىقىدا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى پومپىسى :

كەلگۈسىدە ئۆيلەرنى ئىسسىتىدىغان ياكى سوۋۇتىدىغان ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى پومپىلىرى ئومۇملىشىدۇ. ۋېلسۋانسى پورت شەھرى ۋېلس پارلامېنت بىناسىغا ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى پومپىسى ئارقىلىق ئۆي تېمپېراتۇرىسىنى تەڭشەيدىغان سىستېما ئورنىتىلغان، باشقا نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەرنىڭ ئىمارەتلىرىگىمۇ مۇشۇ خىل ئەسلىھە ئورنىتىلىدى. قىشتا سوغۇق سۇ تۇرۇبىنى بويلاپ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى بولغان يەر ئاستىغا يەتكۈزىلىدۇ، ئۇ يەردىكى سۇ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەپ ۋېلس پارلامېنت بىناسى مەركىزى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئىسسىتىدۇ. يازدا ئۆي ئىچىدىكى ئىسسىقلىقنى سۈمۈرۈۋېلىپ ئىسسىقلىق قۇۋۋىتى سۇ پومپىسى ئارقىلىق، سوغۇق يەر ئاستىغا يەتكۈزىلىدۇ، ئۆينىڭ ئىسسىقلىقى ئېلىپ سۈمۈرۈلگەنلىكتىن ئۆي سالقىنلىشىدۇ.

## يەر ئىسسىقلىقىدىن توك ئىشلەپچىقىرىش

دۇنيادىكى بەزى جايلاردا لاۋا كۆتۈرۈلۈپ يەر ئۈستىگە يېقىنلىشىپ قالغان، بۇ جايلار يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇشنىڭ ئەڭ ئەۋزەل ئورنىدۇر.

يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىدا، سوغۇق سۇ ئېرىگەن لاۋاغا يەتكۈزۈلگەندىن كېيىن تېمپېراتۇرىسى ئۆرلەيدۇ. بۇ جەرياندا ھاسىل بولغان ئىسسىق سۇ ۋە پار تۇربىنانى ھەرىكەتلەندۈرۈپ توك ھاسىل قىلىدۇ. ئىسلاندىيە، ئىتالىيە، يېڭى زېلاندىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە ئىشتاتى

قاتارلىق جايلاردا يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى بار. يەر ئىسسىقلىقى ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ بىردىنبىر ئاجىزلىقى ئۇنى پەقەت لاۋا يەر يۈزىگە يېقىن جايدىلا قۇرغىلى بولىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى:

### ئىسلاندىيە



ئىسلاندىيەنىڭ خەلقى ھدووۋېك دېگەن يېرىدىكى يەر ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى بۇ دۆلەتتىكى 60% نوپۇسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ.




ئىسلاندىيەدە يەر يۈزىگە يېقىن لاۋا ئېتىلىپ چىققان سۇنى ئىسسىتىدۇ، بۇ ئىسسىق سۇ بۇلاق بولۇپ توختىماي ئېقىپ تۇرىدۇ.

( خەرىتىدە ) : رېيكياۋىك

ئىسلاندىيە دۇنيادىكى ئەڭ قەدىمىي دۆلەتلەرنىڭ بىرى، جۇغراپىيەلىك ئورنى شىمالىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگە يېقىن. بۇ دۆلەتتە ئارىشاڭ كۆپ، بۇ ئارىشاڭلاردىن يەر يۈزىگە ئىسسىق چىقىدۇ. شۇڭا بۇ دۆلەتتىكى ھەممە ئۆيدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يىل بويى ئىسسىق سۇ بار. بۇ ھەقسىز ئىسسىق سۇ ئىسلاندىيەدىكى بارلىق بىنالارنى ئىسسىتىدۇ. بۇ ئىسسىق سۇ ئۇزۇن ـ ئۇزۇن شىلانكىلار بىلەن پايتەخت رېيكياۋىكقىچە بارىدۇ.

## يادرو ئېنېرگىيەسى بارلىق مەسىلىنى ھەل قىلالامدۇ؟

يادرو ئېنېرگىيەسى ئاتوم دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل زەررىچىدىن ئېرىشىلىدىغان غايەت زور ئېنېرگىيەدۇر، بارلىق قاتتىق، سۇيۇق ياكى گاز ھالەتتىكى ماددىلارنىڭ ھەممىسى ئاتومدىن تۈزۈلىدۇ. بىراق بۇ خىل ئۇران دەپ ئاتىلىدىغان مېتال ئاتوم ئىنتايىن ئالاھىدە.

## ئۇران ياخشىمۇ ياكى يامانمۇ؟

ئۇران ئاتومى ئىنتايىن ئاسان پارچىلىنىپ باشقا ئاتومنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ خىل بۆلۈنۈش جەريانىدا غايەت زور ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى ھاسىل بولىدۇ. يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى بۇ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ. بىراق يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى كۆپ مەسىلىلەرنى پەيدا قىلىدۇ.

مېتال ئۇرانىنىڭ ئەڭ چوڭ چاتىقى ئۇنىڭ رادىيوئاكتىپلىقى. يەنى ئۇران ئاتومى جانلىقلارغا زىيانلىق ئېنېرگىيە قويۇپ بېرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى رادىيوئاكتىپلىق ئاتوم كىرەكسىزلىرىنى چىقىرىدۇ. بۇنداق كېرەكسىزلەرنى يىغىشنىڭ چىقىمى كۆپ بولۇپلا قالماستىن،

بەلكى ئىنتايىن خەتەرلىك. ئازراقلا ئېقىپ كەتسە، بۇ خىل رادىئاتسىيە ئىنسان ۋە جانلىقلارنىڭ جېنىغا زامىن بولىدۇ.

## يادرونىڭ يىغىلىشى

ئاتوم بۆلۈنىدىغان خىمىيەلىك رېئاكسىيە يادرونىڭ پارچىلىنىشى دەپ ئاتىلىدۇ ھەمدە ئاتوم توپلىنىدىغان خىمىيەلىك رېئاكسىيە يادرونىڭ يىغىلىشى دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاتومنىڭ يىغىلىشى غايەت زور ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىپلا قالماي ھەمدە رادىئاتسىيەسى ئىنتايىن ئاجىز بولىدۇ. ئاتومنىڭ بىرىكىشى بولسا ئىككى دانە ھىدروگېن ئاتومى بىرىكىپ، بىر گېلىي ئاتومى ھاسىل قىلىدۇ، يادرونىڭ يىغىلىشى پەقەت تېمپېراتۇرا يۇقىرى بولغاندا يۈز بېرىدۇ. تەتقىقاتچىلار قۇياش تېمپېراتۇرىسىدىن 10 ھەسسە يۇقىرى بولغان مۇھىتتا ئاتومنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بىرىكتۈردى، يادرو يىغىلىشتىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇش ئۈچۈن ئىنسانلار 50~100 يىلغىچە ۋاقىت قورالايدۇ.



يادرو ئېنېرگىيەسى گەرچە ئىنسانلارنىڭ ئېنېرگىيە كىرىزىسىنى ھەل قىلالىسىمۇ لېكىن نۇرغۇنلىغان كىشىلەردە ئۇنىڭغا نىسبەتەن ئەندىشە مەۋجۇت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىز تېخىمۇ كۆپ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇشىمىز كېرەك

**قوللامسىز، ياكى قارشى تۇرامسىز ؟**

**قوللايمەن**

بىز تېخىمۇ كۆپ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى قۇرۇپ، مىنېرال يېقىلغۇلار بىلەن توك چىقىرىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى تاقىشىمىز زۆرۈر. بىز بۇ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ئارقىلىق يەر شارى ئىسسىپ كېتىشكە تاقابىل تۇرۇشىمىز لازىم. قۇياش ئېنېرگىيەسى ۋە شامال ئېنېرگىيەسى بىلەن چىقارغان توك پۈتۈن يەر شارىدىكى ئىنسانلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالمايدۇ.

**قارشى تۇرىمەن:**

ھەرقانداق ئادەمنىڭ بۇ خىل جان ئالغۇچى يادرو كىرەكسىزلىرىنى پەيدا قىلىش ھوقۇقى يوق. ئۇ ئىنسانلارغا ھازىر زىيانلىق بولۇپلا قالماي، بەلكى نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىنمۇ ئىنسانىيەتكە يەنىلا بىر تەھدىتتۇر. ئەگەر بىز باشتىلا توكنى ئۇنچە كۆپ ئىسراپ قىلمىساقلا، ئۇنچە كۆپ توك چىقىرىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، شۇڭا يادرو ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى كۆپ قۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

## تېخىمۇ پاكىز كۆمۈر ۋە ھاۋا

ئالىملار يېقىندا تېخىمۇ توك چىقىرىش ئۇسۇلىنى تەتقىق قىلغاندىن باشقا، يەنە مىنېرال يېقىلغۇلارنى پاكىزلەش ئۈچۈن تىرىشماقتا، ھەمدە توك ئىسراپچىلىقنى ئازايتماقتا.

## كاربوندىن بۇلغىنىش

نۆۋەتتە پۈتۈن دۇنيادىكى كۆمۈر زاپىسى ئىنسانلارنىڭ ئاز بولغاندا يەنە 100 يىل ئىشلىتىشىگە يېتىدىكەن. مەسىلە شۇ يەردىكى، كۆمۈر كۆيگەندە زىيانلىق پارنىك گازى چىقىرىپ، هاۋانى بۇلغايدۇ. ئالىملار كۆمۈرنى كۆيدۈرۈشتىن ئىلگىرى تازىلاپ، كۆمۈر تەركىبىدىكى بۇلغىنىش پەيدا قىلىدىغان ماددىنى چىقىرىپ تاشلايدىغان يېڭى ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. بىراق كۆمۈرنى پاكىزلىگەندە، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى بارلىق بۇلغىنىش پەيدا قىلغۇچى ماددىلارنىڭ ھەممىسىنى يوقاتقىلى بولمايدۇ.

## كاربوننى يىغىۋېلىش :

ئالىملار يەنە كاربون IVئوكسىد هاۋاغا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇنى يىغىۋالىدىغان يەنە بىر خىل ئۇسۇلنى تەتقىق قىلىپ چىقتى. بۇ كاربونIV ئوكسىد سۇۋۇتۇپ سۇيۇقلاندۇرۇلغاندىن كېيىن، چوڭقۇر يەر قاتلىمىغا قويۇپ بېرىلىدۇ. بۇ ئۇسۇلنىڭ بولمايدىغان يېرى شۇكى، پۈتۈن سىستېمىغا مەبلەغ بەك كۆپ كېتىدۇ.

## ئىسراپ قىلىۋەتكەن ئېنېرگىيە مەنبەسى:

چوڭ تىپتىكى ئېلېكتر ئىستانسىسى ئىسراپ قىلىۋەتكەن ئېنېرگىيە كۆمۈردە ئەسلىدە بار بولغان ئېنېرگىيەنىڭ پۈتكۈل كۆمۈردە ساقلانغان ئېنېرگىيەنىڭ 4/3 قىسمى. بۇ ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئېنېرگىيەنىڭ 3/2 قىسمى ئىسسىقلىق ئىنرگىيەسىدە شەكلىدە خوراپ كېتىدۇ. باشقىسى بولسا توك ئېقىمى توك سىملىرى ئارقىلىق يېزا ۋە شەھەرلەرگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.c



يەتكۈزۈلۈش جەريانىدا خورايدۇ. بۇ خىل خوراش يەتكۈزىدىغان ماتېرىيال ۋە ئارىلىق بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، يېقىلغۇنىڭ ئىشلىتىلىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش، ئېنېرگىيەنىڭ خورىشىنى ئازلىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

## يەرلىك توك ئېلېكتىر ئىستانسىسلىرى

بىرقىسىم يەرلىك رايونلارنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىسراپ قىلىدىغان ئېنېرگىيە خېلىلا ئاز. چۈنكى توك يىراققا يەتكۈزۈلمىگەچكە، كابېل ئارقىلىق خورايدىغان توك ئىنتايىن ئاز بولىدۇ.

بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسلىرى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى ئىسراپ قىلمايدۇ. ئۇلار بۇ پارىدىن قايتا پايدىلىنىپ سۇ ئىسسىتىدۇ. ئاندىن بۇ قىزىق سۇ تۇرۇبا ئارقىلىق ئۆيلەرگە يەتكۈزۈلىدۇ، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى ئىسسىقلىق ئېلېكتىر ئىستانسىسى دەپ ئاتىلىدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى:



### توك يەتكۈزۈش تورى

بۇ دانىيەدىكى كىچىك تىپتىكى ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولۇپ، بۇ يەردە ئېنېرگىيە ئاساسەن ئىسراپ بولمايدۇ، بۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى شۇ

يەردىكى ئاھالىلەرنى ئىسسىق سۇ ۋە توك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

نۇرغۇن دۆلەتلەر توك يەتكۈزۈش تورىدىن پايدىلىنىپ كىشىلەرنى توك بىلەن تەمىنلەيدۇ. ھەرقايسى توك ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىدىن كەلگەن توك بىر كابېلغا كىرىپ، توك يەتكۈزۈش تورىنى ھاسىل قىلىدۇ. توك بۇ تور ئارقىلىق دۆلەتنىڭ ھەرقايسى جايلارغا يەتكۈزىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان ۋاقىت ۋە رايونلاردا كىشىلەرنىڭ توكقا بولغان ئېھتىياج ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، ئېلېكتىر تور سىستېمىسى توك بىلەن تەمىنلەشنى قولايلاشتۇرىدۇ.



بۇ غايەت زور كابېل مۇنارى توكنى شەھەر - بازارلارغا يەتكۈزىدۇ.

## ماشىنىلارغا ئىشلىتىلىدىغان بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار

## ئېلىپ كېلىدىغان مەسىلىلەر

ئالىملار ماشىنىلاردا يېقىلغۇ قىلىدىغان بېنزىن بىلەن كوكس مېيىنىڭ ئورنىغا تېخىمۇ پاكىز يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىشنى سىنىماقتا. ئېتىل ئالكوھول بىر خىل بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ. ئۇ دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىدىن، شېكەر قومۇشى ۋە بۇغدايدىن ئېلىنىدۇ. كۆكتاتلاردىن، مەسىلەن: پالما ۋە پۇرچاقتىن بىئولوگىيەلىك دىزېل مېيى ئېلىنىدۇ، چۈنكى

ئۇيغۇر كىتاب تور
www.uyghurkitap.c



بۇ خىل يېقىلغۇلار مىنېرال يېقىلغۇلاردىن كۆپ پاكىز بولىدۇ. ئاسىيا، ياۋروپادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەر ۋە ئامېرىكا ھۆكۈمىتى دېھقانلارنى بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ئىشلەپچىقىرىدىغان زىرائەتلەرنى تېرىشقا رىغبەتلەندۈردى. بىراق بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلارمۇ نۇرغۇن مەسىلىلەرنى ئېلىپ كەلدى.

## ئاشلىق كرىزىسى :

ياۋروپا ۋە شىمالىي ئامېرىكىدا، نۇرغۇن دېھقانلار ئاشلىق تېرىشتىن ۋاز كېچىپ، بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇغا ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلەرنى تېرىماقتا. بۇ پۈتۈن دۇنيادا ئاشلىقنى كېمەيتىپ، ئاشلىق كرىزىسىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىر ـ ئىككى يىلغا بارمايلا، ئاشلىق يېتىشمەسلىك سەۋەبىدىن ئاشلىق باھاسى ئىككى ھەسسە ئۆسۈپ كەتتى. 2008 ـ يىلى نۇرغۇنلىغان دۆلەتلەردىكى نامراتلارنىڭ ئاساسىي يېمەكلىكى، مەسىلەن: بولكا، گۈرۈچ قاتارلىقلارنى سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتمىگەن. 2008 ـ يىلى 7 ـ ئايدا ياۋروپا ئىتتىپاقى تېخىمۇ كۆپ بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلارنى، مەسىلەن : ئېتىل ئالكوھولنى بېنزىن ئورنىغا دەسسىتىش پىلانىدىن ۋاز كەچتى.

## يامغۇرلۇق ئورمانلارنى كېسىش

ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى كاربون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرىدۇ ھەمدە نەچچە مىليون توننا كاربون (IV) ئوكسىدنى ساقلايدۇ، شۇڭا يامغۇرلۇق ئورمانلار ئىنسانلارنىڭ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىش سۈرئىتىنى ئاستىلىتىشقا ياردەم بېرىدۇ. بىراق ئاسىيا قىتئەسىدىكى دېھقانلار ئىزچىل تۈردە يامغۇرلۇق ئورمانلارنى كېسىپ، بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار ئېھتىياجلىق بولغان زىرائەتلەرنى

تېرىماقتا. بۇ زىرائەتلەرنىڭ كاربون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرۈشى يامغۇرلۇق ئورمانلارغا قەتئىي يەتمەيدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىر نەچچە يىلدىن كېيىن ئورۇپ تاشلىنىدۇ.



2008 ـ يىلى نامرات مىسىرلىقلار بولكىمۇ سېتىۋالالمىدى. چۈنكى نۇرغۇن دېھقانلار بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار ئېھتىياجلىق زىرائەتلەرنى تېرىغاچقا ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى.

### قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

## كاربون زاپىسى

مايلىق پالما ئۇرۇقىدىن بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ياسىغىلى بولىدۇ. بۇ پالمىزارلىقلار ئەسلىدە، ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقى ئىدى. ئۆسۈملۈكلەر ھاۋادىكى كاربون (IV) ئوكسىدنى سۈمۈرىدۇ ھەمدە ئۆسۈشى ئۈچۈن ئوزۇق قىلىدۇ. ئۆسۈملۈك ئۆسكەچ كاربوننى زاپاس ساقلايدۇ. ئۆسۈملۈك قۇرۇغاندىن كېيىن، بۇ ساقلانغان كاربوننى مىكرو جانلىقلار پارچىلاپ ، كاربون (IV) ئوكسىد شەكلىدە ھاۋاغا يېڭىدىن قايتىدۇ، مانا بۇ كاربوننىڭ ئايلىنىشىدۇر. مىنېرال يېقىلغۇلار نەچچە مىليون يىللار ئىلگىرى ئۆسۈملۈك ۋە دېڭىز جانلىقلىرىنىڭ جەسىتىدىن شەكىللەنگەن، بۇ يېقىلغۇلار تەركىبىدىمۇ كاربون زاپاس ساقلانغان. مىنېرال يېقىلغۇلار كۆيۈپ بۇ زاپاس ساقلانغان كاربوننى ئاتموسفېراغا يەنە قويۇپ بېرىدۇ.

يېقىنقى يۈز يىلدىن بۇيان، ئىنسانلار كۆمۈر،تەبئىي گاز قاتارلىقلارنى كۆپ مىقداردا قالدى. ئورمانلىقلارنى خالىغانچە كەستى، سانائەت تېز تەرەققىي قىلدى. يۇقىرىقىلار كاربوننىڭ ئايلىنىشىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىپ ئاتموسفېرادىكى كاربون (IV) ئوكسىد مىقدارىنى ئاشۇردى، نەتىجىدە يەر شارى ئىسسىپ كەتتى.

## بىرىكمە ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل يولغا چىقتى

بەزىلەر بىرىكمە ئېنېرگىيەلىك ماشىنىلارنى ئىشلەتتى، بىراق بۇ ماشىنىلارنىڭ نۆۋەتتىكى باھاسى بەك يۇقىرى.




كەلگۈسىدە ماشىنىنىڭ بېنزىن ۋە دىزېل مېيىنى ئىشلىتىش مىقدارى ھازىرقىدىن كۆپ ئازلايدۇ، بەزى ماشىنىلار بېنزىن ئىشلەتمەي توك ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ. بېنزىن بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان موتور توك بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان موتورغا قارىغاندا كاربون (IV) ئوكسىدنى كۆپ چىقىرىدۇ.

## توكلۇق ماشىنا

توكلۇق ماشىنا كېرەكسىز گاز چىقارمىغاچقا، مۇھىتنى

بۇلغىمايدۇ. بىراق توكلۇق ماشىنىلارنىڭ ھەممىسى چوڭ تىپتىكى ئاككۇمۇلياتور ئارقىلىق ھەرىكەتلىنىدۇ. شۇڭا ئەڭ كۈچلۈك ئاككۇمۇلياتورنىڭ ماشىنا نەچچە يۈز كىلومېتىر يول يۈرگەندىن كېيىن چوقۇم يەنە توكلاش كېرەك. بۇ جەريان ناھايىتى ئاددىي، پەقەت چاتقۇچنى توك مەنبەسىگە سانجىساقلا توكلىنىدۇ. بىراق بۇ توكنىڭ كۆپ قىسمى مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈش ئارقىلىق بولغاچقا، ئاككۇمۇلياتورنى توكلاشمۇ ئوخشاشلا كاربون (IV) ئوكسىد پەيدا قىلىدۇ.

## بىرىكمە ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل

بەزى ئاپتوموبىللار باشقا تىپتىكى ئاپتوموبىللارغا قارىغاندا مۇھىت ئاسرايدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ بېنزىن سەرپىياتى تۆۋەن. بىرىكمە ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل ئەڭ ياخشى مىسالدۇر، بۇ تىپتىكى ماشىنىلارغا كىچىك تىپلىق بېنزىن موتور ۋە ئېلېكتىر موتور سەپلەنگەن. زۆرۈر تېپىلغاندا ئېلېكتىر موتور ئارتۇق ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. ماشىنىنى تورمۇزلىغان ۋە سۈرئەتنى ئاستىلاتقاندا، ئېلېكتىر موتورنى توك بىلەن تەمىنلەيدىغان ئاككومۇلياتور ئاپتوماتىك توكلىنىدۇ.

## ئايروپىلانغا نىسبەتەن ھەل قىلىش لايىھىسى يوق

ئايروپىلان باشقا ھەرقانداق قاتناش ۋاستىسىغا قارىغاندا كاربون(IV) ئوكسىدنى كۆپ قويۇپ بېرىدۇ. بۈگۈنگە قەدەر ئايروپىلاننى يېتەرلىك ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان ھېچقانداق بىر پاكىز يېقىلغۇ تېپىلغىنى يوق. ھازىر ئايروپىلاندا ئولتۇرىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيمەكتە. گەرچە باشقا قاتناش ۋاستىلىرى يېقىلغۇ بېجى تۆلىسىمۇ بىراق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئايروپىلان تۆلمەيدۇ، شۇڭا ئايروپىلان بىلىتى قىممەت ئەمەس.

## ئىشەنگىنىڭىز كەلمەيدۇ!

2008-يىلى ئەنگلىيەدە بېنزىن باھاسى 15% ئۆسكەندىن كېيىن، ئەنگلىيەلىكلەر ماشىنا ھەيدەشنى ئازلاتتى، شۇڭا ئىشلىتىلگەن بېنزىن مىقدارىمۇ 25% تۆۋەنلىدى.

بىرىكمە ئېنېرگىيەلىك ئاپتوموبىل سەرپ قىلىدىغان بېنزىن مىقدارى، ئادەتتىكى تۆت چاقلىق تەك سۈرەيدىغان ماشىنىلارنىڭ 4/1 گە توغرا كېلىدۇ.

ئايروپىلاندا ئولتۇرغانلار يېقىلغۇ بېجى تۆلەش كېرەك

## قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز؟

## قوللايمەن!

ئايروپىلان پەيدا قىلغان پارنىك گازى باشقا ھەرقانداق قاتناش ۋاستىلىرىدىن كۆپ، شۇڭا ئايروپىلاندا ئولتۇرغانلار ئۆزى پەيدا قىلغان پارنىك گازى ئۈچۈن بەدەل تۆلىشى كېرەك.



## قارشى تۇرىمەن!

يېقىلغۇ بېجى يۇقىرى بولغاچ پەقەت بايلارلا ئايروپىلاندا ئولتۇرالايدۇ، ئۇنىڭدىن

باشقا بارلىق دۆلەتلەر چوقۇم بىرلىككە كېلىپ، يېقىلغۇ بېجىنى ئوخشاش نىسبەتتە ئېلىشى كېرەك.

ئايروپىلان ناھايىتى كۈچلۈك موتور بولغاچقىلا ئۇچالايدۇ. شۇڭا ماي سەرپىياتىمۇ بەك يۇقىرى.

## ھىدروگېن گازى بېنزىننىڭ ئورنىنى ئالالامدۇ ؟

ھىدروگېن يېقىلغۇ قېلىندىغان باتارېيە يەر شارى ئىسسىپ كېتىشىنى كونترول قىلالىشى مۇمكىن. كۆنلەرنىڭ بىرىدە ھىدروگېن يېقىلغۇ قېلىندىغان باتارېيە ئاپتوبۇس ۋە شەخسىي ماشىنا ھەمدە ئائىلىمىز ئۈچۈن ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بۇ ئىشلار نەچچە ئون يىلدىن كېيىن رېئاللىققا ئايلىنىشى مۇمكىن.

## يېقىلغۇ باتارېيەسى دېگەن نېمە ؟

يېقىلغۇ باتارېيەسىمۇ توك ساقلايدۇ، بۇ ئاككۇمۇلياتورغا ئوخشاپ قالىدۇ، يېقىلغۇ باتارېيەسى ھىدروگېن گازى بىلەن ئوكسىگېن گازىنى بىرىكتۈرۈپ توك ھاسىل قىلىپ، ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى چىقىرىدۇ. بۇ باتارېيە چىقىرىدىغان بىردىنبىر قوشۇمچە مەھسۇلات سۇ. ھىدروگېن گازى ئېلىشتىكى ئەڭ مۇھىم ئاسرايدىغان ئۇسۇل سۇدىكى ھىدروگېن ئاتومى بىلەن ئوكسىگېن ئاتومىنى ئاجرىتىش. بىراق، بۇ جەريانغىمۇ توك سەرپ بولىدۇ. ئالىملار قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە ساقلىغان توك ئارقىلىق ھىدروگېن ياسىشىنى پىلانلىماقتا. يېقىلغۇ باتارېيەسى ئۇ چاغدا ئاپتوموبىلنىڭ موتورى ۋە مەركىزى ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنىڭ ئورنىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



ئېلىشى مۇمكىن.

## ھىدروگېن گازى دۇنياسى

بىرىنچىدىن ھىدروگېن يېقىلغۇ باتارېيەسىگە ئۆتۈش باشلاندى. نۇرغۇن شەھەرلەر مەسىلەن: كانادانىڭ ۋانكوۋېر ۋە ئەنگلىيەنىڭ لوندون قاتارلىق شەھەرلىرىدە يېقىلغۇ باتارېيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئاپتوبۇس مەيدانغا كەلدى. بۇ ئاپتوبۇسلاردا ماي باكى يوق، پەقەت كاربيۇراتور پولات سىلىندىر بار بىراق ھىدروگېن گازى نېفىتنىڭ ئورنىنى ئېلىشتىن ئىلگىرى، كىشىلەر بارلىق تېز سۈرئەتلىك تاشيولغا ھىدروگېن گازى پونكىتى قۇرۇش كېرەك. نورۋېگىيە ۋە ئامېرىكىنىڭ كالفورنىيەدە ھىدروگېنلىق تېز سۈرئەتلىك تاشيول ياسالدى.




ئەنگلىيەنىڭ ھامبۇرگ شەھرىدىكى بۇ ئاپتوبۇس ھىدروگېن يېقىلغۇلۇق باتارېيە بىلەن ھەرىكەتلىنىدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

## ھىدروگېن گازى بىخەتەرمۇ؟

1937-يىلى 5-ئاينىڭ 6-كۈنى، ئامېرىكا يېڭى جىرسى ئىشتاتىدا، «ھىندېنبۇرگ» ناملىق ئۇچار كېمە

سىستېمىسىنى ئىشلەشتىن توختىتىپ، ماي قاچىلاش پونكىتىغا قونۇۋاتقاندا، ئۇچار كېمىگە ئوت كەتتى.

گەرچە ھىدروگېن گازىنى يېقىلغۇ قىلىش نېفىتنى يېقىلغۇ قىلىشقا قارىغاندا خەتىرى كىچىكرەك بولسىمۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ھىدروگېن يېقىلغۇسىدىن بەك قورقىدۇ. بۇنداق بولۇشتىكى مۇھىم سەۋەب بۇنىڭدىن 70 يىل ئىلگىرى ھادىسە يۈز بەرگەن.

«ھىندىنبۇرگ» ناملىق ئۇچار كېمە غايەت زور ھىدروگېن شارى بىلەن ھەرىكەتلىنىدىغان ئۇچار كېمە ئىدى. 1937 ـ يىلى 5 ـ ئايدا بۇ ئۇچار كېمە خادىملارنى ئېلىپ، تىنچ ئوكياننى كېسىپ ئۆتۈپ يېڭى جېرسى ئىشتاتىدا يەرگە قونغان. يەرگە قونۇۋاتقاندا ئۇچار كېمىگە ئوت كەتكەن ھامان پارتلىغان. ئۇچار كېمىدىكى 97 خادىمدىن 35 خادىم قازا قىلغان. بۇ قازا ھاۋا بوشلۇقىدا يۈز بەرگەچكە نەچچە مىڭ كىشى «ھىندىنبۇرگ» ناملىق ئۇچار كېمىنىڭ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە، كۆيۈپ كۈل بولغىنىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. كىشىلەر قازا قىلغۇچىلارنى كۆپى ئوتتا كۆيۈپ ئۆلگەن دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەت ئۇنداق ئەمەس، كۆپ قىسىم كىشىلەر ئوت يالقۇنىدىن قېچىپ، ھاۋادىن سەكرەپ قازا قىلغان.

## يېڭى تىپتىكى باتارېيەنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىنسانلار ھەريىلى نەچچە مىليارد دانە باتارېيە ئىشلىتەتتى، بۇ خىل ئەھۋال ناھايىتى تېزلا ئۆتمۈشكە ئايلاندى. يانفون، خاتىرە كومپيۇتېر ۋە باشقا ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنىڭ بارغانسېرى مۇرەككەپلىشىشىگە ئەگىشىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىنسانلار چوڭراق ئېنېرگىيە بىلەن بۇ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ھەرىكەتلەندۈرۈشكە ئېھتىياجلىق بولدى، بىر قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدىغان باتارېيىنىڭ توكى ناھايىتى تېزلا تۈگەيدۇ، توكلىغىلى بولىدىغان باتارېيەنى ئىزچىل توكلاپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ. يېقىلغۇ باتارېيە ۋە قوياش ئېنېرگىيەسى تەمىنلىگەن توك مىقدارى بىر قېتىم ئىشلەتكىلى بولىدىغان باتارېيە ۋە توكلىغىلى بولىدىغان باتارېيىنىڭ توك مىقدارىدىن ئىنتايىن كۆپ.

## مىكرو يېقىلغۇ باتارېيە

ھەجمى ئىنتايىن كىچىك يېقىلغۇ باتارېيە ــــ مىكرو يېقىلغۇ باتارېيە ياسالدى. بەزى شىركەتلەر مىكرو يېقىلغۇ باتارېيە ياساپ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەر ئۈچۈن ئېنېرگىيە قىلدى. مەسىلەن: خاتىرە كومپيۇتېر. ئۇلار ھىدروگېن گازى، مېتىل ئالكوھول ۋە ئېتىل ئالكوھولنى يېقىلغۇ قىلدۇ، بىراق باتارېيىنىڭ نورمال خىزمەت قىلىشى ئۈچۈن بۇ يېقىلغۇلارنى ئالماشتۇرۇش ۋە قايتا قاچىلاش كېرەك.

ئۇنىڭ ئۈستىگە ھىدروگېن گازى ئېلىش ۋە مېتىل ئالكوھول بىلەن ئېتىل ئالكوھولنى ئىشلىتىش ئوخشاشلا پارنىك گازى پەيدا قىلىدۇ. كەلگۈسىدە مىكرو ھىدروگېن يېقىلغۇ باتارېيىنى توكلاش ئۈچۈن پەقەت سۇ قاچىلىساقلا توكلىنىدۇ. بىراق يېقىلغۇ باتارېيەنىڭ باھاسى ئىنتايىن قىممەت، نۆۋەتتە بۇ خىل باتارېيە ئالەم بوشلۇقى خىزمىتىدە ياكى يىراق جايلاردا توك چىقىرىش ئۈچۈن ئىشلىتىلمەكتە. ئۇنىڭدىن باشقا، ھىدروگېن گازى ئۈچۈچان، ئىنتايىن ئاسان ياندىغان گاز بولغاچقا، ساقلاش ئىنتايىن تەس.

## قوياش ئېنېرگىيەلىك توكلىغۇچ

قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە قوياش ئېنېرگىيەسىنى سۈمۈرىدۇ ھەمدە ئۇنى توكقا ئايلاندۇرىدۇ. بەزى شىركەتلەر قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيەنى ياساپ چىقتى، بۇ باتارېيە كۈندۈزدە قوياش ئېنېرگىيەسىنى يىغىپ كەچتە ئاككۇمۇلياتورنى توكلايدۇ.

گەرچە قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيىنىڭ توكلىنىش سۈرئىتى بىر قەدەر ئاستا بولسىمۇ، ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، ئەمما ئۇ پارنىك گازى پەيدا قىلمايدۇ ھەمدە يېقىن ئەتراپتا توك مەنبەسى بولمىغان شارائىتتا ئۇ ئۆز رولىنى يەنىلا جارى قىلدۇرىدۇ.

## توكلاش ھاجەتسىز باتارېيە

ئىنسانلار قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە بىلەن بىر قىسىم كومپيۇتېرلارنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىدى. قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيىنىڭ توكى مەڭگۈ تۈگىمەيدۇ، توكلاشمۇ ھاجەت ئەمەس، بىراق ئالىملار ۋە ئىنژېنېرلار قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيىنىڭ توك مىقدارىنىڭ ناھايىتى ئازلىقىنى، مۇرەككەپ ئېلېكترونلۇق ئۈسكۈنىلەرنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىشىنىڭ تەسلىكىنى بايقىدى.

نۆۋەتتە بەزى شىركەتلەر سېزىمچان ئېكران كەينىگە كۆپ مىقداردىكى قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە ئورۇنلاشتۇردى. بەزى شىركەتلەر بۇ باتارېيەنىڭ تېلېفون ۋە خاتىرە كومپيۇتېرنى يېتەرلىك توك بىلەن تەمىنلىيەلىشىنى ئۈمىد قىلماقتا. كەلگۈسىدە قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيىنىڭ

ئىشلىتىلىشى ناھايىتى كەڭ بولىدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ يەنە بىر يۈزى

## توكلىنىدىغان باتارېيە

توكلىنىدىغان باتارېيە، توكلاش قېتىمى چەكلىك بولغان توكلىنىدىغان باتارېيە بولۇپ، توكلىغۇچ بىلەن بىللە ئىشلىتىلىدۇ. كۆپ قىسىم توكلىنىدىغان باتارېيەنىڭ ئۆمرى بەش يىل ئەتراپىدا بولۇپ، بىر قېتىم ئىشلىتىلىدىغان باتارېيەگە قارىغان ئۆمرى كۆپ ئۇزۇن. ھازىر توكلىنىدىغان باتارېيە بىلەن توكلىنىدىغان ئۇسكۈنە بىر گەۋدىلىشىپ، يېڭى بىر ئەۋلاد توكلىنىدىغان باتارېيە لايىھەلەش تەرەققىي قىلماقتا. بىراق توكلىنىدىغان باتارېيىدە زەھەرلىك مېتال كادمىي بار. توكلىنىدىغان باتارېيە تاشلىۋېتىلگەندىن كېيىن مۇھىت بۇلغىنىدۇ. پارنىڭ گازى پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا توكلىنىدىغان باتارېيە ئېھتىياجلىق بولغان توكمۇ يەنە مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشتىن ھاسىل بولىدۇ.




مانا بۇلار توكلىنىدىغان باتارېيە، ئەگەر بۇ باتارېيەلەر توكلىنىش جەريانىدا ئىشلىتىلىدىغان توك مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشتىن ھاسىل بولسا، ئۇنداقتا ئۇلارمۇ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى تېزلىتىدۇ.




بۇ خىل كىچىك تىپتىكى ھىدروگېن يېقىلغۇلۇق باتارېيە تېلېفوننى توكلىماقتا.

## ئېكولوگىيەلىك تۇرالغۇ كاربون (IV) ئوكسىد چىقارمايدۇ

كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن كەلگۈسىدىكى قۇرۇلۇشلار ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېجىشى كېرەك، بۇنداق قىلغاندا پۇل تېجەپلا قالماي، بەلكى پارنىك گازى قويۇپ بېرىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ. شۇڭا تۇرالغۇ لايىھەلىگەندە چوقۇم ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېجەشنى مەقسەت قىلىش كېرەك، بۇ قۇرۇلۇشلار قوياش ئېنېرگىيەسى ياكى شامال ئېنېرگىيەسىدىن توك چىقىرالايدىغان بولۇشى كېرەك.

## ئېكولوگىيەلىك تۇرالغۇ

كىشىلەر ئېكولوگىيەلىك تۇرالغۇ لايىھەلىگەندە ئاساسلىقى ئېنېرگىيە تېجەشنى مەقسەت قىلىدۇ. مەسىلەن: بۇ تۇرالغۇلارغا مەركىزىي ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسى ۋە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورناتمايدۇ. ئەكسىچە بۇ ئۆيلەرنىڭ دېرىزىسى قوياشقا قارايدۇ. بۇنداق بولغاندا قوياش نۇرى ئۆينى ئىسسىتىدۇ. چۈنكى ئۆينىڭ تېمى ۋە ئۆگزىسى ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەيدىغان بولغاچقا، ئىسسىقلىق تارقاپ كەتمەيدۇ. ياز پەسلىدە بۇ خىل ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەس ماتېرىيالنىڭ توسۇشى بىلەن ئۆي سالقىن بولىدۇ. ئېكولوگىيەلىك تۇرالغۇ يەنە كېرەكسىز سۇ ۋە ئاشخانا ئەخلەتلىرىنى يىغىۋېلىپ پايدىلىنىدۇ.

## كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىشىلەر بەزىبىر ئۆزگەرتىشلەر بىلەن ئائىلە پەيدا قىلىدىغان كاربون (IV) ئوكسىدنى ئازايتتى، بىر ئاددىي ئۇسۇل ئەنئەنىۋى لامپىنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان لامپىغا ئالماشتۇرۇش.

ئېنېرگىيە تېجەيدىغان لامپىنىڭ توك سەرپىياتى ئەنئەنىۋى لامپىنىڭ 5/1 گە توغرا كېلىدۇ ھەمدە ئېنېرگىيە تېجەيدىغان لامپىنىڭ ئۆمرى ئەنئەنىۋى قوياش نۇرلۇق لامپىدىن 8 ھەسسە ئۇزۇن. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى نۇرغۇن ئاھالىلەر توك ئىشلەتكەندە تەخمىنەن 3/1 قىسىم توكنى ئىسراپ قىلىدۇ. شۇڭا كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازلىتىدىغان ئۇسۇل دەل توك ئىسراپ قىلىشنى توختىتىش.



بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە شامالدۇرغۇچ ئورنىتىلغان بولۇپ، بۇ شامالدۇرغۇچ ئۆينى سالقىنلاشتۇرىدۇ، شۇڭا بۇ ئۆيگە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىشنىڭ ھاجىتى يوق.

## ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ !

مەركىزىي ئىسسىتىش سىستېمىسىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 1.5 سېلسىيە گرادۇس تۆۋەنلىتىلسە ھەريىلى 1.1 توننا كاربون قويۇپ بېرىشنى ئازايتقىلى بولىدۇ.

نۇرغۇن ئۆيلەردىكى 4/1 قىسىم ئىسسىقلىق

توسىمايدىغان ئۆگزە ئارقىلىق تارقىلىپ كېتىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## يېڭى مېكسىكا تاۋۇس بازىرى

تاۋۇس كەنتىدىكى قۇملۇقنىڭ شىمالىدا 130 ئائىلىلىك بىر كەنت بار، بۇ ئاھالىلەر ئولتۇرىدىغىنى ئادەتتىكى ئۆي بولماستىن، بەلكى ھېچقانداق كاربون (IV) ئوكسىد چىقارمايدىغان «يەر شارى كېمىسى» دە ئولتۇرۇدۇ. بۇ ئۆيلەر لاي بىلەن يىغىۋېلىنىدىغان ماتېرىيال مەسىلەن: ماشىنىنىڭ بالۇنى، ئەينەك شېشە قاتارلىقلاردىن ياسالغان. ئۆينىڭ ئۆگزىسىگە قوياش ئېنېرگىيەلىك باتارېيە تاختىسى ۋە شامال كۈچى تۇربىناسى ئورۇنلاشتۇرۇپ توك چىقىرىدۇ. ھەر بىر ئائىلە ئۆزلىرىنىڭ كېرەكسىز سۇيىنى يىغىپ ئۆزى ئىشلىتىدۇ.

## ھەرىكەتكە كېلەيلى !

پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرى يەر شارىنىڭ ئىسسىشىغا بىرلىكتە تاقابىل تۇرۇشى كېرەك، ھۆكۈمەت مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرمەيدىغان ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنى قۇرۇش كېرەك. سودا تارماقلىرى ۋە باشقا ئورگانلار ھەرىكەت ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشى كېرەك. ئىشخانا بىناسى ۋە زاۋۇتلار كاربون (IV) ئوكسىدنى قويۇپ بېرىشنى ئىمكانقەدەر ئازايتىشى لازىم. ئائىلىلەرمۇ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى ئاستىلىتىش ئۈچۈن، بىر كىشىلىك ھەسسە قوشۇشى كېرەك. مەسىلەن:

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



يۇقىرى ئۈنۈملۈك فلۇئورېسسېنسىيەلىك چىراغنى تاللاش؛ توڭلاتقۇنىڭ قىروۋسىز ھالىتىنى ساقلاش؛ ئورگانىك ماتېرىياللارنى، مەسىلەن: قەغەز، يېشىل قەغىزى قاتارلىقلارنى تەكرار ئىشلىتىش. ئەتراپىڭىزدىكى ئائىلىلەرگە ۋە مەكتەپكە قاراڭ، سىز يەنە ئېنېرگىيە مەنبەسىنى تېجەيدىغان قايسى ئۇسۇللارنى تاپالايسىز؟



ۋېلسىپىت مىنىش مۇھىت ئاسراپلا قالماستىن، بەلكى سالامەتلىككىمۇ پايدىلىق.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

### توك تېجەش:

- چىراغنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ
- تېلېۋىزور ۋە DVD نى كۆرمىسىڭىز ئۆچۈرۈۋېتىڭ، تورمۇزلاپ قويماڭ.
- ئەگەر كومپيۇتېردىن بىر نەچچە مىنۇت ئايرىلسىڭىز كومپيۇتېرىڭىزنىڭ «ئۇخلاش» ھالىتىدە قويۇڭ.
- تېلېفوننى توكلاپ بولۇپلا، توكلىغۇچتىن ئېلىۋېتىڭ.
- ھەر قېتىم توڭلاتقۇ ۋە توڭلىتىش ساندۇقىنى قىسقا ئېچىڭ.
- ئاتا ـ ئانىڭىز ۋە مەكتىپىڭىزنى مۇنداق قىلىشقا قايىل قىلىڭ:
- ئەنئەنىۋى لامپىنى ئېنېرگىيە تېجەيدىغان لامپىغا ئالماشتۇرۇش
- ئۆيدە ياكى مەكتەپتە ئادەم بولمىسا، مەركىزىي

ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەش سىستېمىسىنى ئېتىۋېتىش.

- ئۆيدە ياكى مەكتەپتە ئادەم بولمىسا، ھاۋا تەڭشىگۈچنى ئېتىۋېتىش.
- ئۆگزىدىن ئىسسىقلىق ئۆتكۈزمەسلىك.
- دېرىزە شامالنى توسىدىغان ھەمدە ئىسسىقلىقنى تارقاتمايدىغان بولسۇن.
- كىيىمنى سىرتقا يېيىپ قۇرۇتۇڭ، دەزمالدا قۇرۇتماڭ.
- بېنزىن تېجەش :
- يول ئۇزۇن بولمىسا پىيادە ياكى ۋېلسىپت بىلەن بېرىڭ، ماشىنا ھەيدىمەڭ.
- يول ئۇزۇن بولسا ئاپتوبۇستا ياكى پويىزدا ئولتۇرۇڭ، ماشىنا ھەيدىمەڭ.
- ماشىنا ئىشلەتمىسىڭىز بولمايدىغان ئەھۋالدا ئىمكان بار دوستىڭىز بىلەن بىرلىكتە ئىشلىتىڭ.
- ئاتا ـ ئانىڭىزنى بۇنداق قىلىشقا قايىل قىلىڭ :
- بەك زۆرۈر بولمىسىلا ئايروپىلاندا ئولتۇرمىسۇن.
- ئائىلە ماشىنىڭىزنى تۆۋەن كاربون قويۇپ بېرىدىغان تىپقا ئالماشتۇرسۇن.
- ماشىنا ھەيدىگەندە ئىمكان بار ئاستا ھەيدەڭ، بېنزىن تېجىلىدۇ.
- ماشىنىغا يۈك ـ تاقا جازىسى كېرەك بولمىغاندا، دەرھال ئېلىۋېتىڭ.
- ماشىنىڭىزدىكى ئىشلەتمەيدىغان ئېغىر نەرسىلەرنى سۆكۈۋېتىڭ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.c



# 5. بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش

## يەرشارىدىكى بۇلغىنىش ۋەھىمىسى

يەرشارىدا تەخمىنەن 6 مىليارد 600 مىليون ئادەم بار. ھەممە ئادەم كۆپ مىقداردا يېمەكلىك ۋە سۇ خورىتىدۇ. ئۇلار ئۆيدە ئولتۇرىدۇ، مال سېتىۋالىدۇ، ماشىنىلاردا، ئاپتوبۇسلاردا ۋە ئايروپىلانلاردا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى كۆپ مىقداردا بۇلغانما ۋە ئەخلەت چىقىرىدۇ. بۇ بۇلغانمىلار ۋە ئەخلەتلەر ئاخىرقى ھېسابتا دېڭىز ـ ئوكيان، تۇپراق ۋە ھاۋادا ماكانلىشىدۇ.

بىزنىڭ پىلانېت ھازىر ئەڭ خەتەرلىك ھالدا. بۇلغىنىش ــــ ساغلاملىقىمىزدىن تارتىپ ئەتراپىمىزدىكى دۇنياغا قەدەر تاجاۋۇز قىلماقتا. بۇلغىنىش يەنە كىلىمات ئۆزگىرىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئامىللىرىدىن بىرى. ھەممىمىزنىڭ بۇلغىنىشنى تىزگىنلەش بۇرچىمىز بار.

## ئالدىمىزدىكى يول

بۇلغىنىش ــــ ئالىملارنى پاكىز ئېنېرگىيە مەنبەسى ۋە مەھسۇلاتلارنى ئېچىشقا مەجبۇر قىلدى، بۇ مەھسۇلاتلارنى

مۇھىت ئۈچۈن تېخىمۇ دوستانىلاشتۇردى. ئالىملار بۇلغانمىلارنىڭ پىلانىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىشىنى توسۇش ئۇسۇلىنى ئىزدىمەكتە. ھۆكۈمەتمۇ زەھەرلىك، خىمىيەلىك ماددىلارنى ۋە كېرەكسىز ماددىلارنى قويۇپ بېرىشنى چەكلىمەكتە. كىشىلەر ئېھتىياجلىق تاۋارلارنى سېتىۋېلىشنى ئازايتىپ، ھەمدە ھازىرقى مەھسۇلاتلارنى تەكرار ئىشلىتىپ، تېخىمۇ كۆپ كېرەكسىز ماددىلارنى چىقىرىشنى چەكلىدى.



نيۇيورك مەركىزى باغچىدىكى ئورمان كۆپ مىقداردىكى كاربون IV ئوكسىدنى سۈمۈرۈپ، شەھەر ھاۋاسىنىڭ ساپلىقىغا تۆھپە قوشماقتا.

## قىزىق نۇقتا

## مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى دۇنيادىكى بۇلغىنىش ئەڭ ئېغىر رايون

تۆۋەندىكى شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە ھاۋا، تۇپراق ياكى سۇ بۇلغانغان، بەزى شەھەرلەردە يەنە يۇقىرىدا دېيىلگەن ئۈچ خىل بۇلغىنىش تەڭ مەۋجۇت. تىپىك بۇلغانما ماددىلار كاربون IV ئوكسىد ياكى قوغۇشۇندۇر. بۇلغىنىش ئەڭ ئېغىر ئون چوڭ شەھەرنىڭ تىزىملىكى ھەر يىلدا ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. 2012-يىلى، دۇنيادىكى بۇلغىنىش ئەڭ ئېغىر 10 چوڭ شەھەر: تەيۋەن — ختتاي، ميلان — ئىتالىيە، بېيجىڭ — ختتاي، ئۇرۇمچى — ختتاي، مېكسىكا شەھرى — مېكسىكا، لەنجۇ — ختتاي، چۇڭچىڭ — ختتاي، جىنەن — ختتاي، شىجياجۇاڭ — ختتاي ۋە تېھران — ئىران.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com






سانائەتتە ئىشلىتىلىدىغان قوغۇشۇننىڭ 70%تى باتارېيە ياساشقا ئىشلىتىلىدۇ. قوغۇشۇن سۇ ۋە تۇپراقنى بۇلغايدۇ.

## قاتناش يەرشارىنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاتماقتا

2020 - يىلىغا بارغاندا يەرشارىدا يولغا چىققان موتورلۇق ماشىنىلار 1مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدۇ. موتورلۇق ماشىنىلار كۆپ مىقداردا كاربون IVئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ. بۇ گاز ئاتموسفېراغا يىغىلىپ، يەرشارى ئەتراپىدىكى ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى سۈمۈرىدۇ. كاربون IVئوكسىد كىلىمات ئۆزگىرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان پارنىك گازىنىڭ بىرى.

## يەر شارى يۈزىدىكى بۇلغىنىش

ئىنسانلار قويۇپ بەرگەن كېرەكسىز گازلار يەر يۈزىدە بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ.ئەنگلىيەدە ھەريىلى تەخمىنەن 24 مىڭ ئادەم كېرەكسىز گازدىن نەپەسلىنىپ ئۆلىدۇ. يامغۇر سۈيى نېفىت، كاربون بىرىكمىلىرى ۋە تاشيولدىكى بالون پارچىلىرىنى ئېقىتىپ، تۇپراق ۋە سۈنى بۇلغايدۇ.

## ھاۋا سەپىرى

ئاتموسفېرا قەۋىتىدە ئايروپىلان چىقارغان ئىس تەسىرىدە، تېز سۈرئەتلىك ھاۋا ئېقىمى پەيدا بولىدۇ. تېز سۈرئەتلىك ھاۋا ئېقىمى ھاۋانىڭ تېز شىددەتلىك ئېقىشىدۇر،

ئۇ يەرشارى كلىماتىنى كونترول قىلالايدۇ. تېز سۈرئەتلىك ھاۋا ئېقىمى ھەردائىم ئۆزگىرىدۇ، بەزىدە شىددەتلىك سىكلون پەيدا قىلىدۇ، مەسىلەن : تەيفۇڭ بورىنى.

## يېڭى تىپتىكى يېقىلغۇ

قاتناش بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۇسۇلى بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ئىشلىتىش، بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ زىرائەتلەردىن ياسىلىدۇ. مەسىلەن: ۋىندىمىل پالما ئۇرۇقى. بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار كۆيگەندە كۆپ مىقداردا كاربون قويۇپ بەرمەيدۇ. كۆپ قىسىم بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلارنى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردىكى نامرات دېھقانلار تېرىيدۇ. بىراق ئۇلار ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغىنى ـ يېقىلغۇ قىلىدىغان زىرائەت بولماستىن، بەلكى ئاشلىق بولىدىغان زىرائەتتۇر.

نىگېرىيەنىڭ لاگوس شەھىرى ئاھالىسى، ھەر ئىككى كۈندە بىر ئۆز ماشىنىلىرىنى ئىشلىتەلەيدۇ.

كىشىلەر شەخسىي ماشىنىسىدا ئەمەس، ئاممىۋى قاتناشتا ئولتۇرۇشى كېرەك !



**قوللامسىز ، قارشى تۇرامسىز ؟**

**قوللايمەن !**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاممىۋى قاتناش شۇبھىسىزكى مۇھىتقا پايدىلىق. ئاممىۋى قاتناشقا كىچىك ماشىنىغا قارىغاندا كۆپ ئادەم سىغىدۇ، شۇڭا بۇلغىنىشنى ئاز پەيدا قىلىدۇ. ئىشلىتىدىغان يېقىلغۇسى ۋە پەيدا قىلغان بۇلغىنىشىدىن قارىغاندا، تۆمۈر يول قاتنىشىنىڭ ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى.

## قارشى تۇرىمەن.

شەخسى قاتناش ئاممىۋى قاتناشقا قارىغاندا راھەت ھەم قولاي. ئاپتوبۇس ياكى پويىز ساقلاشقا كۆپ ۋاقىت كېتىدۇ، ئاممىۋى قاتناش دائىم كىچىكىدۇ، مۇلازىمەت دائىرىسى چەكلىك، بىلىتى قىممەت.



ياپونىيە دۇنيادىكى پويىز مۇلازىمىتى ئەڭ پاكىز دۆلەتلەرنىڭ بىرى.

## تۇرخۇنلارنىڭ تەھدىتى

ھەرىيلى، پۈتۈن دۇنيادىكى سانائەت نەچچە يۈز مىليون توننا زەھەرلىك گاز قويۇپ بېرىدۇ، مەسىلەن: كاربون IVئوكسىد ۋە مېتان. ئائىلىدە قاتتىق يېقىلغۇ، مەسىلەن: كۆمۈر، تېزەك ۋە ئوتۇن قالىغاندا بىخەتەرلىك ئۆلچىمىدىن نەچچە ھەسسە يۇقىرى ئىس ۋە كېرەكسىز گاز چىقىرىدۇ.

## تېمپېراتۇرا ئۆزۈكسىز ئۆرلىمەكتە

ئۆتكەنكى 150 يىلدا يەرشارىنىڭ ئوتتۇرىچە

تېمپېراتۇرىسى 0.7 سلسىيە گرادۇس ئۆرلەپ كەتتى. تېمپېراتۇرىنىڭ ئۆرلىشى مۇزلارنىڭ ئېرىشى ۋە دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، بۇ مەزگىلدە سانائەتتىن بۇلغىنىش بىر چوڭ مەسىلىگە ئايلاندى، يەرشارىدىكى بەزى رايونلاردا، بۇلغىنىش شىددەتلىك بوران - چاپقۇنىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، ئەسلىدىنلا قۇرغاق رايونلار تېخىمۇ قۇرغاقلىشىپ كەتتى.

## زاۋۇت كېرەكسىز گازى

زاۋۇت كېرەكسىز گازىنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسى شەھەردىكى دەريا ئېقىنلارنىڭ ۋە كۆل سۇلىرىنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىۋەتتى. بۇ ئەھۋال سۇدىكى ئوكسىگېن مىقدارىنى تۆۋەنلەتتى، نەتىجىدە سۇدىكى ئۆسۈملۈك قۇرت - قوڭغۇز، بېلىق تۈرىدىكىلەر ياشاشقا ئامالسىز قالدى.

بۇ سۇدىكى ھاياتلىقسىز ماكانىنى كىشىلەر «ھالاكەت رايونى» دەپ ئاتاشتى.

## كېرەكسىز گازنى بىر تەرەپ قىلىش

ئىنسانلار بۇلغىنىشنىڭ چوڭ مەسىلە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يەتتى، دۇنيادا نۇرغۇن زەھەرلىك گازلارنى قويۇۋېتىش چەكلەندى، بەزى زاۋۇتلار ئىسسىقلىق ئېنېرگىيە بىلەن كېرەكسىز گازنى تەكرار ئىشلىتىپ، ئېنېرگىيە تېجىمەكتە. بەزى زاۋۇتلار كېرەكسىز گازنى ھاۋاغا قويۇۋېتىشتىن ئىلگىرى تازىلىدى. نۇرغۇن زاۋۇتلار بۇلغانما قويۇپ بېرىشنى نۆلگە چۈشۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

ئامېرىكا مۇھىت ئىدارىسىنىڭ ئۆلچىگەن سانلىق مەلۇماتىغا ئاساسلانغاندا، بۇ دۆلەتتە زاۋۇت قويۇۋەتكەن كېرەكسىز گاز تۈپەيلىدىن ھەر يىلى 2800 ئادەم ئۆپكە راكىغا گىرىپتار بولىدىكەن.

ئامېرىكىدا زاۋۇت كېرەكسىز گازى يەنە ھەر يىلى 38000 كىشىنىڭ يۈرەك كېسىلىنى قوزغايدىكەن.



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى زاۋۇتلار كۆپ مىقداردا كېرەكسىز گاز قويۇۋېتىدۇ. ئالىملار نۆۋەتتە بۇ گاز يەر شارىغا يەنە قانداق تەسىرلەرنى ئېلىپ كېلىدۇ تېخى ئېنىق بىلگىنى يوق.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## خىتتاي

خىتتاينىڭ بەزى رايونلىرىدىكى ئېغىر ھاۋا بۇلغىنىشنى يامغۇر تازىلاپ بولالمايدۇ، چۈنكى ئېغىر ھاۋا بۇلغىنىش تۈپەيلى يامغۇر تامچىسى شەكىللىنەلمەيدۇ. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن، خىتتاي ھۆكۈمىتى بۇلۇت قاتلىمىغا ئايروپىلان ئەۋەتىپ، قۇرۇق مۇز (قاتتىق ھالەتتىكى كاربون IVئوكسىد) ياكى كۈمۈش يودىد دەپ ئاتىلىدىغان خىمىيەلىك ماددا ئىشلىتىپ يامغۇر ھاسىل قىلىدۇ. يامغۇردىن كېيىن،

شەھەرنىڭ ھاۋا بۇلغىنىش ھالىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىدۇ.



سۈنئىي يامغۇر قۇرغاق رايونلارنىڭ قۇرغاقچىلىقىغا داۋا بولدى.

## يادرو ئېنېرگىيەسى ئەڭ ياخشى تاللاشمۇ؟

يادرو ئېنېرگىيەسى —— يەر شارى ئىسسىپ كېتىشنى ھەل قىلىشنىڭ ئۇسۇللىرىدىن بىرى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. يادرو ئېنېرگىيەسى زەھەرلىك گاز چىقارمايدۇ. فرانسىيە يادرو ئېنېرگىيەسىنى كۆپ مىقداردا ئىشلىتىدۇ، ئۇ تەرەققىي قىلغان ئەللەر ئىچىدە ھاۋاسى ئەڭ پاكىز دۆلەت. فرانسىيەنىڭ توك پۇلمۇ ئەڭ ئەرزان.

## يادرو ئېنېرگىيەسى مەسىلىسى

يادرو ئېنېرگىيەسى ئىنتايىن غايەت زور مەسىلە. ئۇ ئۇران دەپ ئاتالغان خەتەرلىك خىمىيەلىك ماددىنى ئىشلىتىدۇ، ئۇران كۆرگىلى بولمايدىغان ئەمما زىيانلىق نۇر قويۇپ بېرىدۇ. يادرو ئەخلەتلىرىمۇ شۇنداق نۇر قويۇپ بېرىدۇ. ئەگەر ئادەم رادىئاتسىيەنى شورىسا ياكى مىكرو رادىيوئاكتىۋلىق كېرەكسىز ماددىنى يۇتۇپ سالسا، بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەر زىيانكەشلىككە ئۇچرايدۇ. يادرو كېرەكسىز ماددىلىرى تۇپراق ۋە سۇنى بۇلغايدۇ، بۇ خىل زىيان بىر قانچە يىل داۋاملىشىدۇ.

## ئىشەنگىڭىز كەلمەيدۇ !

دۇنيادىكى 17% توك يادرو ئېنېرگىيەسىدىن كېلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادا 345 يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار. دۇنيادىكى 30% دۆلەتتە يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى بار.

## يادرو كىرەكسىزلىرى پەيدا قىلغان ئاۋارىچىلىق

بىر يادرو رېئاكتورى ھەر يىلى 30 توننىدىن كۆپ رادىيوئاكتىۋلىق كېرەكسىز ماددا چىقىرىدۇ. بۇ يادرو كېرەكسىزلىرى بىر تەرەپ قىلىش ناھايىتى قىيىن ھەمدە خىراجەتمۇ كۆپ كېتىدۇ.

فىرانسىيەدىكى توكنىڭ كۆپ قىسمى يادرو ئېنېرگىيەسىدىن كەلگەن، شۇڭا فىرانسىيە تۇپرىقىغا تەخمىنەن بىر مىليون كۇب ئەتراپىدا يادرو يېقىلغۇ يادرو كېرەكسىزلىرى كۆمۈلدى. فىرانسىيىدىكى كۆپ قىسىم يادرو كېرەكسىزلىرى لاخىجىكەيىپ پورتىغا توشۇلۇپ، ئۇ يەردە «بىر تەرەپ قىلىشنى چەكلەش» ئېلىپ بارىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، يادرو كېرەكسىزلىرىنى قايتا بىر تەرەپ قىلىپ، قېلىن قاچىدا ساقلاپ، بۇ كېرەكسىزلەرنىڭ كۆپ قىسمىنى يېڭى ئېنېرگىيە مەنبەسى قىلىپ تەكرار ئىشلىتىشكە بولىدۇ.



ئوتتىن سىگنال بەرگۈچ ئىنچىكە بىر تەرەپ قىلىنىشى كېرەك، چۈنكى ئۇنىڭدا رادىيوئاكتىپلىق ماددىلار بار.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## چىرنوبىل، ئۇكرائىنا

1986 - يىلى 4 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئۇكرائىنانىڭ چىرنوبىلدىكى بىر يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى پارتلاپ كەتكەن. پۈتكۈل ئېلېكتىر ئىستانسىسى دېگۈدەك كۆيۈپ كەتكەن. رادىيوئاكتىپلىق تۈتۈن پۈتۈن ياۋروپانى قاپلىغان، ھەتتا يىراق ئامېرىكىنىڭ شەرقىي دېڭىز قىرغاقلىرىغىمۇ يېتىپ بارغان. چىرنوبىلدىكى بەزى كىشىلەر رادىئاتسىيەدە قازا قىلغان. پارتلاش ۋەقەسىدىن كېيىن 350 مىڭ كىشى كۆچۈشكە مەجبۇر بولغان.



بۇ رەسىم، چىرنوبىل يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ 1986 - يىلى پارتلاشتىن ئىلگىرىكى كۆرۈنۈشى.

## نېفىت ئېقىشنىڭ تەسىرى ئېغىر

نېفىت بىر خىل مىنېرال يېقىلغۇكۆيدۈرگەندە زەھەرلىك ئىس قويۇۋېتىدۇ، نېفىت ئېقىپ كېتىش ياۋايى ھايۋانلارنى ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى ئۆلتۈرىدۇ، سۇ ۋە تۇپراقنى زەھەرلەيدۇ.

## ھەممە يەرگە تارقالغان نېفىت

تەخمىنەن 60% نېفىت ئېقىشنى تاشيولدا نېفىت

www.uyghurkitap



تامچىلاش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، قاتناش قورالىدىن ئاققان نېفىت تاشيوللارغا چۈشۈپ تۇپراق ۋە سۇغا سىڭىدۇ. نېفىت ئېقىش مانا مۇشۇنداق يۈز بېرىدۇ.

يەنە 30% نېفىت ئېقىشنى نېفىت سانائىتى ۋە نېفىت توشۇش كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ لەيلىمە نېفىت دېڭىز قىرغاقلىرىنى قاپلاپ، ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرگە زىيانكەشلىك قىلىدۇ. بولۇپمۇ قۇش ۋە بېلىقلارغا. قالغان 10% نېفىت ئېقىش يەر يۈزىدىن تەبىئىي سىڭىشتىن پەيدا بولىدۇ. يەنە ئىنتايىن ئاز بىر قىسمى بولسا نېفىت كۆيۈپ ھاۋادا تامچە شەكىللىنىپ، ئاندىن يەرگە تامچىلايدۇ.

## دېڭىز - ئوكياننى قۇتۇلدۇرۇش

ئەگەر مەلۇم جايدا نېفىت ئېقىش يۈز بەرسە، سۈنئىي ھەمراھ ۋەقە يۈز بەرگەن جاينى ئىز قوغلايدۇ ھەمدە ۋەقە يۈز بەرگەن دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىتىكى كىشىلەرنىڭ تەييار بولۇشىنى قۇلايلاشتۇرۇدۇ. كىشىلەر لەيلەيدىغان قورچاق ۋە قۇشلارنى ھۆركىتىدىغان ئۇسۇللار بىلەن، قۇشلارنى لەيلىمە نېفىتنىڭ تەھدىتىدىن يىراقلاشتۇرىدۇ.

## ئاققان نېفىتنى تازىلاش

قاشا نېفىت ئېقىشنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، بۇ خىل قاشا ئادەتتە سۈلياۋ قاپلانغان لەيلىمە ياغاچ چەمبەردۇر. نېفىتنى خىمىيەلىك ماغزاپ ئارقىلىق تازىلىغىلى بولىدۇ، كىيۈرىي ئۈۋىقى ۋە موي بىلەنمۇ نېفىتنى تازىلىغىلى بولىدۇ، باكتېرىيە قالدۇق نېفىتنى پارچىلايدۇ. بىراق، نېفىتنى پاكىز تازىلاشقا نۇرغۇن ۋاقىت كېتىدۇ.

نېفىت ئېقىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كۆپ قىسىم نېفىت پاراخوتلىرى سىرتقى قېپىنى قېلىن قوش قەۋەت قىلىپ ياسايدۇ.




## نەق مەيدان خاتىرىسى

## ئالياسكا

1989 ـ يىلى، ئېكسون ۋالدېز ناملىق ماي پاراخوتى ئامېرىكىنىڭ ئالياسكا دېڭىز قىرغىقىدىن ئايرىلىپلا يېرىلىپ كەتتى، پاراخوتتىكى 270 مىڭ توڭ نېفىت 2000 كىلومېتىر دېڭىز قىرغىقىنى بۇلغىدى. 300 مىڭدىن ئارتۇق قۇش ئۆلدى، ئۆلارنىڭ ماكانى ۋەيران بولدى. نەچچە يۈز مىليون بېلىق تۇخۇمى ئاپەتكە ئۇچرىدى، يەرلىك خەلقنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ قېتىملىق نېفىت ئېقىش ۋەقەسى شۇ يەرنىڭ بېلىقچىلىقىغىمۇ ئېغىر تەسىر يەتكۈزدى. بۇ ۋەقە يۈز بېرىپ 20 يىلدىن كېيىن، بۇ رايوننىڭ ئېكولوگىيەلىك مۇھىتى ئاستا ـ ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى.




ئېكسون ۋالدېز نېفىت ئېقىپ كېتىش ۋەقەسى تارىختىكى ئەڭ ئېغىر مۇھىت ئاپىتىنىڭ بىرىدۇر.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## غەزەپلىك ئورمان ئوت ئاپىتى

كىلىمات ئۆزگىرىشى يەرشارىدىكى ئورمانلىق، يايلاق ۋە چاتقاللارنى بەك قۇرۇتىۋەتتى، شۇڭا ئۇلارغا ئاسانلا ئوت كېتىدۇ. ئورمان ئوت ئاپىتى كۆپ مىقداردا كاربونلۇق گاز پەيدا قىلىدۇ، بۇ خىل گاز ھاۋانى بۇلغاپ، كىلىمات ئۆزگىرىش مەسىلىسىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ، ئوت ئاپىتىدىن كېيىن، كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، ياۋايى ھايۋان ۋە ئوت چۆپلەر ئۆلىدۇ، ماكانى كۆل بولىدۇ.

تەبئىي ئوت ئاپىتى ھەريىلى يۈز بېرىدۇ. بىراق نۇرغۇن ئوت ئاپەتلىرى بىخەستەلىكتىن كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن: بىر تال كۆيۈۋاتقان سەرەڭگە ياكى تاماكا قالدۇقىنى تاشلاش، ئوت ئاپىتىگە سەۋەب بولۇشى مۇمكىن.

يەنە زىرائەت تېرىش ۋە بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ئۈچۈن، بەزى ئورمانلىقلارغا قەستەن ئوت قويۇپ يەر ئاچىدۇ. كىشىلەر يەنە ئورماننى كۆيدۈرۈپ، بوش يەرلەرگە ئۆي سالىدۇ.

## ئوت ئاپىتىنى تەكشۈرۈش

قويۇق ئىس ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەنلىكىدىن مەلۇمات بېرىشى مۇمكىن، ئورمان قوغدىغۇچىلىرى ۋە ئوت ئۆچۈرگۈچىلەر سۈنئىي ھەمرادىن پايدىلىنىپ تەكشۈرىدۇ ھەمدە ئاپەت يۈز بەرگەن ئورۇننى ئىز قوغلايدۇ. ئۇلار بىزگە شامالنىڭ ئوتنى قانداق ئۇلغايتىدىغانلىقىنى دەپ بېرىدۇ. بىراق پاكار قويۇق ئورمانلىق رايونىدا سۈنئىي ھەمرا سۈس يانغىننى ئىز قوغلىيالمايدۇ. بۇ ۋاقىتتا يەر يۈزىدىكى سېنزوردىن

پايدىلىنىپ، بۇ ئوت ئاپىتىنى تەكشۈرىدۇ.



ئېۋكالىپت دەرىخىگە ئورمان ئوت ئاپىتى پايدا قىلىدۇ، ئۇ ئوت ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن ناھايىتى تېز ئۆسىدۇ.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

- يېقىنقى يىللاردا ئوت ئاپىتى ۋەيران قىلغان ئورمان كۆلىمى :
- 2007 ـ يىلى كالىفورنىيە (ئامېرىكا) 200 مىڭ گېكتار.
- 2007 ـ يىلى گرېتسىيە 200 مىڭ گېكتار.
- 2003 ـ يىلى ئاۋستىرالىيە 60 مىليون گېكتار
- 2003 ـ يىلى رۇسىيە 2 مىليون 370 مىڭ گېكتار.
- 2003 ـ يىلى پورتۇگالىيە 350 مىڭ گېكتار.
- 1997 ـ يىلى ھىندونېزىيە 10 مىليون گېكتار.

## يالتىراق (سۇلياۋ) قا تۆلەنگەن بەدەل

يەرشارى يالتىراق ئۈچۈن ئېغىر بەدەل تۆلەيدۇ. يالتىراق نېفىتتىن ياسىلىدۇ، يالتىراق ياسىغاندا زەھەرلىك گاز ھاۋاغا قويۇپ بېرىلىدۇ. كېرەكسىز يالتىراق ياۋايى ھايۋان ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جېنىغا زامىن بولماقتا، سۇ مەنبەلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇلغىماقتا.

## يالتىراقنىڭ پارچىلىنىشى ئىنتايىن ئاستا

بىر تال يالتىراق بوتۇلكا دېڭىز سۈيىدە تەخمىنەن 450 يىلدا ئاران پارچىلىنىشى مۇمكىن، قارماق يىپى 600 يىلدا ئاران پارچىلىنىشى مۇمكىن. نۇرغۇن بىلىقلار ئىنسانلار تاشلىۋەتكەن قارماق يىپىغا بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ. دېڭىز ـ ئوكياندا يالتىراق كۆرگىلى بولمايدىغان دەرىجىدە پارچىلىنىدۇ. بۇ پارچىلار مىكرو لەيلىمە جانلىقلارغا چاپلىشىۋالىدۇ، بۇ جانلىقلارنى بېلىق ۋە دېڭىزدىكى سۈت ئەمگۈچى ھايۋانلار يەيدۇ. قورۇقلۇقتا نۇرغۇن قۇشلار ئېھتىياتسىزلىقتىن يالتىراق يەۋالىدۇ.

## يالتىراقنىڭ بۇلغىشىنى توختىتايلى!

بىز يالتىراقنى ئاز، قايتا، تەكرار ئىشلىتىشىمىز لازىم. يالتىراق خالتىنى قايتا ـ قايتا ئىشلەتسەك بولىدۇ، بىز يەنە باشقا تىپتىكى خالتىنى ئىشلەتسەكمۇ بولىدۇ، مەسىلەن: لاتا خالتا. نۇرغۇن يالتىراق خالتىلارنى تەكرار ئىشلەتكىلى ياكى باشقا بويۇملارنى ياسىغىلى بولىدۇ، مەسىلەن: پول ۋە ئۆي جاھازىلىرى.

ھازىر بېنگال يالتىراق خالتا ئىشلىتىشنى پۈتۈنلەي چەكلىدى. كەلكۈن ئاپىتى بېنگالنىڭ ئەڭ چوڭ باش ئاغرىقى. ئۆتمۈشتە يالتىراق خالتا ئەۋرەزلەردە تۇرۇۋېلىپ كەلكۈننى ئېغىرلاشتۇراتتى. خىتاي 2008 ـ يىلدىن باشلاپ،

تىجارەت سورۇنلىرىدا ھەقسىز يالتىراق خالتىنى تارقىتىشنى چەكلىدى.



يالتىراق ئەخلەت تەبىئىي ماكاننى ئېغىر ۋەيران قىلىدى.

## يېزا ئىگىلىكىدىكى خىمىيەلىك بۇلغىنىش

دېھقانلار جاپالىق ئىشلەپ دۇنيادىكى 6 مىليارد 600 مىليون نوپۇسنى باقىدۇ، نۇرغۇن دېھقانلار بىر پارچە يەرگە ئېتىزنى تەكرار تېرىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا تۇپراق تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددا خوراپ تۈگەيدۇ. شۇڭا دېھقانلار يەرگە خىمىيەلىك ئوغۇت سېلىشقا مەجبۇر. زىرائەتكە دورا چېچىپ، زىيانلىق قۇرتلارنى ئۆلتۈرىدۇ. بۇ خىل خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ ھەممىسى يەرشارىنى زەھەرلەيدۇ.

## سۇ ۋە ھاۋا

يامغۇر خىمىيەلىك ماددىلارنى تۇپراققا ئېقىتىپ كېتىدۇ، بۇ خىل خىمىيەلىك ماددىلار ئاخىرقى ھېسابتا قۇدۇق ۋە دەريالارغا قۇيۇلىدۇ. ھىندىستاننىڭ تەتقىقاتى ئىسپاتلىدىكى، قىلىن يىپىشقاق تۇپراق تەركىبىدە كۆپ مىقداردا خىمىيەلىك ماددا بولىدۇ، بۇ جايلاردا خىمىيەلىك ماددىلار ئېقىپ كېتىشى ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. ئۆي ھايۋانلىرىمىز بۇلغىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. كالا يەل قويغاندا ھاۋاغا كۆپ مىقداردىكى پاتقاق گازى قويۇۋېتىدۇ. پاتقاق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



گازنىڭ مۇھىتقا بولغان زىيىنى كاربون IV ئوكسىدتىن ئېغىر.

## خىمىيەۋى ئوغۇت بىلەن يەر تېرىشنى توختىتايلى !

بۇگۈنكى كۈندە، ياۋروپادىكى نۇرغۇن دېھقانلار يەرنى ئورگانىك ئوغۇتلاندۇرماقتا. بۇ دېگەنلىك، قىغ ياكى شاخ ـ شۇمبا بىلەن يەر تېرىش دېگەنلىكتۇر.

بەزى دۆلەتلەرنىڭ دېھقانلىرى يەنىلا خىمىيەۋى ئوغۇت ۋە قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسى ئىشلەتمەكتە. بىراق ئىنسانلار زىرائەتكە دورىنى ئىنتايىن ئاز پۈركىسە، قۇرت ئۆلتۈرۈش دورىسىنى ئىشلىتىشنى ئازايتسا، خىمىيەلىك بۇلغىنىشمۇ مۇناسىپ تۆۋەنلەيتتى. خەتەرلىك پۈركۈش ئادەتلىرىنى، مەسىلەن: قوغدىنىش كىيىمى كىيمەسلىك، ماسكا تاقىماسلىق قاتارلىقلارنى نۇرغۇن دۆلەتلەر چەكلىدى.

## گىنى ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتلەر ئىنسانلارغا پايدىلىق

## قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز ؟

## قوللايمەن!

ئالىملار گىنى ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ كېسەل ۋە قۇرغاقچىلىققا تاقابىل تۇردى، شۇڭا دېھقانلار زىرائەتكە خىمىيەلىك دورىلارنى چاچمايدۇ، مۇھىتقىمۇ پايدىلىق. گىنى ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتكە سۇ ئاز كېتىدۇ، ئىسسىق ـ قۇرغاق دۆلەتلەردىمۇ ياخشى ئۆسەلەيدۇ. گىنى ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى يۇقىرى،

شۇڭا نۇرغۇن ئادەمنى باققىلى بولىدۇ.

## قارشى تۇرىمەن!

نۇرغۇن كىشىلەر گېنى ئۆزگەرتىلگەن، ئاشلىقتىن ئەنسىرەيدۇ، ئۇلارچە بۇ خىل زىرائەتنىڭ بىخەتەر ياكى ئەمەسلىكى تولۇق تەجرىبە قىلىنغىنى يوق. ئۇلار گېنى ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىقنى باشقا ئاشلىقلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇش بولۇپمۇ دېھقانلار تېرىغان ئورگانىك ئاشلىق بىلەن ئارىلاشتۇرۇش كېرەك. يەنە بۇ زىرائەت بەزى ئۆسۈملۈكلەر (ياۋا چۆپ) نى مۇشۇنداق گېنغا ئىگە قىلىشى مۇمكىن ئۇنداق بولغاندا، بۇ ياۋا چۆپلەرنى يوقىتىشمۇ قىيىنلىشىدۇ.



گېنى ئۆزگەرتىلگەن ئاشلىق زىرائىتى مەخپىي تېرىلىدۇ، چۈنكى بەزىلەر بىلىپ قالسا، بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ.

## يۇندى مەسلىسى

يۇندى دۇنيادىكى بەزى نامرات دۆلەت خەلقىگە تەسىر كۆرسەتمەكتە. يېزا ـ بازار ۋە شەھەرلەرنىڭ ئەۋرەز يوللىرى مىليونلىغان كىشىلەرنى كېسەل ۋە زىياندىش ھاشاراتنىڭ تەھدىتىگە ئۇچراتماقتا. كەلكۈن مەزگىلىدە بۇ مەينەت سۇلار كەلكۈنگە ئەگىشىپ ئۆرلەيدۇ. بىر قىسىم جاننى ئالىدىغان كېسەللىكلەر ئېغىر مەسىلىگە ئايلىنىدۇ. مەسىلەن : خولېرا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## نېمانچە كۆپ يۇندى ؟

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ يۇندى تۇرۇبا سىستېمىسى ھازىر كىرتىك نۇقتىدا تۇرماقتا. ئەنگلىيەدە، كىشىلەر ھەر كۈنى 75مىليون كۇب مېتىر يۇندى قويۇپ بېرىدۇ. نۇرغۇنلىغان يۇندى تۇرۇبىسى يۇيۇش سۇيۇقلۇقى ۋە ئاشخاندىن چىققان يۇندى مايلار بىلەن توسۇلۇپ قالىدۇ.

ئامېرىكىدا، مۇناسىۋەتلىك ئورگانلار ھەر كۈنى 94 مىليون640 مىڭ كۇب مېتىر يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىدۇ. بۇ يۇندىلار 20 مىڭ يۇندى بىر تەرەپ قىلىش زاۋۇتىغا ئېقىپ بارىدۇ، ئەمما تۇرۇبا يولى سىستېمىسىدىن ئېقىپ كېتىشى مۇمكىن. 2002-يىلى دۇنيا بويىچە تاقالغان دېڭىز ساھىللىرىنىڭ 87% ى يۇندى باكتېرىيەسىنىڭ زىيادە كۆپلىكىدىن تاقىلىپ قالغان.

## يۇندى تۇرۇبا سىستېمىسنى تەبىئىيلەشتۈرۈش

زامانىۋى قۇرۇلۇشلارنىڭ ھەممىسىدە مۇھىت ئاسرايدىغان ئورگانىك ھاجەتخانا لايىھەلەنگەن، بۇنداق ھاجەتخانىلارنى يۆتكۈتۈرۈش مىقدارى چوڭ بولغان پاسكىنا سۇ تۇرۇبىلىرىغا ئۇلاش ھاجەتسىز. مۇھىت ئاسرايدىغان ھاجەتخانىلار ناھايىتى چوڭ ساندۇق ياكى ئازگالغا ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئورگانىك جانلىقلار، مەسىلەن پارازىت قۇرۇت ۋە باكتېرىيەلەر، بۇ ئازگالغا چۈشكەن يۇندىنى پارچىلايدۇ. بىر مەزگىلدىن كېيىن يۇندىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 40 سىلسىيە گرادۇستىن 50سىلسىيە گرادۇسقا ئۆرلەيدۇ، شۇنىڭ بىلەن باكتېرىيەلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ئۆلىدۇ.

## تەركىبىدە خىمىيەلىك ماددا بولمىغان كىرەكسىز سۇ

كىيىم يۇغاندا قويۇپ بېرىلگەن كىرەكسىز سۇ — «كۆلرەڭ سۇ» دېيىلىدۇ. بۇ كىرەكسىز سۇ تۇرۇبا يولى ئارقىلىق تەبىئىي يۇندى ئازگىلىغا قويۇلىدۇ. شۇڭا كۆلرەڭ سۇ تەركىبىدە خىمىيەلىك سۇيۇق سوپۇن زىيادە كۆپ بولسا بولمايدۇ. بۇ سۇيۇق سوپۇن ئازگالدىكى ئورگانىك جانلىقلارنى ئۆلتۈرىدۇ. ناترىي بورات بىر خىل بىخەتەر تەبىئىي يۇيۇش كىرىستالى بولۇپ، بىخەتەر ئىشلىتىشكە بولىدۇ ھەم سۇ ئازگىلىدىكى ئورگانىك جانلىقلارنى ئۆلتۈرمەيدۇ.

## قىزىق نۇقتا مەسلىسىنىڭ ئارقا كۆرۈنىشى

## يۇندىنى تەبىئىي بىر تەرەپ قىلىش

نۇرغۇن دۆلەتلەردە كىشىلەر كۆلچەك ۋە كۆللەرنىڭ ئەتراپىغا قومۇش ئۆستۈرىدۇ، چۈنكى ئۇ يۇندىنى بىر تەرەپ قىلىش ھەمدە كىرەكسىز سۇنى تازىلاش رولىنى ئوينايدۇ. قومۇشنىڭ ئۇزۇن يوپۇرمىقى ھاۋادىكى ئوكسىگېننى سۈمۈرىدۇ، ئۇلار سۈمۈرگەن ئوكسىگېننى يىلتىزىغا يەتكۈزىدۇ، ئاندىن سۇغا قويۇپ بېرىدۇ. بۇ ئوكسىگېن باكتېرىيەنىڭ يۇندىنى پارچىلىنىشىغا ياردەم بېرىدۇ. قومۇشلۇق ھالقا شەكلىدە بولغاندا، توشقان ۋە باشقا جانلىقلارنىڭ قومۇشنىڭ يىلتىزىنى غاجىلىيالمايدۇ.

سۇ پومپىسى يۇندىنىڭ قومۇشلۇققا كىرىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئەخلەت قورشاۋى

دۇنيادىكى ئەخلەتنىڭ كۆپ قىسمى يەرشارى يۈزىگە بىۋاسىتە تۆكۈلۈپ، ئەخلەت تاغ شەكىللىنىدۇ، بۇ يەر زىيانلىق ھاشارەت ۋە كېسەلنىڭ ماكانىدۇر. بىر قىسىم ئەخلەت ئەخلەت ئازگاللىرىغا كۆمۈلىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنىڭ ئۆزلۈكسىز پارچىلىنىشىغا ئەگىشىپ، زىيانلىق گاز يىغىلىشقا باشلايدۇ، بۇ گازلار كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كېرەكسىز ماددىلارنىڭ كۆپىنچىسىدە زىيانلىق تەركىب بولىدۇ، بۇ زىيانلىق تەركىبلەر تۇپراق ۋە دەريا ئېقىنلارغا ئېقىپ كىرىدۇ.

## ئەخلەت قورشاۋىدىكى ناپلېس

ئىتالىيەنىڭ جەنۇبىدىكى ناپلېس ئېغىر ئەخلەت مەسىلىسىگە دۇچ كەلدى، بۇ رايوندىكى بارلىق ئەخلەت مەيدانلىرى توشۇپ كەتتى. بۇ يەرنىڭ ساياھەتچىلىكىمۇ ئېغىر زىيانغا ئۇچرىدى. چۈنكى ھېچكىم شەھەر كوچىلىرىدا ئەخلەت دۆۋىسىنى كۆرۈشنى خالىمايدۇ. 2008 يىلى، بىر مەزگىل بۇ يەردىكى 30 مىڭ توننا ئەخلەتنى توشۇپ كېتىشكە قوشۇلغان.

## ئەخلەتتىن قۇتۇلۇش

كۆپىنچە مەھسۇلاتلارغا ماركا چاپلاپ، ئۇلارنى تەكرار ئىشلىتىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى ئەسكەرتكەن. ئىنسانلار ھازىر ئىشلىتىلىش ۋاقتى ئۇزۇن، بۇلغىشى ئاز

مەھسۇلاتلارنى سېتىۋالسا بولىدۇ، مەسىلەن توكلىغىلى بولىدىغان باتارېيە.



ئالىيومىن ئىچىملىك قۇتىسىنى تەكرار ئىشلىتىشكە بولىدۇ، بىراق دۇنيادا ھەريىلى 80 مىليون قۇتا تاشلىۋېتىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## قاھىرە، مىسىر مۇقەددەم رايون

رەسىم جەبەلىكلار قاھىرەدىكى ئەخلەتلىكتىن لازىملىق نەرسىلەرنى تېرىۋالماقتا.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

كۆمۈلگەن ئەخلەت چىرىپ پاتقاق گازى چىقىرىدۇ. ئەخلەت كۆيگەندە كاربونلۇق گاز ۋە گۈڭگۈرت (IV) ئوكسىد چىقىرىدۇ.

باتارېيەدىكى كىسلاتا تۇپراق ۋە سۇنى بۇلغايدۇ.

چىراغ قاراڭغۇنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ

24 ـ بەت 1 .رەسىم، يەرشارىدىكى چوڭ شەھەرلەرنىڭ كۈچلۈك چىراغ نۇرى كۆزنى قاماشتۇرىدۇ.

www.uyghurkitap.com





بۇلغىنىش ئىنتايىن ئەڭ چوڭ مەسىلە، بۇ رەسىمدىكى شەھەر كوچىلىرى، زاۋۇت ۋە ئىشخانا بىناسى چىراغلىرىدۇر. شەھەر چىراغلىرى كېچە ئاسمىنىدا دائىم نۇر چېچىپ تۇرىدۇ. مىكرو بۇلغانما ماددىلار چىراغ نۇر چاچقان جايىدا، بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

## چىراغ نۇرى ئاۋارىچىلىقى

چىراغ نۇرى ئۇيقۇمىزغا دەخلى قىلىدۇ. ئۇ كېچە جانلىقلىرىنىڭ ئوزۇقلىنىشى ۋە جۈپلىشىشىنى توختىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن كېچىدە پەرۋانە جان ساقلايدىغان يېمەكلىكى بولغان چېچەك ئاچقان ئۆسۈملۈكنى تاپالمايدۇ. لەيلىگۈچى هايۋانلار كۆل ۋە كۆلچەكلەردە ياشايدىغان مىكرو جانلىق بولۇپ، ئۇلار يېشىل يۇسۇننى يەيدۇ، ئۇنداق بولمايدىكەن يېشىل يۇسۇن قاتارلىق يۇسۇن تىپىدىكىلەر دەريا ئېقىنى ۋە كۆللەرنى توسۇۋالىدۇ. بىراق نۇردىن بۇلغىنىش لەيلىمە هايۋانلارنى ئۆسۈپ-يېتىلىشىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ.

**بەك يورۇق بولۇپ كەتسە بىخەتەر بولمايدۇ.**

شەھەرلەردىكى كۆپ چىراغمۇ ئوغرىلىقنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ. كۈچلۈك نۇر كۆزىمىزنى قاراڭغۇغا تېز ماسلاشتۇرغىلى قويمايدۇ، كىشىلەر كۈچلۈك نۇر بولمىسا،

شەيئىلەرنى ئېنىق كۆرەلمەيدۇ. كۈچلۈك نۇر يەنە ئوغرىنى قاراڭغۇ ئوغرى يوشۇرۇنغان دالدىنى تېخىمۇ قاراڭغۇلاشتۇرۇۋېتىدۇ.

## يېقىملىق ئەمما بىخەتەر

يېڭى يورۇتۇش ئۇسۇلى كوچىلارغا يېتەرلىك نۇر بەردى ھەمدە بىخەتەر قىلدى. نۇرغۇن ئىشخانىلار تۆۋەن ئېنېرگىيەلىك بىخەتەر چىراغ ئىشلەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئېنېرگىيە ئىسراپ بولمىدى، ئەرزانلاشتى. يېڭى تىپتىكى قالپاقلىق چىراغلار نۇرنى ئېھتىياجلىق يەرگە چۈشۈردى.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## ئانكورىج، ئالياسكا ئىشتاتى

ئالياسكا ئىشتاتىنىڭ ئانكورىج شەھرىدە يېڭى تىپتىكى LED كوچا لامپۇچكىسى تېز سۈرئەتتە تېخىمۇ ئاق، تېخىمۇ يورۇق نۇر چىقىرالايدۇ. بۇ لامپۇچكىلار ئەگمەچ ئۇسكۈنە بىلەن قوغدىلىدۇ، ئۇلار كۈچلۈك نۇرنىڭ ئالياسكا ئىشتاتىنىڭ پايانسىز قارا ئاسمىنىنى بۇلغاشتىن توسىدۇ.



ئالياسكا ئىشتاتىنىڭ ئانكورىج شەھرىدىكى كەچكى شەپەق. يېڭى تىپتىكى LED كوچا چىرىغى بۇ شەھەرنى تېزلىكتە يورۇتماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## شاۋقۇن قىزىق نۇقتا مەسىلىسىگە ئايلاندى

شاۋقۇندىن بۇلغىنىش يەنە بىر چوڭ مەسىلە. 2007 ـ يىلى ئەنگلىيەنىڭ بىر دوكلاتىدا شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى ئەيىبلەپ، قۇرامىغا يەتكەنلەرنىڭ ئەسەبىيلىشىش كېسەللى، قان بېسىم ۋە سەپرالىق تىپىدىكى كېسەللەرنىڭ ھەممىسىنى شاۋقۇن كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارىغان. شاۋقۇندىن بۇلغىنىش بالىلارنىڭ دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈشنى ناچارلاشتۇرۇپ، ئوقۇش سۈپىتىنى تۆۋەنلىتىدۇ. ئايروپىلان ۋە چوڭ تىپتىكى قاتناش ۋاستىلىرى پەيدا قىلغان شاۋقۇن ۋە سىلكىنىش ياۋايى ھايۋانلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## خوش، شاۋقۇن !

شاۋقۇندىن بۇلغىنىشنى توختىتىش ئۈچۈن، چوقۇم ياخشى نىزام بولۇشى كېرەك. يېڭى چوڭ تىپتىكى ئايروپورت مەھەللىلەردىن يىراق سېلىنىشى كېرەك، ھاۋا يولىمۇ بۇ رايونلاردىن يىراقلىشىشى، كېچىدە ئۇچماسلىقى، كىشىلەرنى ئارامخۇدا ئۇخلىغىلى قويۇشى كېرەك. تاشيولمۇ يېڭى تىپتىكى شاۋقۇن سۈمۈرۈدىغان ماتېرىياللاردىن ياسالسا بولىدۇ. بەزى دۆلەتلەر يىغىۋالغان ياپراقلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، چوڭ شەھەرلەردە ئايلانما يولنى بويلاپ، قېلىن تام سوقۇپ ئاۋازنى توستى.

## سونار ئۆلۈم پەيدا قىلىدۇ

كىت بېلىقى دېلفىن چوڭ تەھدىتكە يولۇقتى، چۈنكى شاۋقۇندىن بۇلغىنىش ئۆلارنىڭ يول باشلاش سىستېمىسىغا توسقۇنلۇق قىلىدى، بۇ ھايۋانلار ئاۋاز دولقۇنىغا تايىنىپ،

قايتىش يۆنىلىشىگە ھۆكۈم قىلىدۇ، بۇ ئاۋاز دولقۇنى سونار دەپ ئاتىلىدۇ. سۇ ئاستى كېمىسى بىلەن بېلىقچىلىق كېمىسى چىقارغان ئاۋاز دولقۇنى كىت بىلەن دېلفىن چىقارغان ئاۋاز دولقۇنىنى بېسىپ كېتىپ، ئۇلار نىشاندىن ئادىشىدۇ. ئاخىرىدا تېيىز دېڭىز ساھىلىغا چىقىپ قېلىپ ئۆسساپ ئۆلىدۇ.

26 ـ بەت رەسىم، نۇرغۇن كىت ئەڭ ئاخىرىدا قىرغاققا مەجبۇرلىنىدۇ، چۈنكى شاۋقۇن ئۇلارنىڭ يول باشلاش سىستېمىسىغا دەخلى قىلغان.

## ئاۋاز تونىلى

ئاۋسترالىيەنىڭ موربىندا كۆتۈرمە تاشيول نۇرغۇن رايونلارغا تۇتىشىدۇ، فىلامىڭتون رايونىدا ئېگىز قەۋەتلىك ئۆيلەر بىلەن تاشيول پەقەت 150 مېتىرلا ئايرىلىپ تۇرىدۇ. ھازىر كىشىلەر ئاۋاز تونىلى ياساپ، تاشيولنى ياپتى، بۇ ئەينەك ۋە پولات قۇرۇلمىلىق ئەگمە لاپاستۇر. بۇ لايىھە تاشيولدىكى شاۋقۇننى سۈمۈرۈۋالىدۇ. كېچىسى يەنە چىراغ سۈپىتىدە يولنى يورۇتىدۇ.

## ھەرىكەتكە «كىلەيلى» مۇ ؟

بۇلغىنىش بۇ سەييارىسىدە ياشاۋاتقان بارلىق جانلىقلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە، ئۇ ھاياتلىققا نىسبەتەن غايەت زور تەھدىت. ئىنسانلار نۇرغۇن ساخاۋەت ئورگانلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنى قۇرۇپ، بۇلغىنىشنى چەكلەش، بۇ دۇنيانى گۈزەل ماكان قىلىش ئۈچۈن كۈچ چىقاردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يېشىل تىنچلىق تەشكىلاتى، يەر شارى دوستانە تەشكىلاتى، تۇپراق جەمئىيىتى، قاراڭغۇ ئاسمان ھەرىكىتى قاتارلىقلار بۇ تەشكىلاتلارنىڭ بىر قىسمى مىساللىرىدۇر، ئۇلار بىزنىڭ يېقىن ئۇسۇل ئىزدىنىشىمىزگە، يەر شارىمىزنىڭ بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ئازلىتىشقا ياردەم بەردى.



خىتتايدىكى بىر قىسىم ئېغىر بۇلغانغان دەريالاردىكى يۇندى ئېغىر سالامەتلىك مەسىلىسى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

## خوراشنى ئازلىتىش

قىشتا ئۆيدە پوپايكا كىيىڭ، بۇنداق قىلسىڭىز ئۆيىنى بەك ئىسسىتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

ئەخلەتلەرنى تىرىشلىك، سىغىزنى خالىغان يەرگە تاشلىماڭ. يولدىكى سىغىزنى تازىلاش ئۈچۈن خېلى كۆپ ئېنېرگىيە كېتىدۇ.

مۇمكىن بولسا، ئىمكان بار پىيادە ياكى ۋېلسىپىت بىلەن مەكتەپكە بېرىڭ. ئاتا ـ ئانىڭىز بىلەن «بىللە ئىشقا بېرىپ ـ كېلىش» پىلانى تەشكىللەڭ.

چىش چوتكىلىغاندا تۇرۇبىنى ئېتىۋېتىڭ، يۇيۇنغان ۋاقتىڭىزدا ۋاننىدا يۇيۇنماڭ، ۋاننىدا يۇيۇنغاندا سۇ ئىككى ھەسسە كۆپ كېتىدۇ.

ئۆزىڭىز كۆكتات تېرىپ يەڭ، ئۇ زەھەرلىك خىمىيەلىك ماددىلاردىن خالىي، بازاردىن كۆكتات سېتىۋېلىپ يۈرمەيسىز، قىممەتلىك ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى تېجەپ قالىسىز.

## قايتا ئىشلىتىش

كونا كىيىمىڭىزنى قايتا كىيىڭ، سىز بىر تاسما ياكى تۇگمىنى يېڭىدىن قادىسىڭىز مودا بولاۋېرىدۇ.

ئەگەر ئۆزىڭىز ئۇلارنى قايتا ئىشلەتمىسىڭىز، ساخاۋەت ئورگانلىرىغا بېرىۋېتىڭ.

## تەكرار ئىشلىتىش

يالتىراق خالتا، ئەينەك قۇتا، ئىچىملىك قۇتىسى، گېزىت ۋە قېلىن قەغەز تاختا قاتارلىقلارنى تەكرار ئىشلىتىڭ.

يېڭى ئۇسۇل تېپىپ پىلانىتىمىزنى قۇتۇلدۇرىۋالايلى. بۇ تور بەتنى زىيارەت قىلىڭ !

www.greenpeace.org

29 ـ بەت رەسىم، ئۆزىڭىز تېرىغان كۆكتات ھەم تېخىمۇ ھەم ئېنېرگىيە تېجەيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 6. دۇنيادىكى ئاشلىق

بۈگۈن سىز مەكتەپ ئاشخانىسىدا غىزالاندىڭىزمۇ ؟ ياكى ئۆزىڭىز ئېلىپ كەلگەن تاماقنى يېدىڭىزمۇ ؟ سىز ۋە دوستلىرىڭىز بەلكىم نۇرغۇن ئوخشاش بولمىغان يېمەكلىكلەرنى يېيىشڭلار مۇمكىن. بىراق سىز يېمەكلىكلەرنىڭ قانداق ئىشلەپچىقىرىلىدىغانلىقىنى، ئاندىن دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن تاماق قاچىڭىزغا قانداق كىرىدىغانلىقىنى بىلەمسىز ؟

دۇنيادا نۇرغۇنلىغان بالىلارغا يېمەكلىك يېتىشمەيۋاتىدۇ، يەر شارى پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنى يېتەرلىك يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىيەلەمدۇ ؟

بىز نېمە ئۈچۈن يېمەكلىككە ئېھتىياجلىق ؟

**يېمەكلىك ئىنسانلارنى ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلەيدۇ.**

يېمەكلىك تەركىبىدىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار بەدەننى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدىغان پايدىلىق تەركىبمۇ ؟ ئادەم بەدىنىدىكى ھۈجەيرىلەر ئوخشاش بولمىغان خىزمەتلەرنى تاماملاش ئۈچۈن ئېنېرگىيەگە ئېھتىياجلىق. مۇسكۇل ھۈجەيرىسى ئورگانىزملارنىڭ ھەركىتىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئېنېرگىيەگە موھتاج؛ نېرۋا ھۈجەيرىسى پۈتۈن بەدەنگە ئۇچۇر تارقىتىش ئۈچۈن ئېنېرگىيەگە موھتاج. سۆڭەك ھۈجەيرىسى پۈتۈن بەدەننى كۆتۈرۈپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېنېرگىيەگە موھتاج. ئوزۇقلۇق ماددىلار ئادەم بەدىنىنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ ۋە ساقلىقنى ساقلايدۇ.

## تۈرلۈك ـ تۈمەن يېمەكلىكلەر

ئوخشاش بولمىغان يېمەكلىكلەر ئوخشاش بولمىغان ئوزۇقلۇق ماددىلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بىر خىل ئەڭ ياخشى ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ، تەركىبىدە كاربون سۇ بىرىكمىلىرى بولغان يېمەكلىكلەر بەرەڭگە (ياڭيۇ)، قوناق، سۇلۇ، گۈرۈچ ۋە بۇغداي قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر. ئاقسىل ئادەم بەدىنىنىڭ مۇسكۇل سۆڭەك ۋە باشقا ئورگانىزملارنىڭ يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈردۇ. دۇفۇ تۈردىكىلەر، سۈت مەھسۇلاتلىرى (سۈت ۋە سۈتتىن پىششىقلانغان پىشلاق، قېتىق، قايماق قاتارلىقلار)، بېلىق تۈردىكىلەر، گۆش تۈردىكىلەر ۋە شاكاللىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئاقسىل تەركىبى مول. سۈت مەھسۇلاتلىرى ياغ بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇلار ئورگانىزملارنىڭ يېتىلىشى ئۈچۈن ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلەيدۇ. مېۋە ـ چېۋە ۋە كۆكتاتتا ساقلىقنى ساقلايدىغان ۋىتامىن ۋە مىنېرال ماددىلار بار.



ئىنسانلار ئوخشاش بولمىغان يېمەكلىكلەر بىلەن ساقلىقنى ساقلاشقا ئېھتىياجلىق، بۇ يېمەكلىكلەر كاربون سۇ بىرىكمىلىرى، ئاقسىل، ۋىتامىن، مىنېرال ماددىلار ۋە ياغ.

## ئوۋچىلىقمۇ ياكى تېرىقچىلىقمۇ ؟

تەخمىنەن 4 مىليون يىللار ئىلگىرىكى ئىنسانلار

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئوۋچىلار دەپ ئاتىلاتتى. ئۇلار دالىدا ئوۋچىلىق قىلاتتى، ئوت ـ چۆپ ۋە ياۋا مېۋىلەرنى تېرىپ يەيتتى، تەخمىنەن 12 مىڭ يىللار ئىلگىرى ئىنسانلار تېرىقچىلىقنى باشلىغان. ئىنسانلار قەبىلىلەرگە بۆلۈنۈپ كۆل بويى ۋە دەريا ياقىلىرىغا ماكانلاشقان، چۈنكى ئۇ يەرنىڭ شارائىتى تېرىقچىلىققا ماس كېلەتتى. ئۇلار گۆش ۋە سۈت ئۈچۈن هايۋانلارنى باقاتتى، شۇنداق قىلىپ دېهقانچىلىق باشلاندى. كېيىن يېڭى تېخنىكا ئىنسانلارنىڭ ئاشلىق تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتتى. شۇنىڭدىن باشلاپ يېزا ـ ئىگىلىك ئاستا ـ ئاستا ئوۋچىلىقنىڭ ئورنىنى ئالدى. بۈگۈنكى كۈندە پەقەت ئەڭ چەت جايلاردىلا ئاز بىر قىسىم ئوۋچىلار مەۋجۇت.



زامانىۋى يېزا ـ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، مۇشۇنداق تراكتور تىپىدىكى دېهقانچىلىق ماشىنىلىرىنىڭ قوللىنىلىشى دېهقانچىلىقنى ئىلگىرىكىگە قارىغاندا كۆپ ئاسانلاشتۇرۇۋەتتى.

## يېمەكلىك ئۈچۈن يەر تېرىش

كىشىلەر ئىستېمال قىلىۋاتقان يېمەكلىكنىڭ كۆپ قىسمى، هەتتا خالتىلىق ۋە قۇتىلىق يېمەكلىكلەرمۇ دېهقانچىلىق مەيدانلىرىدىن كېلىدۇ. كىشىلەر زىرائەت تېرىيدۇ ياكى باقمىچىلىق قىلىدۇ، ئاندىن ئۇلارنى ساتىدۇ ياكى ئىستېمال قىلىدۇ، مانا بۇ دېهقانچىلىقتۇر.

## زىرائەت ۋە چارۋا

زىرائەت تېرىيدىغان دېھقانلار ئاشلىقنى ئېرىشىش ئۈچۈن زىرائەت تېرىيدۇ. مەسىلەن: بۇغداي، قوناق، شال قاتارلىق دانلىق زىرائەتلەر. ئالما، سەۋزە ۋە بەرەڭگە قاتارلىق مېۋە-چېۋە ۋە كۆكتاتلارنىمۇ تېرىيدۇ. باقمىچى دېھقانلار چارۋا باقىدۇ، مەسىلەن: گۆش ۋە سۈت ئۈچۈن كالا، گۆش ۋە تۇخۇم ئۈچۈن توخۇ قاتارلىقلار.

## يەر شەكلى ۋە كىلىمات

يەر شەكلى بىر رايوننىڭ بارلىق ئوخشاش بولمىغان جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى، ئويمانلىق ۋە ئېگىزلىك، تاغ ۋە تاغ تېزملىرى، قىستاڭ شەھەر بازارلىرى قاتارلىقلار. كىلىمات بىر رايوننىڭ ئومۇمىي ھاۋارايى ئالاھىدىلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يەر شەكلى ۋە كىلىمات بىر رايوندا قانداق زىرائەت تېرىشنى بەلگىلەيدۇ.

## يەرگە تايىنىپ ياشاش

سىير بىقىش ئۈچۈن يېتەرلىك بوشلۇق كېرەك. ئۇلار كەڭرى قىتئەلەردە ياشايدۇ. مەسىلەن: ئوكيانىيە قىتئەسى، شىمالىي ئامېرىكا قىتئەسى قاتارلىقلار. شىمالىي ئامېرىكا تۆگىسى ۋە ئۆچكىسى يۇڭلۇق، تۇيىقى قېلىن بولغاچقا، تار تاغ يوللىرىدىن ئۆتەلەيدۇ، سوغۇق تاغ رايونلىرىدا ياشىيالايدۇ.

## تېرىقچىلىقنىڭ ئاساسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دېھقانچىلىق زىرائەتلىرى تۇپراقتا ئۆسىدۇ. ئۆسۈملۈك مۇنبەت تۇپراقتا ياخشى ئايىنىدۇ. مۇنبەت تۇپراق نەم ھەمدە ئوزۇقلۇق ماددىلار بولغان تۇپراقتۇر. دۇنيادىكى ئوخشاش بولمىغان جايلاردا ئوخشاش بولمىغان تىپتىكى تۇپراقلار بار. تۇپراق تىپىنى كىلىمات ۋە يەر شەكلى بەلگىلەيدۇ. تۇپراق تىپى شۇ تۇپراقتا ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك تۈرىنى بەلگىلەيدۇ. بەزى نەم تۇپراقلار ناھايىتى زەي بولىدۇ. مانگىروۋا ئورمىنى نەم تۇپراقتا ناھايىتى ياخشى ئۆسىدۇ. ئەكسىچە قۇملۇق رايونلارنىڭ تۇپرىقى ناھايىتى قۇرغاق، توپا ئۇچۇپ تۇرىدىغان بولىدۇ. كاكتۇس قۇملۇقتا ماس كېلىدۇ.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

- دۇنيادىكى بارلىق دانلىق زىرائەتلەر ئىچىدىن قوناق 41% نى ئىگىلەيدۇ.
- دۇنيادىكى 40% قوناق ئامېرىكىدىن چىقىدۇ.
- دۇنيادىكى 70% قوناق باقمىچىلىققا ئىشلىتىلىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## ھىندونېزىيە

ھىندونېزىيەنىڭ تۆزلەڭلىك رايونلىرىدا دېھقانلار سۇلۇق ئېتىزلارغا شال تېرىيدۇ، ئېتىزلارنىڭ ئەتراپىغا قىر سىلىنغاچقا، دېھقانلارنىڭ سۇغىرىشى قۇلاي. شال ئۆرۈقى ئۈنگەندە، شال يىلتىزى ئارقىلىق سۇدىن ئوزۇقلۇق شۈمۈرىدۇ. تاغلىق رايونلاردا سۇغىرىش ئۈچۈن ئۈنداق كۆپ سۇ بولمىغاچقا،

دېھقانلار باشقا ئۇسۇل بىلەن شال تېرىيدۇ. ئۇلار پەلەمپەي ئېتىزلارنى ياسايدۇ، بۇ پەلەمپەي ئېتىزلاردىكى شاللار تۇپراقتىن ئوزۇقلۇق شۈمۈرىدۇ.



تاغلىق رايون، دېھقانلار پەلەمپەي ئېتىزلارنى ياساپ شال تېرىغان.

## دۇنيا سۇكرىزىسى

سۇ بولمىسا ھاياتلىق بولمايدۇ. دېرىزە تەكچىلىرىگە تىزىلغان گۈللەر، گۈللۈكلەردىكى گۈللەر سۇ بولمىسا قۇرۇپ قالىدۇ. ئىنسانلارمۇ سۇغا ئېھتىياجلىق، پەقەت سۇ بولغاچقىلا كىشىلەر ھايات كەچۈرەلەيدۇ. بىز سۇ ئىچىپ قۇرۇپ كەتكەن گېلىمىزنى نەمدەيمىز. دېھقانلار زىرائەتلىرىنى، چارۋىلىرىنى سۇغىرىش ئۈچۈن سۇغا ئېھتىياجلىق. ئىنسان ۋە ئۆسۈملۈككە ئوخشاشلا ھايۋانلارمۇ سۇغا ئېھتىياجلىق.

## ئىچىملىك سۇ كرىزىسى

2008-يىلى دۇنيا نوپۇسى 6 مىليارد 600 مىليونغا يېتىپ، كىشىلەر ئىشلىتىدىغان سۇ مىقدارى تارىختىكى ئەڭ يۇقىرى چەككە يەتتى. سانسىزلىغان كىشىلەر ھەتتا پاكىز سۇ ئىچىشكىمۇ مۇيەسسەر بولالمىدى. بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەللەردە ئاياللار ۋە باللار كۆندە نەچچە كىلومېتىر يولنى بېسىپ چېلەك، چەينەكلەر ئارقىلىق قۇدۇق ۋە دەريادىن سۇ توشۇيدۇ. بەزىدە بۇ سۇنى پاكىز دېگىلى بولمايدۇ، ھەريىلى نەچچە مىليون ئادەم پاكىز بولمىغان سۇ ئىستېمال قىلغانلىق سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

## يېزا ئىگىلىككە ئىشلىتىدىغان سۇ

بەزى قۇرغاق رايونلاردا، دېھقانلار ئېتىزنى سۇ بىلەن سۇغىرىشقا موھتاج، سۇغىرىش كۆل ۋە دەريالاردىكى سۇنى ئېتىزلىققا باشلاپ زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىشتۇر. سۇغىرىش تەخمىنەن دەريا ۋە كۆل سۇيىنىڭ 55% نى ئىسراپ قىلىدۇ. بۇ سۇلار ئاساسلىقى ئېتىزلىققا كىرىشتىن ئىلگىرى ئۇزۇن ئېرىقتىن كېلىش جەريانىدا سىڭىپ كېتىدۇ ياكى ئىسسىق ھاۋادا پارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. لېكىن زىرائەتنى سۇغىرىشنىڭ ياخشى ئۇسۇللىرىمۇ بار.

## ئىشەنگىلى كەلمەيدۇ!

تەرەققىي قىلغان ئەل خەلقلىرىنىڭ سۇ ئىشلىتىش مىقدارى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەل خەلقلىرىدىن 10 ھەسسە ئارتۇق.

بىر ئادەم تاماق يېمەي بىر ئاي ياشىيالايدۇ. ئەمما سۇ ئىچمىسە بىر ھەپتىدە ئۆلىدۇ.



كۆپ قىسىم پاكىز سۇ مەنبەسى يوق كىشىلەر تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرگە ئولتۇراقلاشقان.

ئېفىيوپىيەلىك ئاياللار قاپاقنى بېشىغا قويۇپ سۇ توشىماقتا، ئۇلار بۇ سۇنى تانا كۆلىدىن ئالىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## كىلورادو دەرياسى



ئامېرىكىنىڭ كىلورادو دەرياسى 2320 كىلومېتىر تاغلىق ۋە قۇملۇقنى كېسىپ ئۆتىدۇ. 25 مىليون ئادەمنى پاكىز سۇ مەنبەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ھەمدە 12مىليون گىكتار ئېتىزنى سۇغىرىدۇ. كىلورادو دەرياسىنىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان ئېغىزىدا دەريا سۈيى ئاساسەن تۈگەپ بولغان بولىدۇ. بۇ ئەتراپتا جانلىقتىن ئەسەر قالمىغان بولۇپ، قوياشتا قۇرۇپ كەتكەن سىغىزلاڭدۇر.

كىلورادو دەرياسىنىڭ ئىنتايىن ئازغىنە سۈيىلا دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ، سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى ئۆستەڭلەر ئارقىلىق كالىفورنىيەنىڭ زىرائەتلىرىنى سۇغىرىدۇ.

## يىمەكلىكمۇ ياكى يېقىلغۇمۇ ؟

## تاللاش پەيتى كەلدى!

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn





كالا تەخمىنەن 8 كىلوگرام يەم ياكى خەشەك يېگەندە 1 كىلوگرام سەمرىيدۇ.

سىز بىلىق يەمسىز، گۆش يەمسىز ياكى كۆكتاتمۇ؟ بۇ ئۇچلىسىنى ياخشى كۆرەمسىز؟ دادىڭىز ماشىنىغا قانداق يېقىلغۇ قاچىلايدۇ؟ كىشىلەرنىڭ يېمەكلىكلەرنى تاللىشى باشقىلارنىڭ يېمەكلىك تاللىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر تاللىغان ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدىغان يېقىلغۇلارمۇ باشقىلارنىڭ تۇرمۇشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

## گۆشلۈك يېمەكلىكمۇ ياكى گۆشسىز يېمەكلىكمۇ؟

نۆۋەتتە ئىنسانلارنىڭ گۆش ئىستېمالى بۇرۇنقىدىن زىيادە كۆپ، دېھقانلار چارۋىنى كۆپ باقاندىلا كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرالايدۇ. دېھقانلار سىيىرلارنى يەم بىلەن باقىدۇ. چارۋا بېقىش شال ۋە بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەرنى تېرىغانغا قارىغاندا كۆپ يەرنى ئىگىلەيدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر چارۋا باققان يەرنى تېرىش كېرەك دەپ قارايدۇ. ئۇلارچە بولغاندا چارۋا باققان يەم بىلەن ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىساقمۇ بولاتتى. بۇنداق بولغاندا ئۇنچە كۆپ ئادەم ئاچارچىلىقتا يۇرمەيتتى.

## بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار

ئىنسانلار كىلىمات ئۆزگىرىشىگە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. كۆمۈر، تەبىئىي گاز ۋە نېفىت قاتارلىق مىنېرال يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىش كاربون (IV) ئوكسىد دەپ ئاتىلىدىغان

پارنىك گازنى ھاسىل قىلىدۇ. نۆۋەتتە، بەزى كىشىلەر مىنېرال يېقىلغۇلارنىڭ ئورنىغا بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلارنى ئىشلەتمەكتە. مىنېرال يېقىلغۇلار قىچا، شېكەر قومۇشى ۋە بۇغداي قاتارلىق زىرائەتلەردىن پىششىقلاپ ئىشلىنىدۇ.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

- دۇنيادىكى چارۋا سانى ئىنسانلار سانىنىڭ 3.5 ھەسسىسىچىلىك كېلىدۇ.
- 70% ئېتىزلىق چارۋا بېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ.
- دۇنيادىكى 3/1 قىسىم دانلىق زىرائەت چارۋا بېقىشقا ئىشلىتىلىدۇ .
- ئىنسانلار بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىشنى باشلىشى كېرەك

## قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

## قوللايمەن !

مىنېرال يېقىلغۇغا ئوخشاشلا بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇمۇ كۆيگەندە كاربون (IV)ئوكسىد قويۇپ بېرىدۇ. بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن كەتكەن ئۆسۈملۈكلەر ئۆسۈش جەريانىدا كۆپ مىقداردا كاربون (IV) ئوكسىد سۈمۈرىدۇ. بۇنداق بولغاندا بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار مىنېرال يېقىلغۇلارغا قارىغاندا مۇھىت ئاسرايدۇ. ھەمدە بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار قايتا ھاسىل بولىدۇ. ئۇلار تۈگەپ كەتمەيدۇ، چۈنكى ئۇنى ئىشلەپچىقىرىدىغان زىرائەتنى قايتا تېرىشقا بولىدۇ.

## قارشى تۇرىمەن !

www.uyghurkitap.com



بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ زىرائەتلىرىنى تېرىش يەرشارىغا ئاشلىق كىرىزىسى ئېلىپ كېلىدۇ. دېھقانلار يەرلىرىگە بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئىنسانلار ئۈچۈن زىرائەت تېرىشى كېرەك. بارغانسېرى كۆپ دېھقانلار بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ زىرائىتى تېرىغاندا، ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كېتىۋاتىدۇ، نەتىجىدە نامرات دۆلەتلەردىكى كىشىلەر ئاچارچىلىقتا قېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئىنسانلار تۆھپە قوشىمەن دەيدىكەن، ئاپتوبۇستا، پويىزدا ئولتۇرۇشى شەخسىي ماشىنىسىنى ھەيدەشنى توختىتىش كېرەك. ھۆكۈمەتمۇ شامال ئېنېرگىيەسى ۋە قۇياش ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مەبلەغ سېلىش كېرەك.



شوپۇر ماشىنىسىغا بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇنى قاچىلىماقتا، نۇرغۇن يەرلەرگە بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ زىرائىتى تېرىلغاچقا، ئاشلىق باھاسى ئۆرلەپ كەتتى.

## ئورگانىك يېزا ئىگىلىك ھەل قىلىش ئۇسۇلىمۇ ؟

زىيانداش قۇرۇت، كېسەللىك ھەمدە ئۈنۈمسىز تۇپراق قاتارلىقلار زىرائەتنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى تۆۋەنلىتىۋەتتى؛ دېھقانچىلىقتىن كۆلەملەشكەن ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتكەندىن كېيىن، دېھقانلار ئاشلىق مىقدارىنى ئاشۇرۇشنى پىلانلىدى ھەمدە زىرائەتلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىماسلىقىغا كاپالەتلىك قىلدى.

# ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش

نۇرغۇن دېھقانلار ئېتىزىغا دېھقانچىلىق دورىلىرىنى سېپىدۇ، بەزى دورىلار ھاشارەت ئۆلتۈرىدىغان خىمىيەلىك ياسالمىلار بولۇپ، زىرائەتنى قۇرت يېيىشنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، بەزىلىرى، خىمىيەۋى ئوغۇت دەپ ئاتىلىدىغان خىمىيەلىك ياسالما بولۇپ، تۇپراقنى ئوغۇتلايدۇ، بۇلار زىرائەتنىڭ ئۆسۈشىگە ياردەم بېرىدۇ. بۇ خىل تېپتىكى تېرىقچىلىق كۆلەملەشكەن يېزا ئىگىلىك دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ خىل يېزا ئىگىلىك دېھقانلارنىڭ تېز سۈرئەتتە كۆپ ئاشلىققا ئېرىشىشكە پايدىلىق، باقمىچىلىقنىمۇ كۆلەملەشتۈرگىلى بولىدۇ. بۇ ئۆي ھايۋانلىرى تار مۇھىتتا ياشايدۇ. بەزى توخۇلار تار كاتەكلەردە بېقىلىدۇ. باقمىچىلار ئادەتتە خىمىيەلىك ياسالمىلىرىنى ئىشلىتىپ، بۇ كىچىك جانىۋارنى تېز يېتىلدۈرۈپ قۇشخانىلارغا ئاپىرىپ بېرىدۇ.

بەزى دېھقانلار خىمىيەلىك بۇيۇملارنى ئىشلىتىشنى خالىمايدۇ، ”تەبىئىي يېزا ئىگىلىك“ تۇپراقنى تەبىئىي ئوغۇتلاشنى كۆرسىتىدۇ. دېھقانلار يەرلىرىگە قىغ قۇيۇپ ئوغۇتلايدۇ. ئورگانىك يېزا ـ ئىگىلىك بىر خىل تەبىئىي يېزا ئىگىلىكتۇر. ئورگانىك يېزا ـ ئىگىلىكتە ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن ۋاقىت كۆپ بولغاچقا، باھاسى قىممەتىرەك بولىدۇ.



دېھقانلار يەرلىرىگە خىمىيەلىك دورا چېچىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتماقتا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# كىشىلەر ئورگانىك يېمەكلىك سېتىۋېلىشى كېرەك، قوللامسىز قارشى تۇرامسىز ؟

## قوللايمەن!

مەن كۆپەرەك پۇل خەجلەپ ئورگانىك يېمەكلىك سېتىۋېلىشنى خالايمەن، چۈنكى بالام يەيدىغان يېمەكلىك تەركىبىدە خىمىيەلىك ماددىلارنىڭ بولۇشىنى خالىمايمەن، بىز تۇپراقنىڭ كەلگۈسىگە كۆڭۈل بۆلىشىمىز كېرەك، ئۇ خىمىيەلىك ياسالمىلارنىڭ تۇپراققا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىنى كىم بىلىدۇ؟ يەۋاتقان يېمەكلىكىمىزدە قانداق رول ئوينايدۇ ؟

## قارشى تۇرىمەن!

مەن ئورگانىك يېمەكلىكنى ئالمايمەن، خىمىيەلىك ماددىلار ۋە تۇپراقنىڭ كەلگۈسىدىن غەم يەپ يۈرمەيمەن. ماڭا لازىمى ئائىلەم ئۈچۈن يېتەرلىك ئوزۇق.

ئورگانىك يېزا ـ ئىگىلىكىنىڭ(ئۈستىدىكى رەسىم) خىزمەت مىقدارى كۆلەملىك يېزا ئىگىلىككە (ئاستىدىكى رەسىم) قارىغاندا كۆپ. نۇرغۇن ئورگانىك دېھقانچىلىق مەھسۇلاتلىرى قىممەت.



بەزى كىشىلەر دېھقانچىلىق دورىلىرى ۋە خىمىيەلىك ئوغۇت تۇپراقنىڭ ئوزۇق ماددىسىنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، چارۋىنىمۇ خىمىيەلىك ياسالمىلار بىلەن باقماسلىق كېرەك دەپ

قارايدۇ. خىمىيەلىك ياسالمىلار دەريا ئېقىن، كۆللەرگە كىرىپ سۇ مەنبەسىنى بۇلغىدى.

## زىيادە ئېرىشىش ــ بىز زىيادە تېرىقچىلىق قىلدۇقمۇ ؟

دېھقانلار ئىمكانقەدەر جىقراق ھوسۇل ئېلىشنى ئويلايدۇ. بىراق بۇنداق زىيادە تېرىقچىلىق تۇپراقنى بۇزۇپ، تۇپراق ئوزۇقمادارلىقىنى ناچارلاشتۇرىدۇ ھەمدە يەرنى قايتا تېرىغىلى بولمايدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ.

## زىيادە بېقىش

ناۋادا چارۋىلار ئوخشاش بىر يايلاقتا بېقىش ۋاقتى ئۇزۇن بولسا، زىيادە بېقىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. چارۋىلار بۇ يەردىكى چۆپنى يەپ تۈگەتكەچكە، چۆپ قايتا كۆكلىمەيدۇ. چارۋىلار يايلاقتا دەسسەۋەرگەچكە، يايلاقتىن توپا چىكەتكەچكە باشقا ئۆسۈملۈكلەرمۇ بۇنداق تۇپراقتا تەستە ئۆسىدۇ.

## بېلىقنى بېلىقتا بېقىش

بېلىق ئاقسىلنىڭ مۇھىم مەنبەلىرىدىن بىرى. ئىنسانلارنىڭ بېلىق ئىستېمالى كۈنسېرى ئاشقاچقا، ئېھتىياجنى قاندۇرۇش ئۈچۈن بىر قىسىم بېلىقچىلىق مەيدانلىرى بارلىققا كەلدى. بېلىقنىڭ يېمىكى ئادەتتە بېلىق تالقىنى بولۇپ، بۇ بېلىق تالقىنىنىڭ بىر قىسمى ياۋا بېلىقلارنى پىششىقلاشتىن كەلگەن. ئۈچ توننا ياۋا بېلىقتىن بىر توننا بېلىق يېمى قىلىنىدىغان بېلىق تالقىنى ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ. بىراق بۇ ئۈچ توننا ياۋا بېلىقنى ئىنسانلار يېسىمۇ بولاتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## ئۆزىنىلا بېقىش

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەرنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا، دېھقانلار ئىشلەپچىقارغان ئاشلىق ئۆزىنى ئاران باقىدۇ، بۇنى بىز ئۆزىنىلا بېقىش دەيمىز. چۈنكى بۇ دېھقانلار باشقا ئاشلىق ئېشىنچا قىلالمايدۇ، كۆنلەرنىڭ بىرىدە تەبىئىي ئاپەت ياكى ناچار ھاۋارايى بولۇپ قالسا مەھسۇلات تۆۋەنلەپ، ئۇلار ئاچ قالىدۇ.

ئەگەر ھوسۇل ياخشى بولمىسا، كىشىلەر دائىم شەھەرلەرگە كىرىپ ئىش ئىزدەيدۇ. شەھەرلەردە تاپقان پۇلنى كۆپ قىسمىنى ئۆيلىرىگە ئەۋەتىپ، ئاز قىسمىنى ئۆزى خىراجەت قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر، ھەتتا ماكانسىز، پۇلسىز، ئوزۇق-تۈلۈكسىز ھالەتتە نامراتلىقتا ياشايدۇ.

### ئىشەنگىلى كەلمەيدۇ !

- بۈگۈنگە قەدەر ئاتلانتىك ئوكياندىكى بېلىق مىقدارى يۈز يىل ئاۋۋالقىنىڭ 6/1 گە توغرا كېلىدۇ.
- ئەگەر بىز زىيادە بېلىق تۇتۇشنى توختاتمىساق 2048-يىلىغا بارغاندا ھازىر بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان بېلىقلارنىڭ نۇرغۇن تۈرلىرى يوقاپ كېتىشى مۇمكىن.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

### موزامبىك

ئىلگىرى موزامبىك دېڭىز ساھىلىنىڭ تېيىز رايونلىرىدا بېلىق كۆپ ئىدى. نۆۋەتتە، يەرلىك بېلىقچىلار تولىمۇ

ئۈمىدسىزلەندى. چۈنكى ئۇلارنىڭ بېلىق تۇتمىقى ناھايىتى تەس، دېڭىزدىكى بېلىقلارنىڭ سانىمۇ ئازلاپ كەتتى. بۇ يەردە بېلىققا تايىنىپ جان باقىدىغانلار ھەتتا تۇرمۇشىنى قامدىغۇدەك بېلىق تۇتالمىدى. بىر بېلىقچى: «پەقەت چوڭ تىپتىكى كېمىلەرلا كۆپ بېلىق تۇتالايدۇ. مەسىلەن: راك، تاسما بېلىق. ئۇلار بېلىقنى ھەم كۆپ ھەم تېز تۇتقاچقا دېڭىزدا بېلىق قالمىدى» دېدى.



موزامبىكتىكى بېلىقچىلار تاشلىغان تورغا بىرمۇ بېلىق ئېلىنمىدى.

## غايىب بولغان تۇپراق

ئامېرىكىنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى بوران-چاپقۇننى بېشىدىن كەچۈردى، تۇپراقنىڭ ئەڭ ئۈستۈنكى قەۋىتى تۇپراق يۈزى دەپ ئاتىلىدىغان بولۇپ، مول ئوزۇقلۇق ماددىغا ئىگە ئىدى، لېكىن بۈگۈنكى كۈندە سۇ ئېقىتىپ كەتتى. بۇنداق تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشى بىر خىل تەبىئەت ھادىسىسىدۇر.

ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تېزلەتمەكتە. دەرەخ ۋە چاتقاللار تەبىئىي توساق بولۇپ، شامالنىڭ تۇپراق يۈزىنى ئۇچۇرۇشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بىراق ئورمان كېسىش شىركەتلىرى ۋە دېھقانلار ياغاچ ماتېرىيالى ۋە يەرگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئورمانلارنى كەڭ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كۆلەمدە كەسمەكتە. بۇ هال تۇپراقنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى تېخىمۇ ئاسانلاشتۇردى.

## ئۇچۇپ تۇرغان توپا، قۇرغاقچىلىق ۋە ئۆلۈم

قۇملۇق هاياتلىق يوق قۇرغاق رايوندۇر. ئىنسانلار قۇملۇقلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە ياشايدۇ. ئۇلار دەرەخلەرنى كېسىپ ئوتۇن قىلىدۇ. دەرەخ بولمىسا شامالنىڭ تۇپراق يۈزىنى ئۇچۇرۇشىنى نېمە توسىدۇ؟ قۇملۇق كېڭەيمەكتە، تېرىلغۇ يەر ئازلىماقتا.

## ئۆي كېرەكمۇ ياكى ئوزۇقلۇقمۇ؟

ئۆي سېلىنغان يەرلەر بارغانچە كۆپەيمەكتە. نۇرغۇن كىشىلەر بۇ يەرلەر تېرىلىشى كېرەك ئىدى دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ نەزىرىچە، ئەگەر سەن ئۆيۈڭنىمۇ باقالمىساڭ، يەنە ئۆي سېلىپ نېمە قىلىسەن؟

## ئىشەنگىنىڭىز كەلمەيدۇ!

200يىلدىن 1000يىلغىچە بولغان ۋاقىتتا، 2.5 سانتىمېتىر مۇنبەت تۇپراق يۈزى شەكىللەنگەن. هەر 16 يىلدا دېهقانلار شۇنچىلىك كۆپ تۇپراق يۈزىگە زىيانكەشلىك قىلىدۇكى بۇ تۇپراقنىڭ قايتا پەيدا بولۇش سۈرئىتىدىن 12 هەسسە تېز.



ئورمانلار كېسىلگەچكە، مۇنبەت ئېتىزلار بارغانچە قۇملۇققا ئايلاندى.

## تەرەپ ـ تەرەپكە توشۇلۇۋاتقان يېمەكلىك

ئۆيىڭىزدىكى توڭلاتقۇغا سېلىنغان يېمەكلىكلەرنىڭ ماركىسىغا قاراپ بېقىڭ، بۇ يېمەكلىكلەر شۇ رايونىڭىزدا ئىشلەپچىقىرىلغانمۇ ياكى باشقا دۆلەتلەردىن ھەتتا قىتئە ئاتلاپ يۆتكەپ كېلىنگەنمۇ؟ تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى يېمەكلىكلەرنىڭ كۆپ قىسمى مىڭلارچە كىلومېتىر يىراقلىقتىن كەلگەن. يېمەكلىك بىر دۆلەتتىن يەنە بىر دۆلەتكە توشۇلغان چاغدا بۇلغىنىش پەيدا قىلىپ يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇدۇ.

## تۆت پەسىللىك پۇرچاق مۇھىت ئاسرامدۇ ؟

قوياش نۇرىغا تويۇنغان ئافرىقا قىتئەسىدىكى كېنىيەدە، دېھقانلار تۆت پەسىللىك پۇرچاق تېرىپ ئەنگلىيەدىكى تاللا بازارلىرىغا ساتىدۇ. ئاۋۋال يۈك ماشىنىلىرى بۇ پۇرچاقنى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىن زاۋۇتقا توشۇيدۇ، ئۇ يەردە پۇرچاقلار تازىلىنىپ قۇتىلارغا قاچىلىنىدۇ. ئاندىن غايەت زور توڭلىتىش ساندۇقلىرىغا قاچىلىنىپ لوندونغا توشۇلىدۇ. بۇ پۇرچاقلار لوندون ئايرودرومىدىن ئەنگلىيەدىكى تاللا بازارلىرىغا توشۇلۇپ، تېرىلغان ئېتىزلىقىدىن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتىكى تاللا بازارلىرىدا سېتىلىدۇ.

## تەرەپ ـ تەرەپكە توشۇلۇۋاتقان ئۆي ھايۋانلىرى

تۆت پەسىللىك پۇرچاقلار نەچچە مىڭ كىلومېتىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



توشۇلۇپلا قالماستىن، ئۆي هايۋانلىرىمۇ مەسىلەن: ئات، كالا، قوي قاتارلىقلارمۇ يۇك ماشىنىلىرىغا بېسىلىپ تەرەپ ـ تەرەپكە توشۇلىدۇ. كېسەللىك يۇك ماشىنىلىرىنىڭ ۋاگونلىرىدا تېز سۈرئەتتە تارقىلىدۇ. نەچچە سائەتلەپ قىستىلىپ توشۇلغان چارۋىلار بوغۇزلىنىدۇ.

### ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

- 2007 ـ يىلى كانادادىن هاۋايغا توشۇلغان 85 تۇياق كالا ئاپتاپ ئۆتۈپ ئۆلگەن.

كىشىلەر چوقۇم چەتئەلنىڭ يېمەكلىكىنى سېتىۋېلىش كېرەك :

## قوللامسىز ، ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

### قوللايمەن !

ئەنگلىيەدە تېرىلغان تۆت پەسىللىك پۇرچاق بىلەن كېنىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان تۆت پۇرچاقلار ئوخشاشلا بولغىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئەنگلىيە دېهقانلىرى چوڭ تىپتىكى ماشىنىلار بىلەن پۇرچاقنى يىغىدۇ، بۇ ماشىنىلار مىنېرال يېقىلغۇلارنى خوراتقاچقا بولغىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئۇندىن باشقا كېنىيىدىن ئىمپورت قىلىنغان تۆت پەسىللىك پۇرچاقلار كېنىيە خەلقىگە ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىپ بېرىدۇ.

### قارشى تۇرىمەن

كېنىيەدىن ئىمپورت قىلىنغان تۆت پەسىللىك پۇرچاقلار بۇلغىنىش پەيدا قىلىدۇ. ئەنگلىيەدە تېرىلسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟ ئەنگلىيەدە تېرىلسا ئەنگلىيەلىك دېھقانلارغا ئىشقا ئورۇنلىنىش پۇرسىتى يارىتىدۇ. كېنىيەنىڭ پۇرچاقلىرى يەرلىك خەلققە ۋە قوشنا ئەللەرگە سېتىلسىمۇ بولىدۇ.



ئەنگلىيەدە تۆت پەسىللىك پۇرچاق دائىملىق يېمەكلىك. بىراق ئۇ ئەنگلىيەلىكلەرنىڭ تاماق ئۈستىلىگە چىقىش ئۈچۈن، نەچچە مىڭ كىلومېتىر يول يۈرىدۇ.

## زىياپەتمۇ ياكى ئاچارچىلىقمۇ ؟

تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە يەتتە ئادەمنىڭ بىرسى تويغۇدەك تاماق يېيەلمەيدۇ، ساغلام تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدۇ.

مەنبە : دۇنيا ئاشلىق پىلانى

- تەرەققىي قىلغان ئەللەردە 6 ياشتىن يۇقىرى بالىلاردىن 10 ئادەمدىن بىرى زىيادە سېمىز.

مەنبە : خەلقئارا سېمىزلەر ئالاھىدە ئورگىنى

ئاچارچىلىق تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت خەلقلىرى ئۈچۈن چوڭ باش ئاغرىقىدۇر. كىشىلەر يېمەكلىكنى ماگىزىنلاردىن سېتىۋالماستىن بەلكى ئۆزلىرى تېرىپ يەيدۇ، ناۋادا ياخشى ھوسۇل ئالالمىسا، نۇرغۇن ئادەم ئاچ قالىدىغان گەپ. ئاچارچىلىق تەرەققىي قىلغان ئەل خەلقلىرىنىڭ خىيالىغىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلمەيدۇ. ئەكسىچە، ئۇلارنىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى سېمىزلىك. دۇنيادىكى بەزى رايونلاردا كىشىلەر ئېشىپ قالغۇدەك يېسە، بەزى رايون خەلقلىرى ئاچ قورساق يۈرمەكتە.

## كۆرۈنمەس ئاقىۋەت

تويغۇدەك تاماق يېيەلمەسلىك نۇرغۇنلىغان كۆرۈنمەس ئاقىۋەتلەرنى پەيدا قىلىدۇ، چۈنكى ئېچىرقىغاندا باللار ئاسانلا كېسەل بولىدۇ، ۋاقتىدا ئوقۇيالمايدۇ، مەكتەپكە بارغان تەقدىردىمۇ، ئېچىرقاش تۇيەيلى دىققىتىنى ئۆگىنىشكە بېرەلمەي، ئۆگىنىش ئىقتىدارىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھامىلدار ئايال تويغۇدەك ئوزۇقلىنالمىسا، ھامىلە يېتەرلىك ئوزۇقلۇق ئېرىشەلمەيدۇ ـ دە، ئاقىۋەتتە، بۇ بوۋاق تۇغۇلغاندىن تارتىپلا ئېچىرقاشقا باشلايدۇ.

## ئىشەنگىلى كەلمەيدۇ !

2006 ـ يىلى يەرشارىدا تەخمىنەن 854مىليون نوپۇس ئاچارچىلىقتا قالغان، بۇ سان شىمالىي ئامېرىكا ۋە ياۋروپا نوپۇسىدىن كۆپ.

بۇلاردىن تەخمىنەن 820مىليون نوپۇس تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە.

قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنىڭ يەنە بىر يۈزى

## بىر ئوزۇقلۇقشۇناسنى زىيارەت

## نىمىشقا سېمىز ئادەملەر بارغانچە كۆپىيىپ كېتىدۇ ؟

«كىشىلەر يۇقىرى قەن تەركىبلىك، مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېيىشكە ئامراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەرىكەت يېتەرلىك ئەمەس. ئۆيدىن چىقىپلا ماڭماي ماشىنىدا ئولتۇرۇدۇ، ماشىنىلار ئادەم قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماقتا. بالىلار ۋاقتىنىڭ كۆپىنى كومپيۇتېر ئويۇنى ئويناش ياكى تېلېۋىزور كۆرۈشكە سەرپ قىلىۋاتىدۇ، ئاز ھەرىكەت قىلىۋاتىدۇ.»

## سېمىزلىكنىڭ نېمە تەسىرى بار ؟

سېمىز كىشىلەر ئادەتتە ئۆزىدىن رازى بولمايدۇ، ئۆزىگە ئىشەنمەيدۇ. ياشلار ئاسانلا يۈرەك كېسىلى ۋە قان بېسىمىغا گىرىپتار بولىدۇ.



قورۇلغان توخۇ گۆشى ۋە قورۇلغان ياڭيۇ قەلەمچىسى قاتارلىق يۇقىرى مايلىق يېمەكلىكلەرنى يېسە ئاسانلا سەمرىپ كېتىدۇ.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بۇ خەرىتىدە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئاچارچىلىقتا قالغان نوپۇسنىڭ پىرسەنتى كۆرسىتىلگەن.

## بىز نېمە ئۈچۈن دۇنيانى باقالمايمىز ؟

نۆۋەتتە دۇنيا ھەممە ئادەمگە يەتكۈدەك ئاشلىقنى ئىشلەپچىقىرالايدۇ، شۇنداق تۇرۇپ نېمە ئۈچۈن نەچچە مىليون ئادەم ئاشلىقتىن ئۆلىدۇ ؟ جاۋابى، نامراتلىق. گەرچە يېتەرلىك ئاشلىق بولسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر سېتىۋالالمايدۇ. بۇ مەسىلىنى كىلىمات ئۆزگىرىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان، تەبىئىي ئاپەت ھوسۇلنى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋردىكىدىن ئازلىتىۋەتتى. بۇ ئەھۋال يەرگىلا تايىنىپ ياشايدىغان دېھقانلار ئۈچۈن ئاپەتتۇر. نۇرغۇنلىغان دېھقانلار قەھۋە قاتارلىق ئىقتىسادىي زىرائەتلەرنى تېرىپ كىرىم قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ زىرائەتلىرى سېتىلىدۇ ياكى تەرەققىي قىلغان ئەللەرگە ئېكسپورت قىلىنىدۇ. ئىقتىسادىي زىرائەت ئەسلىدە يەرلىك خەلقنى باقىدىغان زىرائەت تېرىلىدىغان زېمىننى ئىگىلەپ كەتكەن.

## زۇلۇمنى توختىتات... 2008-يىلى 6-ئاي

2008-يىلى دۇنياۋى ئاشلىق كرىزىسى يۈز بەردى. بىر يىل ئىچىدە ئاشلىق باھاسى بىر قاتلاندى. مىسىر، ھايتى ۋە فىلىپپىن قاتارلىق دۆلەت خەلقلىرى قوناق گۈرۈچ، بۇغداي قاتارلىق ئوزۇقلۇقنى سېتىۋالالماي توپىلاڭ كۆتۈردى.

بۇ قېتىملىق كرىزىسنىڭ بىر سەۋەبى، تېرىلغۇ يەرلەرگە زىرائەت تېرىلماي بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇ زىرائەتلىرى تېرىلدى. يەنە بىرى، ئىنسانلارنىڭ گۆشكە بولغان ئېھتىياجى

ئۆزۈكسىز ئۆسكەچكە، زىرائەت تېرىلىدىغان ئېتىزلىقلار باقمىچىلىق ئۈچۈن ئىگىلىنىۋېلىنىدى. شۇنىڭ بىلەن ئاشلىق مىقدارى ئازلاپ كەتتى .ئۈچىنچى بىر سەۋەب، كىلىمات ئۆزگىرىشى، ئاشقۇن ھاۋارايى زىرائەتلەرگە بۇزغۇنچىلىق قىلدى.

## ئېشەنگىگىز كەلمەيدۇ !

- ھەر يىلى 5 ياشتىن تۆۋەن6 مىليون بالا ئاچلىقتىن قازا قىلىدۇ.
- ھەر 5 سېكۇنتتا بىر بالا ئاچلىقتىن قازا قىلىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## سۇدان

رەسىم سۇداننىڭ دارفۇر رايونىدىكى مۇساپىرلار لاگېرىدا ئايالىلار تاماق ئەتمەكتە، بۇ مۇساپىرلار لاگېرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر ئاچلىق گىردابىدا.



ئۇرۇش ياكى ھەربىي قالايمىقانچىلىق دەۋرىدە نۇرغۇن كىشىلەر ئاچارچىلىققا دۇچ كېلىدۇ. دېھقانلار يۇرت ـ ماكانىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ. سۇداننىڭ دارفۇر رايونىدا ئوخشاش بولمىغان گۇرۇھلار نەچچە يىللاپ سوقۇشتى. ئۇلارنىڭ تالىشىدىغىنى سۇ مەنبەسى ۋە مۇنبەت تۇپراق، يەنە باشقا مەسىلىلەرمۇ بار. نەچچە مىليون ئادەم

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يۇرت ـ ماكانىدىن، زېمىنىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى، هازىر ئۇلار مۇساپىرلار لاگېرىدا ياشىماقتا. مۇساپىرلار لاگېرىدا باللارنى قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى قاتارلىق ساخاۋەت ئورگانلىرى ئۇلارغا ئۇن، ماي، شېكەر قاتارلىق ئاساسىي ئوزۇقلۇقلارنى تارقىتىپ بېرىپ، ئۇلارنى باقىدۇ. بىراق نەچچە 10 مىليون ماكانسىزلار، بولۇپمۇ ئاياللار ۋە باللار ئاچلىقتىن قازا قىلىدۇ.

## كەلگۈسى ئاخبارات

يېزا ئىگىلىك ۋە ئاشلىقنىڭ كەلگۈسى قانداق بولىدۇ؟ دۇنيا نوپۇسى تېز سۈرئەتتە كۆپەيمەكتە، 2008 ـ يىلى دۇنيا نوپۇسى 6 مىليارد 600 مىليون، 2050 ـ يىلغا بارغاندا دۇنيا نوپۇسى 9 مىلياردتىن ئېشىپ كېتىدۇ.

## كەلگۈسىدىكى دېهقانلار

كىلىمات ئۆزگەرمەكتە، كەلگۈسىدە دېهقانلار قانداق قىلىشى كېرەك؟ ئۇلار ئىنچىكە كۆپىيىۋاتقان نوپۇسنى بېقىش ئۈچۈن يېتەرلىك ئاشلىق ئىشلەپچىقىرالامدۇ؟ يېزا ـ ئىگىلىكنىڭ كەلگۈسى ئورگانىك يېزا ئىگىلىكمۇ؟ ياكى ئالىملار تېخىمۇ كۆپ ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىشقا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئىزدىنىشى كېرەكمۇ ؟

## ئىلىم ـ پەن بەختمۇ ياكى ئاپەتمۇ ؟

زامانىۋى پەن ـ تېخنىكا ئالىملارنى ئوخشاش بولمىغان تۈر ياكى تىپتىكى هايۋانلار ۋە زىرائەتلەرنى شالغۇتلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت ياراتتى، مانا بۇ گىن

ئۆزگەرتىشتۇر. گېن ئۆزگەرتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ هايۋاناتلار ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئالامەتلىرىنى ئۆزگەرتىپ يېڭى سورتلارنى يېتىشتۈرگىلى بولىدۇ.

## تۇپراقسىز يېتىلدۈرۈش

سۇدا يېتىلدۈرۈش بىر خىل تۇپراقسىز يېتىلدۈرۈش ئۇسۇلىدۇر. تۇپراقتىكى ئوزۇقلۇق ماددىلار سۇغا سېلىنىپ، ئۆسۈملۈكلەرنىڭ يىلتىزى سۇدىكى ئوزۇقلۇقنى بىۋاسىتە سۈمۈرۈۋالىدۇ. سۇدا يېتىلدۈرۈشكە تۇپراقتا يېتىلدۈرۈشكە قارىغاندا سۇ ئاز كېتىدۇ، ئىگىلىگەن بوشلۇقمۇ ئاز بولىدۇ. سۇدا يېتىلدۈرۈش كىلىمات ئۆزگىرىشى ۋە ئۈزۈكسىز كۆپىيىۋاتقان نوپۇسنى بېقىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئۈنۈملۈك ئۇسۇلمۇ؟

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## سۋالبارد تاقىم ئاراللىرى

يىراق شىمالىي قۇتۇپ ئەتراپىدىكى سۋالبارد تاقىم ئاراللىرىدا، غايەت زور بىر يەر ئاستى قۇرۇلۇشى بولۇپ، ئىچىدە نەچچە مىليون خىل ئۆسۈملۈك ئۇرۇقى ساقلانغان. بۇ چوڭ ئىسكىلاتقا بارلىق زىرائەت سورتلىرىنىڭ ئۇرۇقى دېگۈدەك ساقلانغان. ئەگەر ھەرقانداق بىر زىرائەت تەبىئىي ئاپەتتە پۈتۈنلەي يوقىلىپ كەتسە، ئۇنىڭ ئۇرۇقى مانا مۇشۇ ئىسكىلاتتا بار، شۇڭا يېزا ـ ئىگىلىك يەنە داۋاملىشىدۇ، كىشىلەر زىرائەت ئۇرۇقى كەملىك تۈپەيلىدىن ئاچ قالمايدۇ.

تاتلىق كۆممىقوناق تۇنجى تۈركۈمدە ياۋروپا ئىتتىپاقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com







گىن ئۆزگەرتىشنى تەستىقلىغان زىرائەتنىڭ بىرى

سۇدا يېتىلدۈرۈش دېھقانچىلىق بازىسىدا ئۆسكەن مايسىلار

## ھەرىكەتكە كېلەيلى !

ھەممە ئادەمنىڭ ساغلام مېۋە ئېلىپ يېيىش ھوقۇقى بار. بىراق رېئاللىق ئۇنداق ئەمەس، دېھقانلار نېمە تېرىسا، كىشىلەر شۇنداق يېمەكلىكنى تاللايدۇ. ھەمدە كىشىلەرنىڭ ئېنېرگىيە مەنبەسىنى قانداق ئىشلىتىشى يەرشارىغا غايەت زور تەسىر كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندىكى بىر قانچە ئاددىي ئىشلارغا دىققەت قىلساق، يەرشارىمىزنىڭ كەلگۈسىگە تۆھپە قوشالايمىز.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

## يېيىش ئادىتى

كۆپ مىقداردىكى يېڭى مېۋە ۋە كۆكتات يېيىش. ئۇلاردا ئوراپ قاچىلانغان ۋە ئىش قوشۇلغان يېمەكلىكلەرگە قارىغاندا ئوزۇقلۇق مىقدارى كۆپ.

## ئۆزى تېرىش

بر قاپ ئۇرۇق ئېلپ، ئۆزڭز كۆكتات تېرڭ. سزگە چوڭ باغ ياكى ئېتېزلق كېرەك ئەمەس، بر تەشتەك بولسلا كۇپايە.

## مزلك تائام

ئوقۇتقۇچڭزغا مەكتپڭز بلەن باشقا دۆلەت مەكتەپلرى ئارسدا تور ئالاقسى تۇرغۇزۇشقا تەكلپ برڭ. باشقا دۆلەت باللرى نېمە يەيدۇ؟ بلپ بېقڭ. بر ساغلام تاماق تېزملكى تۇرغۇزۇڭ، دۇنيادكى ئوخشاش بولمغان دۆلەتلەرنڭ تاماق ئېتش ئۇسۇلنى ئۆز ئچگە ئالسۇن.

## ئېنېرگيە مەنبەسنى تېجەش

نۆۋەتتە، كشلەر تۆۋەن كاربونلۇق، ئېنېرگيە تېجەيدغان تۇرمۇشنى تەشەببۇس قلماقتا، مەسلەن: توك، گاز تېجەش، چراغنى بر ەر سائەت ئۆچۈرۈۋېتش....قاتارلق كچك ئشلاردن باشلماقتا، سزنڭ ئېنرگيەنى تېجەيدغان يەنە قانداق ئۇسۇللرڭز بار؟ ماشندا ئولتۇرماي، پيادە ياكى ۋېلسپت بلەن مەكتەپكە بارسڭز بولامدۇ ؟

## مال سېتۋېلش

يەرلك دېهقانلارنڭ يەرلك مەهسۇلاتلارنى سېتۋېلشنى قوللاش، يېمەكلك سېتۋالغاندا، خالتدكى ئۇچۇرلارغا دققەت قلش: بۇ يېمەكلك نەدن كەلگەن؟ بۇ تاللا بازرغا قانچلك مۇساپنى بېسپ يېتپ كەلگەن؟

www.uyghurkitap.c



## ئادىل سودا

مال سېتىۋالغىنىمىزدا ئادىل ئالماشتۇرۇلىدىغان مەھسۇلاتنى ئويلىشىپ بېقىڭ، دېھقانلاردا ئائىلىسى ئۈچۈن يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا يېتەرلىك پۇلى بولسۇن، يەنە دورا ۋە پاكىز سۇ سېتىۋېلىشقىمۇ قۇربى يەتسۇن.



تا نز ا نيه د ىكى دېھقانلار پاختا تەرمەكتە، بۇ پاختىلاردىن كىيىم تىكىلىدۇ، ماگىزىنلاردا ئادىل سودا قىلىنىدۇ.

# 7. نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش

نامراتلىق يەر شارىنى داۋاملىق جاراھەتلەندۈرمەكتە

دۇنيادىكى ھەر قايسى دۆلەتلەردە نامراتلىق مەسىلىسى مەۋجۇت. «نامراتلىق» دېگەن بۇ سۆزگە نىسبەتەن ئوخشىمىغان كىشىلەرنىڭ قارىشىمۇ ئوخشاش ئەمەس. شۇنداق بولسىمۇ نامراتلىقتا ياشاۋاتقان بارلىق كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئىككى تەرىپى بار. بىرى، ئۇلارنىڭ تۇرمۇشتا باشقا تاللاش يولى يوق. يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ ئۆز ئەھۋالىنى ئۆزگەرتىش پۇرسىتى ناھايىتى ئاز.

## تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردىكى نامراتلىق

ھەر قايسى دۆلەتتە باي- نامراتلىق پەرقى مەۋجۇت. نۇرغۇن دۆلەتلەر ناھايىتى باياشات. بۇ «تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر» ئاۋسترالىيە، ياپونىيە، ئامېرىكا ۋە بىر قىسىم ياۋروپا دۆلەتلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەسىلەن: ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە قاتارلىق باي دۆلەتلەردىمۇ يەنىلا بىر قىسىم نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان كىشىلەر مەۋجۇت. ئۇلار تەستە تىرىكچىلىكىنى داۋاملاشتۇرۇۋدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



دىگۇدەك خىزمەت تاللاش پۇرسىتى يوق. نامرات تەقدىرىنى ئۆزگەرتىش ئىمكانىيىتىمۇ يوق، ئۇلار «نىسپىي نامرات» تۇرمۇش كەچۈرىدۇ.

## نامراتلىق ۋە ئىقتىساد

يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەر ناھايىتى نامرات. بۇ دۆلەتلەر «تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر» دەپ ئاتالىدى. ئۇلار جەنۇبىي ئاسىيادىكى نۇرغۇن دۆلەتلەر، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى كۆپ قىسىم رايون ۋە سەھرايى كەبىر قۇملۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا قىتئەسى رايونىنى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ھەتتا كىشىلەرنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش ئېھتىياجىمۇ قاندۇرۇلمايدۇ. مەسىلەن: پاكىز سۇ مەنبەسى، ساغلام يېمەكلىك، قار ـ يامغۇردىن پاناھلىنىدىغان تۇرالغۇ، داۋالىنىش، ساغلاملىق ۋە مائارىپ تەربىيەسى ئېلىش قاتارلىقلار. ئۇلارنىڭ نامراتلىق دەرىجىسى ئوخشاش ئەمەس. يۇقىرى دەرىجىلىك نامراتتىن تارتىپ ئادەتتىكى نامراتلىققىچە بار.

## نامراتلىقنى ھەل قىلىش

نۇرغۇن باي دۆلەتلەر نۆۋەتتە تىرىشىپ نامرات ياشاۋاتقان كىشىلەرگە ياردەم بەرمەكتە. ئۇلار تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ نامرات دۆلەتلەرنى قوللىغۇدەك، ياردەم قىلغۇدەك ئەمەلىي كۈچى بار. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، يەر شارى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 80% دىن كۆپرەكىنى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر ئىگىلەيدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نوپۇسى يەر شارى نوپۇسىنىڭ پەقەت 20% نى ئىگىلەيدىكەن. خەلقئارا سودىدا تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرنىڭ

ئېكسپورتى 75% ئەتراپىدا. شۇنىڭ ئۈچۈن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر نامراتلىقنى تۈگىتىش نىشانىغا يېتىشتە ئۆزىدىكى ئەۋزەللىك ۋە ئەمەلىي كۈچىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشى كېرەك.

2000-يىلى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى 2015-يىلىغا بارغاندا، نامراتلىقنى تۈگىتىشنى ئوتتۇرىغا قويغاندا 186 دۆلەتنىڭ ۋەكىلى بۇ كېلىشىمگە ئىمزا قويدى. لېكىن نۇرغۇن كىشىلەر بۇ نىشاننىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا گۇمان بىلەن قارىماقتا.

## ▲ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ!

- دۇنيادا تەخمىنەن 15 مىليون ئادەمنىڭ تۇرمۇشى ئېغىر قىيىنچىلىق ئىچىدە.
- ئېغىر قىيىنچىلىق ۋە نامراتلىق ھەر كۈنلۈك ئىستېمالنىڭ 1.6 فوندستېرلىڭغىمۇ يەتمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بەرمەكتە.
- ھەر يىلى 800 مىڭ ئادەم ئېغىر نامراتلىق تۈپەيلىدىن ئۆلۈپ كەتمەكتە.

## نامرات يېزا ۋە شەھەر

ئافرىقا قىتئەسى، ئاسىيا قىتئەسى ۋە جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى يېزىلاردا نەچچە يۈز مىليون كىشىنىڭ تۇرمۇشى نامراتلىق ئىچىدە. كۆپ ساندىكى دېھقانلار پەقەت 1-2 گېكتار يەر تېرىيدۇ. ئۇلار كۈنلۈكنى كۈنلۈك تېپىپ تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. زىرائەتلەرنى يامغۇر سۈيىگە تايىنىپ

www.uyghurkitap.com



سۇغىرىدۇ. ئائىلىسىنى يېتەرلىك ئاشلىق بىلەن تەمىنلەشكە ئامالسىز. ھاياتلىقنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، نۇرغۇن دېھقانلار شەھەرلەرگە كىرىپ خىزمەت ئىزدىمەكتە.

## نامراتلىق شەھەرلەرنى قاپلىماقتا

نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، شەھەرلەردە ئىشلەمچىلىك قىلىدىغانلارنىڭ ھېچقانداق خىزمەت كاپالىتى يوق. ئۇلار ناھايىتى مۇشەققەت بىلەن ئىشلەيدۇ. ئەكسىچە ئىش ھەققى ناھايىتى تۆۋەن. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى قالايمىقان كەپە رايونلىرىدا قىستىلىشىپ تۇرىدۇ. يالتىراق قاتارلىق تەننەرخى تۆۋەن ماتېرىياللاردىن ئاددىي بىر ئېغىز ئۆينى قۇراشتۇرۇپ ياشايدۇ. ئۇ يەرنىڭ مۇھىتى ناھايىتى ناچار. پەقەت ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەرلا يېتەرلىك پۇل تاپالايدۇ. ئائىلىسىگە كېتەرلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەۋەتەلەيدۇ.

## دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى تۇرمۇش

يېزىلاردا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئۈچۈن دېھقانلار تېخىمۇ كۆپ كىرىم شارائىتى يارىتىشقا موھتاج. بولۇپمۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى تىجارىتى تېخىمۇ شۇنداق. ئۇلار چوقۇم شۇ يەرلىك بازاردا ساتقىلى بولىدىغان ياكى باشقا دۆلەتلەرگە سېتىپ چىقارغىلى بولىدىغان ئاشلىقنى تېرىشى كېرەك.

بەزى تەشكىلاتلار، مەسىلەن: جەنۇبىي ئافرىقا تەرەققىيات ئورتاق گەۋدىسى رايون ئىچكى قىسمىدىكى خەلقئارا سودىغا ياردەم بېرىشنى كۈچەيتمەكتە. يېڭى دېھقانچىلىق تۈرلىرىمۇ

دېھقانلارنىڭ بايلىق يارىتىشىغا ياردەم بېرىدۇ. كاۋازدۇ-ناتال ناھىيەسىدە بىر خىل زىيانداش قۇرتقا قارشى پاختا ئۇرۇقىنى تېرىش يەرلىك دېھقانلارغا تېخىمۇ كۆپ پاختا ئىشلەپچىقىرىش پۇرسىتى ياراتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يېزا-ئىگىلىك تېخنىكىسى ۋە ماشىنا ئۈسكۈنىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىمۇ دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئۆستۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

## پېرۇ

پېرۇ ئەنئەنىۋى يېزا-ئىگىلىك ۋە كان دۆلىتى. لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئوتتۇرا سەۋىيەدىكى دۆلەت. كان بايلىقى مول، نېفىت ئۆزىنى تەمىنلەپ ئاشىدۇ. سانائەتتە پىششىقلاپ ئىشلەش بىلەن قۇراشتۇرۇش ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. يېقىنقى يىللاردىن بىرى پېرۇ ئۆزلۈكسىز ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئەندىزىسىنى قوللىنىپ، يېزا ئىگىلىك سېلىنمىسىنى ئاشۇرۇپ، نامرات رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئەھمىيەت بەرمەكتە.

پېرۇنىڭ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش ھەمكارلىق جەمئىيىتىدە دېھقانلارنىڭ شەھەرلەرگە كىرىپ خىزمەت ئىزدىشىنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار يېقىن ئەتراپتا قەھۋە تېرىسىلا بولىدۇ. ئۇلار 1995-يىلى باراۋەر بولغان سودا ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى قۇرغان. بۇ دېھقانلارنىڭ قەھۋەدىن ئالغان ھوسۇلىنىڭ ئادىل باھاغا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇ ھەمكارلىق جەمئىيىتىدە 3200 دىن كۆپرەك دېھقان بار. ئۇلار ئامېرىكا ۋە ياۋروپاغا قەھۋە ئېكسپورت قىلىدۇ. پېرۇ ئېكولوگىيەسىنى قوغداش جەمئىيىتى يەنە باشقا كەسپلەرنىمۇ تەرەققىي قىلدۇرۇپ بۇ رايوننى گۈللەندۈردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## مائارىپ تەرەققىياتىنىڭ تېزلەتكۈچىسى

پۈتۈن دۇنيادا تەخمىنەن 8 يۈز مىليون 750 مىڭ قۇرامىغا يەتكەن ئادەملەر خەت تونۇمايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى مەكتەپتە ئوقۇيالمايدىغان، ئوقۇتقۇچى تەكلىپ قىلالمايدىغان نامراتلار. مائارىپ تەربىيەسى كەمچىل بولغانلىقتىن، ئۇلار نامراتلىقتىن ئىبارەت يامان خاراكتېرلىك ئايلانمىغا چۈشۈپ كەتكەن. مائارىپ ئۇلارنىڭ باي بولۇشىغا ياردەم بېرىدۇ. ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۇلار ئاشلىق ئىشلەپچىقىرىش مىقدارىنى ئۆستۈرۈش ئۇسۇلىنى تاپالايدۇ. سالامەتلىكنى ئاسراش، ئىشلەپچىقىرىش كەسپى ۋە خەلقئارا ئالاقە ئىقتىدارىنى تەرەققىي قىلدۇرالايدۇ.

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشنى «قىل سىغماس ھەقىقەت» دەپ قارايدۇ. ئەمما بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندىمۇ دۇنيادا يەنىلا يۈز مىليون 210 مىڭ بالا مەكتەپتە ئوقۇيالمايدۇ. ئاشۇ دەرىجىدىن تاشقىرى نامرات دۆلەتلەردە 46% قىزلار ھەتتا باشلانغۇچتىمۇ ئوقۇمىغان. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلىدە ئائىلە ئىشلىرى ۋە ئېتىز ئىشلىرىغا ياردەملىشىدۇ. بەلكىم ئۇلار ھەر كۈنى بىر قانچە كىلومېتىر مۇساپىنى بېسىپ سۇ توشۇيدىغاندۇ.

قىزلارنىڭ مائارىپ تەربىيەسى ئېلىشى ئىنتايىن مۇھىم. مائارىپ تەربىيەسى ئالغان قىزلارنىڭ خىزمەت تېپىش نىسبىتى ناھايىتى يۇقىرى. شۇنداق بولغاندا ئۇلار كەلگۈسىدە ئۆزىنىڭ باللىرىنىمۇ ئوقۇتالايدۇ. بۇ يەنە ئۆز نۆۋىتىدە نامراتلىقتىن ئىبارەت يامان خاراكتېرلىك ئايلانما ھالقىنى بۇزۇپ

تاشلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

## يىراق مۇساپىلىك ئوقۇتۇش

تەرەققىي قىلمىغان دۆلەت كىشىلىرىنىڭ مائارىپ تەربىيەسىنى ئېلىش شەكىللىرى كۆپ خىل. سومالىنىڭ يىراق مۇساپىلىك مائارىپ قانىلى يېڭىدىن بارلىققا كەلگەن ۋە كىشىلەرنى قىزىقتۇرۇۋاتقان بىر مىسال. 2003 ـ يىلدىن بىرى بۇ قانال رادىيودىن پايدىلىنىپ، ئافرىقىنىڭ شىمالىنى ئاساس قىلغان يېزا ياشلىرىنى مائارىپ تەربىيەسى بىلەن تەمىنلەپ كەلمەكتە. ئوقۇتقۇچىلار رادىئو ئارقىلىق ئوقۇغۇچىلارنى تەربىيەلەيدۇ. بۇ قانال تارقىتىلغان بىرىنچى يىلى 900 نەپەر ئوقۇغۇچى ئەدەبىيات، ماتېماتىكا، داۋالاش، ئېكولوگىيە ۋە كىشىلىك هوقۇق قاتارلىق كەسپلەردە ئىمتىهاندىن ئۆتۈپ لاياقەتلىك بولدى.

## كومپيۇتېر گۈزەل ئەتىنى يارىتىدۇ.

كىشىلەر كومپيۇتېر ئارقىلىق تورغا چىقىپ ئىجتىمائىي ئالاقە ئارقىلىق ئاساسىي ئىقتىدارنى ئۆستۈرىدۇ. هىندىستاننىڭ يېزىلىرى ۋە ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان يېزا ـ بازارلىرىدا ئالىملىقاچان جۇدۇن ـ چاپقۇندىن مۇداپىئەلىنىدىغان تور سۇپىسى قۇرۇلدى. بۇ تور سۇپىسى ئاممىۋى ئەسلىهەلەر قۇرۇلۇش رايونىغا يېقىن بولۇپ، ئاسانلا تاپقىلى بولىدۇ. رايون تەۋەلىكىدىكى هەر قانداق ئادەم بۇ كومپيۇتېرلارنى ئىشلەتسە بولىدۇ.

بۇ خىل تورخانىلار هىندىستاندىكى مەخسۇس ئالاهىدە قىيىنچىلىقى بار باللارغا ياردەم بېرىش پىلان تۈرىگە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كىرگۈزۈلگەن. كوچا دوقمۇشىغا تورخانا قۇرۇش ئارقىلىق تېخىمۇ كۆپ بالىلارنى، بولۇپمۇ ئائىلىسىدە قىيىنچىلىقى بار كومپيۇتېر سېتىۋالالمايدىغان بالىلارنى كومپيۇتېر بىلەن ئۇچراشتۇرۇش، كومپيۇتېر ئۆگىنىشكە قولايلىق يارىتىشتىن ئىبارەت. بالىلار دەسلەپتە كومپيۇتېردا پەقەت رەسىم سىزىش تۈردىكى ئاددىي ئويۇنلارنى ئوينىغان. بىراق ئۇلار ئۇزۇن ئۆتمەيلا خەت ئۇرۇش، تور بەتلەرنى زىيارەت قىلىش قاتارلىقلارنىمۇ ئۆگىنىۋالىدى.

## بالا ئىشچىلار كەلگۈسىنى نامراتلىققا باشلايدۇ

هازىر تەخمىنەن 2 مىليون 18 مىڭ ئەتراپىدىكى 5 ياشتىن 14 ياشقىچە بولغان بالا ئىشچىلار بار. بەزى بالا ئىشچىلارنىڭ يېشى ھەتتا ئۈچ ياش. ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى ئائىلىسىنىڭ قەرزىنى قايتۇرۇش، داۋالاش قەرزىنى قايتۇرۇش ئۈچۈن ئامالسىزلىقتىن ئىشلەيدۇ.

## سالامەتلىك ۋە بايلىق

نۇرغۇن بالا ئىشچىلار جەنۇبىي ئاسىيادا، تېخىمۇ كۆپ قىسمى ئافرىقا قىتئەسى، جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسى قاتارلىق جايلاردا ياشايدۇ. ھىندىستاندا 70% بالا ئىشچى دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا ئىشلەيدۇ. ئۇلار دائىم خەتەرلىك بولغان ھاشارات ئۆلتۈرۈش دورىلىرى بىلەن ئۇچرىشىشتىن ساقلىنالمايدۇ. باشقا بالا ئىشچىلار شەھەرلەردىكى كىچىك زاۋۇتلاردا ئىشلەيدۇ. ئۇلار ئاساسەن دېگۈدەك تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردىكى كىيىم- كېچەك تىكىمچىلىك زاۋۇتلىرىدا تىكىمچىلىك قىلىدۇ. ئۇزۇن مۇددەت غۇۋا چىراغ يورۇقىدا ئىشلىگەنلىكتىن بالىلارنىڭ كۆرۈش قۇۋۋىتى ئاجىزلاپ كېتىدۇ.

نورمال ئەھۋال ئاستىدا ئۇلارنىڭ بىر كۈنلۈك خىزمەت ۋاقتى 10 سائەتتىن يۇقىرى. ئەكسىچە ئىش ھەققى پەقەت 20 پېسو. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن سودىگەرلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، بالا ئىشچىلارنى يالالاپ ئىشلىتىش ئۇلارنىڭ تېخىمۇ كۆپ پايدىغا ئېرىشىشتىكى ئاددىي ئۇسۇلى ھېسابلىنىدۇ.

## ئۈنۈملۈك ھەرىكەتلەرنى قوللىنىش

بەزى تەشكىلاتلار قۇرامىغا يەتكەن ئەمگەك كۈچىنى يالالاپ ئىشلىتىش ئۆلچىمىنى تۈزۈپ چىقتى. خەلقئارا ئەمگەك تەشكىلى تۈزگەن 138- نومۇرلۇق بەلگىلىمىدە نۇرغۇن خىزمەتلەرنىڭ بالىلارغا ماس كەلمەيدىغانلىقى كۆرسىتىلگەن. شۇنداق بولسىمۇ تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بارلىق دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە زاۋۇتلارنى تەكشۈرۈپ تۇرۇشقا ئامالسىز. ئادەتتە مېھىر-شەپقەت ئاپپاراتى ۋە پىدائىيلار بۇ خىل خىزمەتنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، ئۇلار بالا ئەمگەك كۈچلىرىنى ئىشلىتىشنى نازارەت قىلىدۇ. بۇ خىل ئاپپاراتلار يەنە مەكتەپ قۇرۇش، تەربىيىلەش كۇرسلىرىنى ئېچىش ئارقىلىق ياش ئەمگەكچىلەرگە ياردەم بېرىدۇ. ھىندىستاندا بالا ئىشچىلار بىر قىسىم تەشكىلاتلارغا قاتنىشىش ئارقىلىق، مەسىلەن: بالىلار ئازادلىق تەشكىلاتى ئۇلارنىڭ كىشىلىك ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

## ھىندىستان

1994- يىلى گىلەمنى بەلگە قىلغان فوند جەمئىيىتى ھىندىستاندا گىلەم ئىشلەپچىقىرىش سودىسى بىلەن مېھرىبانلار ئاپپاراتىنى بىرلەشتۈرۈپ قۇرۇلغان. بۇ فوند جەمئىيەت بارلىق ئەزالىرىنىڭ گىلەم ئىشلەپچىقىرىشتا بالا ئىشچى يالالىماسلىقىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كاپالەتلىك قىلىدۇ. بۇ فوند جەمئىيەت يەنە مەكتەپ ئېچىپ، ئىلگىرى بالا ئىشچى بولۇپ سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن بالىلارنىڭ مەكتەپ قويىنىغا قايتىپ كېلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. RUGMARK ماركىسىدىكى گىلەملەر ھازىر 4 مىليون پارچىدىن كۆپرەك سېتىلدى.

## ساغلاملىق ئەڭ زور بايلىق

نامراتلىق بىمەكلىك ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى يامانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. ئىككىسى بىرلەشسە كىشىلەر ئاسانلا كېسەل بولىدۇ. كېسەل بولۇپ يېتىپ قالغان چوڭلار خىزمەتكە بارالمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ بالىلىرى ئوقۇشتىن چېكىندۇرۇلۇپ، ئاتا - ئانىلىرىغا ۋەكالىتەن ئىشلەيدۇ. بۇ بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىن، ئوخشاشلا نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. كېيىن ئۇلارمۇ كېسەل بولۇپ يېتىپ قالىدۇ ۋە ئىشلىيەلمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق بولۇپ، بىر قەدەر نامرات رايونلاردىكى نامراتلىق ھالقىسىنى بۇزۇپ تاشلاش تەسكە توختايدۇ.

## ئاغرىق - سىلاق كىشىلەرنى نامراتلاشتۇرۇۋېتىدۇ

ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم بەزگەك، ئۆپكە تۇبېركۇليۇز، ئەيدىز قاتارلىق كېسەللىكلەر سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئادەم ئۆپكە ياللۇغى، تولغاق قاتارلىقلار سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. بۇ كېسەللەرنىڭ كۆپ قىسمى تۇرالغۇ شارائىتىنىڭ ناچارلىقى، مۇھىتنىڭ ناچار بولۇشى، بۇلغانغان سۇنى ئىستېمال قىلىش قاتارلىق سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان.

ھەر يىلى 220 مىليون بالا ئەسۋە، سەكتە، ئۆپكە تۇبېركۇليوز قاتارلىقلارنىڭ ۋاكسىنىسىنى ئەمليەلمگەنلىكتىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ۋاكسىنا ئەملەنگەن بالىلار چوڭ بولغاندىن كېيىنمۇ ناھايىتى ساغلام تۇرىدۇ.

## نامراتلىق ھالقىسىنى بۇزۇپ تاشلاش

يۇقۇملۇق كېسەللىك بولسا دۇنيادىكى چوڭ قاتىل. ھەر يىلى نۇرغۇن ئادەم كېسەللىك سەۋەبىدىن ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئۇلار يىغلىپ قالغان سۇ كۆلچەكلىرىدە كۆپىيىپ، پاشا ئارقىلىق تارقىلىدۇ. بەزى مېھىر-شەپقەت ئاپپاراتلىرى ئىنسانلارنىڭ مەينەت سۇ ئازگاللىرىنى تازىلىشىغا ياردەم بەرمەكتە. پاشىلىق كەچلىرى كىشىلەرنى پاشىنىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلىنىشقا ياردەم بېرىدۇ.

2004-يىلدىن 2006-يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا پاشىدىن مۇداپىئەلىنىش چىملىدىقىنى ئىشلىتىش نىسبىتى ئافرىقىنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كېنىيەدە يۇقىرى نىسبەتنى ئىگىلىدى. بۇ رايوندىكى بالىلارنىڭ كېسەللىك سەۋەبىدىن ئۆلۈش نىسبىتى %50 تۆۋەنلىدى.

## ئالىي دەرىجىلىك داۋالاش مۇلازىمىتى ئۈچۈن بەدەل تۆلەش

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر بولسۇن ياكى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر بولسۇن داۋالاش تالونلىرى ھەممە ئائىلىدىكى ۋەيرانچىلىق خاراكتېردىكى ئىستېمال ھېسابلىنىدۇ. ھىندىستاندا نۇرغۇن كىشىلەر ئېتېبارلىرىنى گۆرۈگە قويۇش

www.uyghurkitap



ئارقىلىق قەرز ئېلىپ داۋالاش چىقىمىنى قامدايدۇ. شۇ سەۋەبتىن ئۆزلىرى تايىنىپ كېلىۋاتقان يەردىن ئىبارەت مەۋجۇتلۇقتىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ئامېرىكىدا 4 مىليون 700 مىڭ كىشى داۋالاش سۇغۇرتىسىنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئۇلار ئېھتىياجلىق بولغان داۋالاش مۇلازىمىتىنى تۆلەشكە ئامالسىز بولسا، ئۇلارنىڭ سالامەتلىكى ناچارلاشقاندا خىزمەت قىلىشقىمۇ ئامالسىز قالىدۇ. بۇ نامراتلىقنىڭ ئايلىنىشىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىدۇ. داۋالىنىش كاپالىتى مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت تارماقلىرى مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر كەڭ كۆلەملىك داۋالىنىش سۇغۇرتىسى تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى باشلىۋەتتى. داۋالىنىش سۇغۇرتا تۈزۈمىنىڭ مۇكەممەللىشىپ، بارلىق كىشىلەرنىڭ داۋالىنىش مۇلازىمىتىدىن بەھرىمەن بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

## نامراتلىق ۋە يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى

كاربون ((IV)) ئوكسىد، مېتان قاتارلىق گاز جىسىملار يەر شارىنى خۇددى گىلەمگە ئوخشاش ئوراپ، يەر شارى ئىسسىقلىق مىقدارىنى كونترول قىلىدۇ. ئاتموسفېرادا ئەسلىدىنلا بۇ گاز جىسىملار بار بولسىمۇ ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى خىمىيەۋى يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشتىن كەلگەن. بۇلار ئاتموسفېرا كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. گەرچە تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە قاتتىق يېقىلغۇلارنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ئاز بولسىمۇ، ئۇلار يەنىلا يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنىڭ ئەڭ چوڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچىسى ھېسابلىنىدۇ.

## قاقاس چۆللۈك، ۋەھشىي كەلكۈن

دۇنيادىكى يېرىم قۇملۇق ۋە ئىسسىق بەلباغ ئوتلاق رايونلىرى بارغانسېرى قۇرۇپ كەتمەكتە. باشقا رايونلار بولسا قارا بوران قاتارلىق ناچار كلىماتنىڭ تەھدىتىگە دۇچ كەلمەكتە. زىيانغا ئەڭ ئېغىر ئۇچراۋاتقان رايونلار بولسا ئاسىيا قىتئەسى، ئافرىقا قىتئەسى، ئامېرىكا قاتارلىق جايلار. بۇ رايوندىكى نۇرغۇن كىشىلەر نامراتلىق ئىچىدە ئازاپ تارتماقتا.

يەر شارى كلىماتىنىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ، بۇ رايوندىكى ئىنسانلار تېخىمۇ ئېغىر ھالدا ھەر خىل كېسەللىكلەرنىڭ يەنى تولغاق قاتارلىق كېسەللەرنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرايدۇ. دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، كلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ھەر يىلى 15 مىڭ ئادەمنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن.

## يەر شارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىگە قارشى تۇرۇش

بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرالايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىش ئارقىلىق كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش چارىسىنى تۈزۈپ چىققان. يەنە بىر قىسىم قۇرۇلۇشلار كلىمات ئۆزگىرىشىنى ياخشىلاش نىشانىنى بېكىتكەن. ئافرىقا دۆلەتلىرى ھازىر بىر يېشىل سېپىل بەرپا قىلماقتا. ئۇ ئافرىقا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى km5 دائىرىدە كېسىپ ئۆتۈپ، 7000 km غا سوزۇلغان يېشىل ئورمان بەلبېغىنى ھاسىل قىلغان. بۇ ئورمانلار ھاۋادىكى زىيانلىق گازلارنى سۈمۈرۈپ يېڭى بىر ئېكولوگىيەلىك سىستېمىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## بىنگالدىكى كەلكۈن

بىنگالغا جايلاشقان بولۇپ، يەر شەكلى ئىنتايىن پەس. هەر يىلى كەلكۈن سۈيى بىنگالنىڭ 75% رايونىنى بېسىپ كېتىدۇ. بىنگال تارىختىكى ئەڭ چوڭ كەلكۈن ئاپىتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. ئۇ دا يامغۇر يېغىپ، بوران قۇتراپ، هېچقانداق تەييارلىقسىز تۇرغان ئاهالىلەرنى گاڭگىرىتىپ قويغان. قىسقىغىنا ئىككى ئاي ۋاقىت ئىچىدە، مىڭلىغان ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، زىرائەتلەر ۋەيران بولغان. زىيانغا ئۇچرىغان كىشىلەر 2 مىليوندىن ئېشىپ كەتكەن. دۆلەت ۋە خەلقئارا قۇتقۇزۇش جەمئىيىتى تەشكىللىنىپ، كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش ۋە ئاپەتتىن كېيىنكى قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى ئىشلىدى. ئىسلام ئىقتىسادىي قۇتقۇزۇش ئەترىتى بىنگالنىڭ شىمالىي قىسمىدىكى كىشىلەرنىڭ كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىش توسمىسى ۋە ئالدىن ئاگاهلاندۇرۇش سىستېمىسى سەپلىشىگە ياردەم بەرمەكتە.

## نامراتلار ئېنېرگىيە كرىزىسىغا دۇچ كەلمەكتە

يەر شارىدا تەخمىنەن 20 مىليون كىشى ئېلېكتىر ياكى گاز ئېنېرگىيەسىدىن پايدىلىنالمايدۇ. ئېلېكتىر كىشىلەرگە نىسبەتەن نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشتىكى مۇهىم هالقا. ئېلېكتىر بولمىسا كۈندىلىك خىزمەتلەرگىمۇ كۆپ ۋاقىت سەرپ بولىدۇ. كومپيۇتېر قاتارلىق زامانىۋى ئۈسكۈنىلەرنىمۇ ئىشلەتكىلى بولمايدۇ.

## تەبىئىي ئېنېرگىيە مەنبەسى

نۇرغۇن دۆلەتلەر هازىر قاتتىق يېقىلغۇلارنى قايتا ئىشلىتىشكە بولىدىغان ئېنېرگىيەگە ئايلاندۇرۇش ئۈستىدە

ئىزدەنمەكتە. بۇ قايتىلىنىدىغان ئېنېرگىيەلەرنىڭ كۆپ قىسمى تەبىئەتتىن كەلگەن. ھازىر نۇرغۇن دۆلەتلەر سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك ھاسىل قىلماقتا. بەزى دۆلەتلەرنىڭ يېزىلىرىدا سۇ پومپىسىنى ھەرىكەتلەندۈرۈشنى سىناق قىلماقتا.

## بىرازىلىيە ۋە بىئولوگىيەلىك يېقىلغۇلار

بىرازىلىيە ئىقتىسادى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلماقتا. شۇڭا ئېنېرگىيە مەنبەسىگە بولغان ئېھتىياجىمۇ كۈنسېرى ئاشماقتا. ئۇ سۇ ئېقىم مىقدارى يۇقىرى بولغان دەريا ئېقىنلىرىدا 600 سۇ كۈچى ئېلېكتىر ئىستانسىسىلىرىنى قۇردى. ئۇنىڭدىن باشقا بىرازىلىيىنىڭ ئېنېرگىيەگە بولغان ئېھتىياجىنىڭ يېرىمى شېكەر قومۇشى، مېتان گازى ۋە شېكەر قومۇشى ئۇۋۇندىسى قاتارلىق تەبىئىي يېقىلغۇلاردىن كېلىدۇ.

## قۇياش ئېنېرگىيەسى ئوتۇننى تېجەيدۇ

نۇرغۇن نامرات كىشىلەر كۆپ ۋاقىت سەرپ قىلىپ ئوتۇن تېرىپ ياكى ئوتۇن كېسىپ كېلىپ ئىسسىنىدۇ، تاماق ئېتىدۇ. ئوتۇنلارمۇ بارغانسېرى ئازلاپ كەتمەكتە. بولۇپمۇ بىر قەدەر قۇرغاق بولغان قۇملۇق رايونلىرىدا تېخىمۇ قىيىن بولماقتا. سومالىدىكى بىر دېھقانچىلىق رايونىدا ئوتۇن بىلەن ياغاچكۆمۈردىن باشقا يەنە قۇياش ئېنېرگىيەلىك ئوچاقتىن پايدىلىنىشقا باشلىدى. قۇياش ئېنېرگىيە ئوچىقى قۇياش ئېنېرگىيەسىنى يىغىۋالىدۇ. ئۇنى ئىشلىتىش قولاي بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە ئوتۇن تېجەيدۇ.

## سىرىلانكا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



سىرىلانكا ئىقتىسادى زىرائەت تېرىشنى ئاساس قىلىدىغان دۆلەت. ئاساسلىق زىرائەتلەردىن چاي، كاۋچۇك، شال ۋە كوكوس ياڭىقى قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. لېكىن سانائەت ئاساسى بىر قەدەر ئاجىز. سىرىلانكىدا نۇرغۇن كىشىلەر كىرىسىن ۋە باتارېيە سېتىۋېلىشقا ھەپتىلىك ئىش ھەققىنىڭ 8% دىن كۆپرەكىنى سەرپ قىلىدۇ. ھازىر ئەھۋالدا زور دەرىجىدە ياخشىلىنىش بولدى. چۈنكى يەرلىك ھۆكۈمەت شامال كۈچى گېنېراتوردىن پايدىلىنىپ، توك تارقىتىشقا باشلىدى. ئۇلار تارقاتقان توك لامپا، رادىيو قاتارلىق كۈندىلىك ئائىلە ئېلېكتىر سايمانلىرىنى ئېنېرگىيە بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ. ئېلېكتىر قاشاسى يەنە پىللارنىڭ كىشىلەرنىڭ زىرائەتلەرگە زىيان سېلىشىدىن ساقلاپ قالالايدۇ، بىراق بۇنداق قىلىش ئوزۇقلۇق ئىزدەۋاتقان پىلغا زىيان سالىدۇ. كىشىلەر بۇ مەسىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۇسۇل بىلەن ھەل قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ.



رەسىم: پۈتۈن سىرىلانكىدا، پىل دېھقانچىلىق زىرائەتلىرىگە ئېغىر زىيان سالىدۇ.

## قاتناش قولايسىزلىقى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ

قاتناش قولايسىزلىقى ئىنسانلارنى نامراتلىققا باشلايدۇ. دېھقانلار يېزا ـ ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى بازارغا ئەكىرىشكە ئامالسىز. باللارمۇ مەكتەپكە بارالمايدۇ. شىركەتلەرمۇ قاتنىشى

قولايسىز رايونلارغا مەبلەغ سالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن يۇقىرى باھالىق يېقىلغۇلارنىڭ باھاسىنىڭ تېخىمۇ ئۆرلەپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ.

## ئېگىز ـ پەس يوللار

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، نۇرغۇن يېزا يوللىرى رېمونت قىلىنىپ باقمىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، كۆپ قىسىم يوللار ئاسفالتلاشتۇرۇلمىدى ياكى قاتتىقلاشتۇرۇلمىدى. ھەممىسى دېگۈدەك پاتقاق ياكى قىزىل شور توپا. شۇ سەۋەبتىن ئاپتوموبىللار، ئېغىر تىپتىكى ماشىنىلار يولدا ماڭغاندا چوڭقۇر ئازگاللارنى پەيدا قىلىدۇ. يامغۇر يېغىپلا قالسا، بۇ ئازگاللار پاتقاق بىلەن توشۇپ كېتىدۇ. قاتتىق ياغقان يامغۇر يول يۈزىنى ئېقىتىپ كېتىدۇ.

## قاتناش مەسىلىسىنى ھەل قىلىش

ۋېيتنامدا 21 مىليون كىلومېتىر يول بار. بىراق پەقەت 15% لا ماشىنىلارنىڭ يۈرۈشىگە ماس كېلىدۇ. شۇڭا كىشىلەر بىرقىسىم يەرلىك ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ، بۇ مەسىلىنى ھەل قىلماقتا. ئۇلار بامبۇكتىن پايدىلىنىپ يوللارنىڭ يۈزىنى قۇراشتۇرۇپ، قاتناش راۋان بولماسلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلماقتا.

## ئېگىز ـ پەس يوللاردىكى خەتەر

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە ھەر يىلى 70 مىليوندىن كۆپرەك كىشى قاتناش ھادىسىسىدە قازا قىلىدۇ. كۆپلىگەن قاتناش ھادىسىلىرىنىڭ سەۋەبى يوللارنىڭ لايىھەلىنىشى ياكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



ياسلىشىنىڭ ياخشى بولماسلىقى سەۋەبىدىن كېلىپ چىقىدۇ. هازىر نامرات شەھەر رايونلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر سۇ بىر تەرەپ قىلىش سىستېمىسى يوق تار، پاتقاق كوچىلارنىڭ ئىككى تەرىپىدە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. بۇ كوچىلار چوڭراق ھۆل- يېغىندا ئاسانلا بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ خىل يول قۇرۇلۇشى تېك يانباغىرلاردا تېخىمۇ خەتەرلىك. بىر قىسىم جايلار پاتقاق بىر تەرەپ قىلىش پەلەمپىيى ياسىدى. بۇنداق قىلىشنىڭ قارا يامغۇر ئېلىپ كەلگەن تەھدىتنى توختىتىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

## دېھقانلارنىڭ تەبىئىي يېقىلغۇلارنى ئىشلىتىشىنى قوللاش كېرەكمۇ ياكى توسۇش كېرەكمۇ؟

### قوللايمەن!

نۇرغۇن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەت ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەبىئىي يېقىلغۇلارنى كۆمۈر، نېفىت قاتارلىق خىمىيەۋى يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈشتىن كېلىپ چىقىدىغان بۇلغىنىش مەسىلىسىنى ھەل قىلىدىغان ئۇسۇل دەپ قارىماقتا. تەبىئىي يېقىلغۇلار بولسا قايتىلىنىدىغان يېقىلغۇ مەنبەسى ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە، تەبىئىي دېزىل مېيى ۋە مېتان گازى بولسا قوللىنىلىشى ئەڭ كەڭ بولغان تەبىئىي يېقىلغۇلاردۇر.

### قارشى تۇرىمەن!

دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتى تەبىئىي يېقىلغۇلارغا ئېھتىياجلىق. لېكىن بۇ ئۆز نۆۋىتىدە دېھقانلارنى تەبىئىي يېقىلغۇ زىرائەتلىرىنى ئەنئەنىۋى ئاشلىق زىرائەتلىرىنىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە مەجبۇرلايدۇ. دېھقانلار بۇنچە كۆپ يېقىلغۇ

زىرائەتلىرىنى تېرىسا، ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان ئاشلىق تېرىلغۇ يېرى يېتىشمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، يەنىلا ئاشلىق تېرىشنى ئاساس قىلىش كېرەك.

## قەرز ۋە نەق پۇل ئوبوروتى تەرەققىياتقا توسقۇنلۇق قىلىدۇ

دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا نۇرغۇن كىشىلەر قەرز ئېلىپ ئۆي سېتىۋېلىش، داۋالىنىش، يېمەكلىك سېتىۋېلىش قاتارلىقلارغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ. بۇ قەرزلەر تەبىئىيلا كىشىلەرنى نامراتلىققا باشلايدۇ. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، بىر قىسىم كىشىلەر قەرز قايتۇرۇش ئۈچۈن، يەرلىرىنى سېتىشقا مەجبۇر بولىدى. يەنە بىر قىسىم كىشىلەر ئاشلىقنى گۆرۈگە قويۇشقا ياكى باللىرى قەرز ئىگىسى ئۈچۈن ھەقسىز ئىشلەپ بېرىشكە تاپشۇرۇلدى.

### ئىجتىمائىي رايون بانكىسى

قەرز قايتۇرۇش ئىنتايىن تەس. چۈنكى قەرز ئىگىسى قەرز ئالغانلاردىن يەنە ئۆسۈم ئالىدۇ. شۇنىڭ بىلەن قەرز ئالغۇچى ئالغان قەرزدىنمۇ كۆپ پۇل تاپشۇرۇشى كېرەك. بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىشنىڭ يەنە بىر ئۇسۇلى ئۆسۈمى بىر قەدەر تۆۋەن بولغان يەرلىك بانكىلاردىن قەرز ئېلىشتىن ئىبارەت.

### كۆچمە نەق پۇل ئېقىمى

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە كىشىلەر نەق پۇلغا ئېھتىياجلىق بولغاندا، نەق پۇل تېپىش بىر چوڭ مەسىلە.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزىدە كىشىلەر بىر قانچە ئايلىق ئىش ھەققىنى يىغىش، بانكىدىن قەرز ئېلىش، بانكا ئۆسۈمسىز ياردىمى، ئائىلە تولۇقلىمىسى قاتارلىقلارنى ساقلاشقا توغرا كېلىدۇ. كېنىيىدە بىر بانكا ئۇنۇملۇك ھەل قىلىش چارىسىنى تۈزۈپ چىقتى. بۇ بولسا سافالى تېلېگراف شىركىتى قۇرغان «پۇل يۆتكەش سىستېمىسى» بولۇپ، بۇ سىستېمىدا كىشىلەر پەقەت تېلېفون ئۇچۇرى ئارقىلىقلا پۇل قەرز ئالالايدۇ ياكى قەرز بېرەلەيدۇ. يۆتكەلگەن پۇلنى يەرلىك تېزىمغا ئالدۇرغان ۋەكالەتچى تاپشۇرۇۋېلىش ۋە تارقىتىشقا مەسئۇل بولىدۇ. نۇرغۇن شەھەرلەردە خىزمەت قىلىدىغان كىشىلەر مۇشۇ خىل شەكىل ئارقىلىق ئائىلىسىگە پۇل ئەۋەتىدۇ. بۇنىڭ گەرچە نەق پۇل سوممىسى ئاز بولسىمۇ، تېز سۈرئەتتە كىشىلەرگە يەتكۈزۈلۈپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقتىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

## بىنگال

30نەچچە يىلدىن بىرى، بېنگالنىڭ ئاياللىرى ئىزچىل «ئاز سوممىلىق قەرز پۇل» جەمئىيىتىدىكى كىچىك تىپتىكى كارخانىلارنىڭ مەنپەئەتلەنگۈچىسى بولۇپ كەلدى. ھازىر بېنگالنىڭ خانىم ـ قىزلار سودا ـ سانائەت بىرلەشمىسىنىڭ ياردەم بېرىشى بىلەن بۇ دۆلەتتىكى ئاياللار ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەپ تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا باشلىدى. بۇ خىل ياردەم ئاياللارنىڭ ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشكە، يېڭى تېخنىكىلارنى ئۆگىنىپ سودا ساھەسىدە نەپكە ئېرىشىشكە سەھنە ھازىرلاپ بەردى.

**كەمسىتىش نامراتلىقنى ئېغىرلاشتۇرىۋېتىدۇ**

سىنىپ، ئىرىق، ئېتىقاد ياكى جىنسىي پەرق تۇپەيلىدىن بەزى كىشىلەر نامراتلىقتا ياشاشقا مەجبۇر بولىدۇ. ئۇلار دائىم ئەڭ ناچار، ئەڭ جاپالىق خىزمەتلەرنى قىلىدۇ، ھەتتا بەزىلىرىگە خىزمەتمۇ يوق. ئۇلار ئاددىي ئۆيلەردە تۇرىدۇ. بەزىدە يەرلىك ھوقۇقدارلارنىڭ قۇل قىلىشىغا ئۇچرايدۇ. نۇرغۇن دۆلەتلەر كەمسىتىشكە قارشى قانۇنلارنى تۈزگەن بولسىمۇ، كەمسىتىش يەنىلا داۋاملاشماقتا.

**كەمسىتىشكە قارشى تۇرۇش**

كەمسىتىشنى تۈگىتىش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن ھەر خىل كەسىپتىكى ئىقتىدار ۋە يوشۇرۇن قابىلىيەتنى بايقاشتىن باشلاش كېرەك. ئاياللار دائىم نامراتلىق ۋە كەمسىتىش بىلەن كۈرەش قىلغۇچى قىزىق نۇقتا. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، بانكا ۋە شىركەتلەر ئاللىقاچان ئاياللارغا قەرز تارقىتىشنىڭ ئاقىللارچە قېلىنغان سودا سىياسىتى ئىكەنلىكىنى بايقىدى. ئاياللار قەرز ئالسا، ئۆزىنىڭ كىچىك تىجارىتىنى تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە تېزلا پۇلنى قايتۇرالايدۇ. ئۇلار يەنە سودىسىدىن پايدا ئېلىپ بالىلىرىنى تەربىيەلىيەلەيدۇ. بۇ ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرەلەيدۇ.

**كۆچمەن توپ**

ياۋروپادىكى مۇسابىقە ئاپتوموبىلى بىلەن ئېقىپ يۈرۈيدىغانلار دۇنيادىكى ئەڭ نامرات توپنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ھەر خىل كەمسىتىشلەرگە ئۇچرايدۇ. ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا قوللاشقا ئېرىشىدۇ. ۋېنگرىيەدە، 60% دىن 70% كىچە بولغان مۇسابىقە ماھىرلىرىنىڭ خىزمىتى يوق. ئەنگلىيەدە 20% ماھىرنىڭ تۇرمۇشى ناھايىتى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نامراتلىق ئىچىدە ئۆتىدۇ.

بەزىبىر ئائىلىلەر ئارقىلىق بۇ كۆچمەن توپنىڭ سەۋىيەسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. سومالىدىكى كۆچمەن چارۋىچىلارنىڭ بالىلىرى «ئافرىقا چارۋىچىلىق ۋە مۇھىت تەشكىلاتى» قۇرغان مەكتەپلەردە ئوقۇيدۇ. بۇ مەكتەپنىڭ دەرسلىرى مۇھىت ئاسراش تېخنىكىسى، ھايۋانات پەرۋىشى، ئەدەبىيات، ماتېماتىكا قاتارلىق پەنلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

**نەسەب تۈزۈمى**

ھىندىستان قۇرۇقلۇقىدىكى نەسەب تۈزۈمى كىشىلەرنى ئېغىر دەرىجىدە ئوخشىمىغان سىنىپ دەرىجىسىگە ئايرىۋەتكەن. بايلار ئەزەلدىن باي، نامراتلار مەڭگۈ نامرات. گەرچە ھىندىستاندا ھازىر نەسەب تۈزۈمى ئەمەلدىن قالدۇرۇلغان بولسىمۇ، يەنىلا نۇرغۇن كىشىلەر ئۇنى ھىمايە قىلماقتا. دالىت مىللىتى جەمئىيەتتىكى ئورنى ئەڭ تۆۋەن ئىجتىمائىي توپنىڭ بىرى. شۇڭا ئۇچۇن نۇرغۇن دالىت كىشىلىرى ئەڭ مەينەت، قوپال ئىشلارنى قىلىدۇ. ناچار ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ. نۆۋەتتە تەخمىنەن 1 مىليون 6 مىڭ دالىتلار ھىندىستاندا تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ھىندىستان ھۆكۈمىتى كۆچىنىڭ يېتىشىچە ئۇلارنى ھەقسىز مائارىپ بىلەن تەربىيەلەشنى قانات يايدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بەرمەكتە. بۈگۈنكى كۈندە، ھىندىستانلىقلارنىڭ سالاھىيەت خاتىرىسىدە ھېچقانداق تەبىقە، نەسەبكە مۇناسىۋەتلىك خاتىرىلەر يوق.

**ئۇرۇش ئېغىر دەرىجىدىكى نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

ئۇرۇش دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى كىشىلەرگە

نامراتلىق ۋە ئازاپ ئېلىپ كېلىدۇ. ئۇ دۆلەتنى گۈللەندۈرۈشكە ياردەم بېرىدىغان ياشلارنى ئۇرۇش مەيدانلىرىغا سۆرەيدۇ. ئۇ كىشىلەرنىڭ ئېتېزلىرىدا تېرىقچىلىق قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ سەرگەردانغا ئايلىنىشىغا، يۇرت-ماكانلىرىدىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا سەرگەردان بولۇشىغا سەۋەب بولىدۇ.

**ئۇرۇش نامراتلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.**

بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى سەرگەردانلار خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ خىزمىتى بولسا، ئاپەتكە ئۇچرىغان خەلققە ياردەم بېرىشتىن ئىبارەت. ئاپەتكە ئۇچرىغان كىشىلەر دائىم دۆلەتتىن ئايرىلىدۇ. ئەسلىدىنلا نامرات بۇ كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى تېخىمۇ قىيىنلىشىدۇ. ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ياردەم بېرىۋاتقان بۇ ئاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئىراق ۋە ئافغانىستان ئۇرۇش مەيدانلىرىدىن كەلگەن. نۇرغۇن ئىراقلىق يېقىن ھېسابلانغان سۈرىيە ۋە سۇدانغا قاچىدۇ. ئىش بېجىرىش باشقارمىسى ئۇلارنى يېمەكلىك، داۋالاش ۋە مائارىپ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**تىنچلىق نامراتلىقنى تۈگىتىدۇ.**

يەرلىك ۋە خەلقئارالىق ياردەملەر ئۇرۇشتىن كېيىنكى رايونلارنىڭ قايتا قۇرۇلۇشى ۋە ئەسلىگە كېلىشىگە ياردەم بېرىدۇ. ئوخشىمىغان ئەھۋالدا ئەسلىگە كېلىشى ئوخشىمىغان تەلەپلەرنى قويىدۇ. مەسىلەن: سىرىلانكىدا توقۇنۇش يۈز بەرگەندىن كېيىن، كىشىلەر يوللارنى قايتا قۇرۇشقا ئېھتىياجلىق بولدى. سۇغىرىش سىستېمىسى ۋە قايتا قۇرۇشقا دېھقانلار تەشكىللەندى. بۇ چارىلەر دېھقانلارنىڭ يېزا ئىگىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىشلەپچىقىرىش، شال تېرىقچىلىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، دۆلەتنىڭ ئۇل ـ ئەسلىھە قۇرۇلۇشىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىمۇ تېزلىشىدۇ.

## سېررالېئون

1991 ـ يىلدىن 2002 ـ يىلغىچە، ئافرىقىنىڭ شەرقىي قىسمىغا جايلاشقان سېررالئوندا ناھايىتى قورقۇنچلۇق ئىچكى ئۇرۇش پارتلىدى. ئۇرۇشتا ئۆيلەر بۇزۇلدى. ئۇل ـ ئەسلىھەلەر پۈتۈنلەي ۋەيران بولدى. ھاياتلىق ئۈچۈن 1 مىليون ئادەم دۆلىتىدىن ئايرىلىشقا مەجبۇر بولدى.

2002 ـ يىلى ئىچكى ئۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، دېھقانلارنى ئۆز زېمىنىغا قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھۆكۈمەت خۇشپۇراق ئۆسۈملۈكلەرنى تېرىش تۈرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. يەنە بىر تۈر بولسا خىتتايدىن زەنجىۋىل ئۆستۈرۈشنى كىرگۈزۈش تۈرى.

2006 ـ يىلغا كەلگەندە، سېررالېئون زەنجىۋىل ئېكسپورت قىلىشنى باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇزۇنغا سوزۇلغان دېڭىز ساھىلىدا ساياھەتچىلىكمۇ ئاستا ـ ئاستا تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

## يەر شارىلىششقا قاراپ مېڭىش توغرىمۇ ـ خاتامۇ؟

1981 ـ يىلى دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر باشلىقلىرى بىردەك پىكىرگە كېلىپ، يەر شارى مىقياسىدىكى نامراتلىق مەسىلىسىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن يەر شارىلىششقا قاراپ مېڭىش قارارىنى چىقاردى. بۇ ھەر قانداق دۆلەت ۋە

شىركەتلەرنىڭ مەھسۇلاتلىرىنىڭ دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىدا ساتقىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. شۇنداقلا دۇنيانىڭ ھەر قانداق جايىغا مەبلەغ سالغىلى بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى.

**باي دۆلەتلەرگە پايدىلىق**

يەر شارىلىشىش پەقەت تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگىلا پايدىلىق بولۇپ قالماستىن، ئۆتكەن 25 يىلدا ئۇ يەنە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيا رايونىغىمۇ كۆپ پايدا ئېلىپ كەلدى. بىر قىسىم تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر يەرشارىلىششتىن پايدىلىنىپ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ سودىسىنى كونترول قىلىۋالدى. ئۇلار يەر شارىلىشىش سودىسىغا ياردەم بېرىش ئارقىلىق ئۆزلىرى ئېھتىياجلىق بولغان قەھۋە، شال قاتارلىق زىرائەتلەرنىڭ باھاسىنى كونترول قىلىۋالدى. دۇنيادىكى سەككىز كۈچلۈك دۆلەت سەككىز دۆلەتلەر گۇرۇھى نۇرغۇن سودا بەلگىلىمىلىرىنى بېكىتتى. ئۇلار يەنە ئۆزلىرىگە بەش تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتنى تەكلىپ قىلدى. بۇ يېڭى دۆلەت گۇرۇھى «G8+5» دەپ ئاتالدى. 2005 ـ يىلدىن باشلاپ، بۇ گۇرۇھلار (G8+5) خەلقئاراغا چوڭ تەسىر كۆرستىشكە باشلىدى.

**ئىنتىپاقلىقنىڭ كۈچى**

تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرى ۋە كارخانىلىرى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە سېلىشتۇرغاندا كۆپ كىچىك. ئۇلار بىلەن ھەرگىزمۇ رىقابەتلىشەلمەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار بىرلىشىپ ھەمكارلىق جەمئىيىتىنى قۇردى ۋە ھەمكارلىق گۇرۇھى بولۇپ سۇ، توك، سەھىيە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسلىھەلىرىنى ئورناتتى. يەنە ئۆز كەسپلىرىنى راۋاجلاندۇردى. مەسىلەن: كومپيۇتېر ۋە ماشىنىسازلىق قاتارلىقلار. بەزى ھەمكارلىق تەشكىلاتلىرىنىڭ تەرەققىياتى تېز، تەسىرى چوڭ.

## كېنىيە

فىننى گۈللۈكى دېھقانچىلىق مەيدانى كېنىيەنىڭ شەرقىي ئاسىيا جىلغىسىدىكى كەيلى كۆۋرۈكىگە يېقىن. ئۇ يەردىكى گۈللەر دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىغا سېتىپ چىقىرىلىدۇ. بۇ گۈلچىلىك مەيدانى ئادىل سودا جەمئىيىتىگە تەۋە بولۇپ، فوند جەمئىيەت گۈللۈك مەھسۇلاتىنىڭ ياخشى بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ ياخشى باھاغا ئېرىشىدۇ. گۈلچىلىك مەيداندىكى دېھقانلار كومپيۇتېر تېخنىكىسىغىلا تايىنىپ قالماستىن، يەنە باشقا تەربىيەلەش كۇرۇسلىرىغىمۇ قاتنىشىدۇ. بۇ گۈلچىلىك مەيدانى يەنە ئولتۇراق ئۆي، ئامبۇلاتورىيە، مەكتەپ قاتارلىقلارنى قۇردى.

## ھەرىكەتكە كېلەيلى!

بەزىدە كىشىلەر تۇيۇقسىز ئاپەتلەرگە ئۇچرىغاندا، پۈتكۈل دۇنيا تېزلىكتە ئۇلارغا ياردەم بېرىشى كېرەك. تەبىئىي ئاپەت ئالدىدا تېخىمۇ شۇنداق. مەسىلەن: 2006 ـ يىلى بايرام ھارپىسىدا ئاسىيا ۋە بىر قىسىم شىمالىي ئافرىقا رايونلىرىدا ئېغىر دەرىجىدىكى دېڭىز تاشقىنى يۈز بەردى. شۇنىڭ بىلەن ھەر قايسى ھۆكۈمەت، خەلقئارا تەشكىلات ۋە قۇتقۇزۇش ئاپپاراتلىرى خىزمەتنىڭ مۇھىم نۇقتىسىنى ئۇزۇن مۇددەتلىك نامراتلىقنى تۈگىتىشكە قاراتتى.

## نامراتلىقنى تۈگىتىش ئەھدىنامىسى

ھەر يىلى دۇنيادىكى ئىقتىسادى كۈچلۈك دۆلەتلەر 10 مىليون فوندستېرلىڭ ئىئانە قىلىش قەسىمى بېرىدۇ. گەرچە شۇنداق بولسىمۇ بەزى قەرزلەرنى قايتۇرۇشقا ئامالسىز. 2008-يىلى 4-ئايدا سەككىز دۆلەت گۇرۇھى 2010-يىلى تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەرگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلدى. بۇ 5 مىليون 200 مىڭ فوندستېرلىڭنىڭ يېڭى تۈر قۇرۇلۇشىغا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىدىن دېرەك بەردى. ئۇ يەنە 6000 نەپەر ئوقۇتقۇچىنى تەربىيلەشنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ياۋروپا ئىتتىپاقى ئۆز ئەزا دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش سوممىسى توغرىسىدىكى قەسىمنى ئاللىقاچان ئەمەلگە ئاشۇردى. ئۇلارنىڭ قەسىمگە ئەمەل قىلىش-قىلماسلىقىنى بىز كۈتۈپ تۇرۇشقا مەجبۇر.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

### كىچىك ئىشلاردىن باشلاش

كىچىك قەدەملەر بولمىسا، ئۇزۇن مۇساپىلەرنى باسقىلى بولمايدۇ. بىر قىسىم مۇۋەپپەقىيەت قازانغان تۈرلەر كىچىك تۈرلەردىن باشلانغان. بۇ تۈرلەرنىڭ رولى شۇكى، ئۇ ياردەمگە ئېرىشكەن كىشىلەرنى بۇ تۈرلەرگە كىرگۈزىدۇ. نامرات كىشىلەر قانداق قىلغاندا تۇرمۇشنى ياخشىلىغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشىنىدۇ. ئۇلار پەقەت ياردەم ئارقىلىقلا ئۆز نىشانىغا يېتەلەيدۇ.

### سىياسەتنى چۈشىنىش

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سىز ئۆز بىلىمىڭىزگە تايىنىپ، يەرلىك باشقۇرغۇچىلارغا خەت يېزىڭ. ئۇلار نامراتلىقتىن ئىبارەت ھالقىنى بۇزۇپ تاشلاش ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلالايدۇ؟ ھۆكۈمەت قۇتقۇزۇش تۈر مەبلىغىگە نىسبەتەن قانداق ماسلاشتۇرۇشنى يولغا قويىدۇ؟

ئادىل مەھسۇلات تاۋارلىرىنى سېتىۋېلىش

مال سېتىۋالغاندا، تاللاشقا دىققەت قىلىڭ.

# 8. ھاياتلىق مەنبەسى

سۇ پۈتكۈل مەۋجۇدىيەتنىڭ ئاساسى. مەيلى ئۆسۈملۈك، مەيلى ھايۋانلار ۋە ياكى ئادەملەر بولسۇن ھەممىسىلا سۇدىن ئايرىلالمايدۇ. كۆپ ساندىكى ئادەملەر سۇ بايلىقىدىن چاتاق چىقمايدۇ، سۇغا ئېھتىياجلىق بولغان چاغدا، جۈمەكنى ئاچسىلا بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ.

بەزى تەرەققىي قىلىۋاتقان ئەللەردە ئەڭ يېقىن قۇدۇقتىن سۇ ئېلىش ئۈچۈنمۇ نۇرغۇن يوللارنى مېڭىش كېرەك. ھازىر دۇنيادا ھەر بەش ئادەم ئىچىدىن بىر ئادەممۇ پاكىز سۇ ئىچەلمەيدۇ. پاكىز سۇ ئىچەلمەسلىك نۇرغۇن كېسەللىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ئامىل ھېسابلىنىدۇ.

## سۇ زادى قەيەردە؟

سۇنىڭ ئۈچ خىل شەكلى بولىدۇ. سۇيۇق ھالەتتىكى سۇ دەل ھازىر بىز ئىستېمال قىلىۋاتقان سۇ. بۇ سۇنى مەلۇم تېمپېراتۇرۇدا سوۋۇتساق مۇزغا ئايلىنىدۇ. بۇ مۇزنىڭ تېمپېراتۇرىسىنى يۇقىرى كۆتۈرسەك، بىر خىل رەڭسىز،پۇراقسىز گازغا ئايلىنىدۇ، مانا بۇ سۇ ھورى دەپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئاتىلىدۇ.

## سۇنىڭ مەڭگۈ توختىماي ئايلىنىشى

سۇ دېڭىز ـ ئوكياندىن توختىماستىن پارلىنىپ بوشلۇققا كۆتۈرۈلىدۇ. بوشلۇقتا يەنە يامغۇر بولۇپ دەريا ئېقىنى ھاسىل قىلىپ يەنە دېڭىز ـ ئوكيانلارغا قۇيۇلىدۇ. سۇنىڭ مانا مۇشۇنداق تەكرار ئايلىنىش جەريانى سۇنىڭ ئايلىنىشىدۇر.

يەر شارى يۈزىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى سۇ بىلەن قاپلانغان، سۇ كۆل ۋە دەريالارغا يىغىلىپ، ئاخىرى دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

**ئوكسفورد**

ئەنگلىيەدە تۇرۇدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى ناشتا قىلماقتا. ئۇلارنىڭ ناشتىلىقى ئاساسلىقى سۈت ۋە ئالما شەربىتى. ئەگەر سۇ بولمىسا ئۇلار ناشتا قىلالمايدۇ. بولكىنىڭ تەركىبى ئاساسلىق دانلىق زىرائەتلەر بولۇپ، سۇ بولمىسا دانلىق زىرائەتلەر قۇرۇپ ئۆلىدۇ. ئالمىنىڭ پىشىشىغىمۇ سۇ كېرەك.

ناشتىدىن كېيىن بالىلار نىڭ چىش چوتكىلاش، يۈز يۇيۇشىمۇ سۇ كېتىدۇ. مەكتەپتە ئۇلار دەرس ئارىلىقىدا سۇ ئىشلىتىدۇ. مەكتەپتىن قايتقاندىن كېيىن يەنىلا سۇ ئۇزۇپ ھاردۇقىنى چىقىرىدۇ.

تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە نۇرغۇن كىشىلەر سۇنى

تېجمەيدۇ. ئەكسىچە يەنە نۇرغۇن دۆلەتلەردە سۇ ئىنتايىن كەمچىل، كىشىلەر ھەتتا ئىچىدىغانغا ياكى چىش چوتكىلاشقىمۇ سۇ يوق.



باشقا ھايۋانلارغا ئوخشاشلا، بۇ پىللارمۇ ھاياتىنى ساقلاش ئۈچۈن سۇغا موھتاج.

**يەر شارىدىكى كۆپ قىسىم سۇنى ئىستېمال قىلغىلى بولمايدۇ**

يەر شارى يۈزىنىڭ تەخمىنەن ئۈچتىن ئىككى قىسمى سۇ بىلەن قاپلانغان، بىراق يەر شارىدىكى سۇنىڭ تەقسىملىنىشى تەكشى ئەمەس. بەزى جايلاردا بەك كۆپ، بەزى جايلاردا بەك ئاز. بىر جاينىڭ سۇ مىقدارىنى شۇ جاينىڭ كىلىماتى ۋە يەر شەكلى بەلگىلەيدۇ.

## تۇزلۇق سۇ

ئىنسانلار تاتلىق سۇغا موھتاج، لېكىن دۇنيادىكى % 97 سۇ تۇزلۇق سۇ بولۇپ، بۇ سۇلار توپلىشىپ پايانسىز دېڭىز ئوكياننى ھاسىل قىلغان بولۇپ، بۇ پىلانىتنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى ئىگىلىگەن. تۇزلۇق سۇنى يا ئىستېمال قىلغىلى، يا زىرائەتلەرنى سۇغارغىلى بولمايدۇ.

يەرشارىدىكى تاتلىق سۇ زاپىسى ئاساسلىقى مۇزلۇق ۋە مۇز ئاستىغا جايلاشقان بولۇپ، بۇنىڭدىن بىۋاستە پايدىلانغىلى بولمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## يەر ئاستى سۈيى

يامغۇر ياققاندا، يامغۇر سۈيى تۇپراق، قۇم ۋە تاشلارغا سىڭىپ ،سۇلۇق قاتلامدا يىغىلىدۇ. شۇڭا ئىنسانلار سۇلۇق قاتلامنى بۇرغىلاپ سۇ چىقىرىدۇ.

سۇ قاشالار ھەم يەر ئاستىدىن چىقىپ بۇلاق ھەم كىچىك ئېرىقلارنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ سۇلار يەر ئاستى سۈيىنى شەكىللەندۈرىدۇ، بۇ سۇ يەر ئاستى سۈيى دەپ ئاتىلىدۇ.

دەريا سۈيى يەر ئاستى سۈيى، يامغۇر سۈيى ھەم تاغ چوققىلىرىدىكى قارلارنىڭ ئېرىشىدىن شەكىللەنگەن.

## يۇقىرى باھالىق بىر تەرەپ قىلىش ئۇسۇلى

تۇزلۇق سۇ تېمپېراتۇرىسى ئۆرلىتىلىپ پارغا ئايلاندۇرغاندىن كېيىن، تۇرۇپ قالغىنى تۇزغا ئايلىنىدۇ، پارغا ئايلانغان قىسمى سوۋۇپ تاتلىق سۇغا ئايلىنىدۇ، بۇ جەرياندا تۇز ئايرىلىدۇ ،باھاسىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. گەرچە بۇ خىل ئۇسۇل كىشىلەرنىڭ تۇزغا بولغان جىددىي ئېھتىياجىنى قاندۇرسىمۇ، لېكىن نۇرغۇن تەرەققىي قىلمىغان دۆلەتلەر بۇ خىل تۇز ئايرىش چىقىمىنى قوبۇل قىلالمايدۇ.

## يامغۇر پەسلى

بىر يىل ئىچىدىكى نەچچە ئاي بار، قار بۇلۇتلىرى ھىندىستان چېگرىسىغا قاتتىق يامغۇر ئېلىپ كېلىدۇ، بۇ خىل زور مىقداردىكى يامغۇر ۋاقتى ئادەتتە يامغۇر پەسلى دەپ ئاتىلىدۇ.بۇنىڭدىن باشقا ئايلاردا ھىندىستاندا ئاساسىي جەھەتتىن يامغۇر ياغمايدۇ، ھىندىستاننىڭ سۇ مەنبەسى ئاساسىي جەھەتتىن يامغۇر پەسلىدىكى يامغۇر سۈيىدىن ئىبارەت، دېھقانلار زىرائەتلەرنى سۇغىرىشتا يامغۇر سۈيىگە تايىنىدۇ، ئەگەر يامغۇر پەسلىدىكى يامغۇر سۈيى يېتەرلىك بولمىسا زىرائەتلەر زىيانغا ئۇچراپ كېتىدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە پۈتكۈل دۆلەتتە سۇ كەمچىل بولۇپ كېتىدۇ.

## سۇغا ئېرىشىش يولى

نۇرغۇن كىشىلەر جۈمەكنى بۇراپلا ئېھتىياجلىق سۇغا ئېرىشىشنى خالايدۇ، بۇ خىل سۇلار كۆل، دەريا ئېقىنلىرى ۋە يەر ئاستىدىكى ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى سۇلاردىن كېلىدۇ، سۇ تۇرۇبىلىرنى بويلاپ ئائىلىلەرگە يەتكۈزىلىدۇ.

دەريا، كۆل ۋە باشقا تاتلىق سۇلار ئىشلىتىلىشتىن بۇرۇن چوقۇم تازىلاشتىن ئۆتۈشى كېرەك، بۇ جەرياندا سۇ تەركىبىدىكى باكتېرىيە ۋە كېرەكسىز نەرسىلەر بىر تەرەپ قىلىنىدۇ ،تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەر سۇ ساپلاشتۇرۇش زاۋۇتلىرىدا تازىلىنىدۇ ،كىشىلەر بىر قىسىم خىمىيەلىك ئۇسۇللار ئارقىلىق سۇ تەركىبىدىكى باكتېرىيەلەرنى ئۆلتۈرىدۇ ،ئاندىن سۈزۈلدۈرىدۇ، ئەڭ ئاخىرىدا بۇ سۇنى بىخەتەر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



ئىستېمال قىلىنىشقا بولىدۇ. نۇرغۇن تەرەققىي قىلغان دۆلەتلەردە ھۆكۈمەت تەرەپ تېخى دەريا ـ كۆللەردىن سۇ تارتىش تۇرۇبىلىرىنى يېتەرلىك ئورنىتىپ بولالمىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن كىشىلەر مەدەنىيەتسىزلەرچە كۆللەرگە كىرىپ سۇ ئالىدۇ، بۇ جايلاردىكى سۇلار ئادەتتە بىر قەدەر مەينەت، سۇ توشۇش ئومۇمەن ئاياللار ۋە باللارنىڭ ۋەزىپىسى، ئۇلار بەزىدە تاتلىق سۇغا ئېرىشىش ئۈچۈن پىژغىرىم ئىسسىقتا نەچچە مىڭ مېتىر مۇساپىنى بېسىپ، ئاندىن دەريا ۋە كۆللەرگە يېتىپ بارالايدۇ، ئۇلار چېلەك ياكى ئىدىشلارنى توشقۇزۇپ يول بويى يۈدۈپ قايتىشقا توغرا كېلىدۇ، لىق سۇ قاچىلانغان بىر ئىدىشنىڭ ئېغىرلىقى 44 قاداق كېلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن سۇ توشۇشمۇ ناھايىتى جاپالىق خىزمەت ھېسابلىنىدۇ.

## گىۋاتىمالا

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدا گىۋاتىمالا دەيدىغان بىر دۆلەت بار ،نۇرغۇن نامراتلارنىڭ تاتلىق سۇغا ئېرىشىشى ناھايىتى تەس.

ئۇزاققا سوزۇلغان ئىچكى ئۇرۇش سۇ تۇرۇبىلىرى ۋە يەر ئاستى سۇ يوللىرىنى بۇزۇۋەتكەن. يامغۇر پەسلىدە كىشىلەر ئۆگزىدىن چۈشكەن يامغۇر سۇلىرىنى يىغىۋالىدۇ، يامغۇر ياغمىغان پەسىللەردە بىرەر سائەت ياكى ئۇنىڭدىنمۇ كۆپ مېڭىپ ئەڭ يېقىن كۆلچەك ياكى دەريالارغا بېرىپ سۇ ئالىدۇ، بۇ سۇلار كۆپىنچە مەينەت سۇلار بولۇپ، كىشىلەرنى ئاسانلا ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەللەرگە گىرىپتار قىلىدۇ، بولۇپمۇ باللار تېزلا ئاغرىپ قالىدۇ.

## سۇنىڭ يەنە بىر تەرىپى قاتىل

كىشىلەر سۇ ئارقىلىق بەدىنىدىكى باكتېرىيەلەرنى تازىلايدۇ، ھاجەتخانىغا كىرگەندىن كېيىن يەنە سۇ ئارقىلىق ئەۋرەز يوللىرىغا ئېقتىدۇ، ئاخىرىدا بۇ كىرەكسىز سۇلار تازىلىنىدۇ، يەرشارىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا پاكىز ھاجەتخانىلار يوق، چۈنكى ئۇ يەردە تازىلاشقا ئىشلەتكۈدەك يېتەرلىك سۇ يوق، شۇنىڭ ئۈچۈن كېسەللەرنىڭ تارقىلىشىمۇ تېز.

قولنى يۇسا باكتېرىيە تازىلىنىدۇ، سۇ تۇرۇبىلارغا كىرگەندىن كېيىن ساپلاشتۇرۇلىدۇ، ئەگەر سۇ پاكىز بولمىسا باكتېرىيەلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ، بۇ كىشىلەرنى ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ ،تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە بولۇپمۇ يېزىلاردا بىردىنبىر ئىچىملىك سۇ دەريا ۋە كۆللەردىن كېلىدۇ، لېكىن بۇ سۇلار ناھايىتى مەينەت، بەزى زىيانلىق باكتېرىيەلەر ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىدۇ، بۇ كىشىلەرنى ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار قىلىدۇ، تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە، بولۇپمۇ يېزىلاردا بىردىنبىر ئىچىملىك سۇ دەريا ۋە كۆللەردىن كېلىدۇ، لېكىن بۇ سۇلار ناھايىتى مەينەت، بەزى زىيانلىق باكتېرىيەلەر ئىچى سۇرۇش ياكى كېزىك، تولغاق قاتارلىق كېسەللەرنى پەيدا قىلىدۇ، بولۇپمۇ بالىلار ۋە ياشانغانلار تازىلانمىغان سۇنى ئىستېمال قىلغاندا ئاسانلا كېسەلگە گىرىپتار بولىدۇ، چۈنكى ئۇلارنىڭ ئىممۇنىتېت ئىقتىدارى باكتېرىيەلەرگە قارشى تۇرالمايدۇ. بۇ جايلاردا كېسەل داۋالايدىغان دوختۇرخانا ۋە دوختۇرلار يوق، بالىلار كېسەلدىن ساقايغان تەقدىردىمۇ يەنە كېسەل بولۇپ قالىدۇ.

ئۇلار ئاغرىپ قالغانلىق سەۋەبىدىن دەرسكە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارالماسلىقمۇ مۇمكىن، بۇ ۋاقىت ئۆلارنىڭ كەلگۈسىگە تەسىر كۆرسىتىشى مۇمكىن.

ھەرىيلى يەرشارىدا 5ياشتىن تۆۋەن باللار ئىچىدە 2مىليون بالا ئىچى سۈرۈش بىلەن ئۆلۈپ كېتىدۇ.

ئادەم بەدىنىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى سۇدىن تەركىب تاپقان، بەدەن سۇ ساقلىيالمىغانلىق سەۋەبىدىن كىشىلەر ھەركۈنى 6~8 ئىستاكان سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلەنسە بەدەن نورمال خىزمەت قىلالمايدۇ، بۇخىل ھالەت سۇسىزلىنىش دەپ ئاتىلىدۇ.

## سۇنىڭ ئىشلىتىلىشى

سۇ پەقەت ئىستېمال قىلىنىپلا قالماي، يەنە تازىلاش، سۇغىرىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ، سۇ يەنە ھەرقانداق نەرسىنىڭ ياسىلىشىدا زۆرۈر بولغان خام ماتېرىيال. سىز ئولتۇرغان ئورۇندۇقنىڭ دەرەخانىغا كىرىشىمۇ سۇدىن ئايرىلالمايدۇ، ھەرقانداق نەرسىنى ئىشلەپچىقىرىش سۇدىن ئايرىلالمايدۇ.

بۈگۈن سىز قانچىلىك سۇ ئىشلەتكەنسىز؟ كىشىلەر ئادەتتە يۇيۇنغاندا، مىنۇتىغا 12ـ 7 لىتىر سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، ھاجەتخانىنى تازىلاش ئۈچۈن تەخمىنەن 20 لىتىر سۇ ئىشلىتىدۇ. ئامېرىكىدىكى مەركىزى شەھەرلەردە تۇرمۇش كەچۈرىدىغانلار بىر ئادەم كۈنىگە تەخمىنەن 600 لىتىر سۇ ئىشلىتىدۇ، سافالىن ئاراللىرىنىڭ جەنۇبىدىكى ئافرىقا قىتئەسىدە ياشايدىغان كىشىلەر ئەڭ كۆپ بولغاندا 20 لىتىر سۇ ئىشلىتەلەيدۇ.

يەرشارىدىكى 70% تاتلىق سۇ يېزا ئىگىلىكى ۋە چارۋىچىلىق ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. سۇ بولمىسا زىرائەتلەر ۋە ھايۋانلار سۇسىزلىقتىن ئۆلىدۇ، دەريا ۋە كۆللەرنىڭ سۈيى ئېرىقلار ئارقىلىق ئېتىزلاردىكى زىرائەتلەرنى سۇغىرىدۇ، بۇ جەريان سۇغىرىش دەپ ئاتىلىدۇ. دېھقانلارنىڭ 1000 گىرام گۆش ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۇ مىقدارى نورمال بىر ئائىلىنىڭ 10 ئايدىكى خوراتقان سۇ مىقدارى بىلەن تەڭ.

## سوغۇق ئىچىملىك ماتېرىياللىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتلىرى شۇ رايونلارغا نىسبەتەن زىيانلىق.قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

سوغۇق ئىچىملىكلەرنى پىششىقلاپ ئىشلەش زاۋۇتى سۇنى شۇ رايوندىن يۆتكەپ ئېلىپ چىقىدۇ.

زاۋۇتلار بۇ سۇلارنى پىششىقلاپ ئىشلەپ ئىسپىرتسىز ئىچىملىككە ئايلاندۇرۇپ ،شۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى تارتىۋالىدۇ. يەنە تېخى بۇ زاۋۇتلار كېرەكسىز بولغانماللار زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلارنى قويۇپ بېرىش ئارقىلىق سۇ مەنبەسىنى بۇلغايدۇ.

ئىسپىرتسىز ئىچىملىكلەر بولسا زاپاس بۇيۇم، سۇ بولسا زۆرۈر تۇرمۇش بۇيۇمى.

سۇ مەنبەسىنىڭ قىس بولۇشى، سۇ مىقدارىنىڭ ئازلاپ كېتىشىنىڭ سەۋەبى ئىسپىرتسىز ئىچىملىك زاۋۇتلا ئەمەس، زاۋۇت يەرلىك ئاھالىلەرنى يەنە خىزمەت بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇلارنىڭ تاتلىق سۇ ئامبىرى قۇرۇلۇشى سىستېمىسىنىڭ سۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



مىقدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە ياردەم بېرىدۇ.

**يامغۇر يېزا ئىگىلىك زىرائەتلىرىنىڭ ئۆسۈشىدىكى مەنبە**

ھاۋا ئىسسىق، قۇرغاق، ئەكسىچە ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئاز بولسا، ئېغىر دەرىجىدىكى قۇرغاقچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. بۇ كىشىلەرنىڭ سۇغا بولغان ئېھتىياجىنىڭ قانمايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ، قۇرغاقچىلىق دەۋرىدە زىرائەتلەر قۇرۇپ كېتىدۇ، ھايۋانلار ئاجىزلاپ كېتىدۇ، ئۇلار شۇنىڭ بىلەن دېھقانلارنىڭ سودىسىغا كېرەكلىك سۈت ۋە گۆش بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ.

قۇرغاقچىلىق نامراتلىق ۋە ئاچارچىلىقنى تېزلىتىۋېتىدۇ، يېتەرلىك سۇ بولمىسا، بىر قىسىم چارۋىلار ئۆلىدۇ، قۇرغاقچىلىق كۆپىنچە ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا يۈز بېرىدۇ، يەنە بەزىدە قۇرغاقچىلىق ئىسسىق بەلباغ رايونىدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ياخشى تەسىرلەرنى كۆرسىتىدۇ.

كىشىلەر قۇرغاق رايونلاردا ياشاشقا ئامالسىز قالغاندا، سۇ بار جايلارغا كۆچىدۇ؛ ئەكسىچە ئۇلارنىڭ كۆچۈپ بېرىپ ئولتۇراقلىشىپ بولغاندىن كېيىن تېرىقچىلىققا كەلمەسلىكمۇ مۇمكىن، ئۇ يەرلەرنىڭ تۇپرىقى قۇرغاق ياكى ئۇنۇمسىز بولۇشى، ئۆسۈملۈك تېرىغاندىن كېيىن زىرائەتلەر ياكى كاللار تۇپراقنى قۇرغاقلاشتۇرۇۋېتىدۇ، يۇمشاق تۇپراق دەسسىلىش نەتىجىسىدە تېخىمۇ قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ، بۇ جەريان تۇپراقنىڭ قۇملىششى دېيىلىدۇ.

قۇرغاق پەسىللەردە كىشىلەر بىر قانچە كۈن يول

يۈرۈپ، ئاندىن كېرەكلىك سۇغا ئېرىشىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا كىشىلەر ھەم ھېرىپ، ھەم ئىچىپ ھەم ئۇسساپ مىجەزىمۇ چۇسلىشىپ كېتىدۇ، مانا مۇشۇ ئۈمىدسىز كىشىلەر ئائىلىسىنى ئاچلىق ۋە ئۇسسۇزلىقتىن قوغداش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىۋاتقان ۋاقىتتا دائىم ئۆز-ئارا زىددىيەت كۆرۈلىدۇ.

قۇرغاقچىلىقتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، لېكىن كىشىلەر ئاللىقاچان ياشاش ئۇسۇلىنى تاپتى، بۇ خىل ھەم ئىسسىق، ھەم قۇرغاق مۇھىتقا ماسلاشتى؛ كىشىلەر دەريا ئۈستىگە كىچىك تىپتىكى سۇ توسمىلىرىنى قۇرۇپ، يامغۇر سۇلىرىنى يىغىۋالدى؛ سۇ توغىنى بىز بىلىدىغان سۇ ئامبىرىدىن ئىبارەت، يامغۇر سۈيى يوق ۋاقىتتىمۇ ئاھالىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ.

كۆچەت تىكىش يەر ئاستى سۈيىنىڭ ساقلىنىشىغا پايدىلىق، چۈنكى دەرەخلەرنىڭ يىلتىزى تۇپراقتىكى سۇ تەركىبىنى ساقلىيالايدۇ، رەت-رەت دەرەخلەر قۇملارنىڭ بېسىپ كىرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، كۆچەت تىككەندە قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تىكىش كېرەك، مەسىلەن: قۇرغاقچىلىق پەسىلدە كىشىلەرنى زۆرۈر يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەيدۇ.

## ئامېرىكىنىڭ 30-يىللاردىكى چاڭ-توزان ئاپىتى

20-ئەسىرنىڭ 30-يىللىرى ئامېرىكىنىڭ ئوتتۇرا قىسىم تۈزلەڭلىك رايونلىرى ئېغىر دەرىجىدىكى قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە ئۇچرىدى، دېھقانلار كەڭ كۆلەمدە زىرائەت تېرىشنى داۋاملاشتۇرۇۋەرگەنلىكىدىن، تۇپراقنىڭ ئۈنۈمسىزلىشىشى ۋە قۇرغاقلىشىشىغا سەۋەب بولدى.

بۇ رايون كېيىن قۇرغاق چاڭ ـ توزان رايون دەپ ئاتالدى، چۈنكى شامال چاڭ ـ توزانلارنى ھەممە يەرگە ئۇچۇراتتى، كېيىن دېھقانلار تېرىقچىلىق ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىپ، بۇ خىل ئاپەتنىڭ قايتا يۈز بېرىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى.

## كىلىماتنىڭ قالايمىقانلىشىشى

ئىنسانلار پائالىيىتى يەرشارى تېمپېراتۇرىسى ۋە كىلىماتىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئۆز نۆۋىتىدە بۇ تەبىئىي ئامىللار سۇنىڭ ئايلىنىشىغا كاشىلا قىلىپ، ئىنسانلارغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. بىر قانچە مىڭ يىللار ئىلگىرى يەر شارىدا ياشىغان ئۆسۈملۈك قالدۇقلىرى بۈگۈنكى كۈندە قېزىلما يېقىلغۇلارغا ئايلاندى. بۇ يېقىلغۇلار كۆيدۈرۈلگەندىن كېيىن كاربون (IV) ئوكسىد گازىغا ئايلىنىدۇ. دەرۋەقە دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەر دېڭىزلاردىن كۆپ مىقداردا كاربون ئوكسىد سۈمۈرۈۋالىسىمۇ، كىشىلەر ھەددىدىن تاشقىرى كۆيدۈرگەن نېفىت كاربون(IV) ئوكسىدنىڭ ئۆسۈملۈك ۋە دەرەخلەرنىڭ سۈمۈرۈش ئىقتىداردىن ئېشىپ كېتىپ، كىلىماتنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە پۈتكۈل يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئالىملار يەرشارى كىلىماتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىنى ھاۋا رايىنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىشىدىن دەپ قارىدى، مەسىلەن: قۇرغاقچىلىق، كەلكۈن قاتارلىقلار، بۇ قۇترىغان ھاۋارايى يەرشارى خاراكتېرلىك ئاپەتلەرنى كۆپەيتىۋېتىدۇ. قۇرغاق پەسىلدە زىرائەتلەر قۇرۇيدۇ ھەم ئۆلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ۋە ھايۋانلار يېتەرلىك ئوزۇقلۇققا ئېرىشەلمەيدۇ، كەلكۈن ئاپىتىمۇ زىرائەتلەرگە زىيان سالىدۇ، كىشىلەر بىرەر

تال دانغىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. مۆلدۈر سۇ يوللىرى ۋە ئېرىقلارنى ۋەيران قىلىدۇ، ئەۋرەز سۇلىرى كوچىلار ۋە رايونلاردا ئېقىپ يۈرىيدۇ.

تېمپېراتۇرا ئۆرلىگەندە، مۇزلۇقلار ۋە يېپىق سۇلار ئېرىيدۇ؛ تېمپېراتۇرا يەنە ئازراقلا ئۆرلىسە، دېڭىز يۈزىمۇ كۆتۈرۈلىدۇ، بەزى شەھەرلەرنىڭ يەر يۈزى دېڭىز يۈزى بىلەن تەڭ دېگۈدەك. مەسىلەن: ئوتتۇرا ئاسىيادىكى باغداد، ئەگەر دېڭىز يۈزى توختىماي يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، ئۇ جايلارنىڭ ھەممىسىنىڭ غەرق بولۇپ كېتىش خەۋپى بار.

## مالتا

ئوتتۇرا دېڭىزدىكى ئارالغا جايلاشقان مالتادا تەخمىنەن 4 مىليون نوپۇس بار، ياز پەسلىدە ساياھەتچىلەر قىززىپ كېتىدىغان يۇقىرى پەسىل بولۇپ، ئارالدىكى ساھىللاردا دەم ئالىدۇ، لېكىن بۇ يەردىكى بىر قىسىم ئاراللار دېڭىز تەرىپىدىن يۇتۇۋېلىش خەۋپىدە تۇرماقتا، يەنە ئۆرلەۋاتقان دېڭىز سۈيى مالتا رايونىنىڭ ئىچىملىك سۈيىنى بۇلغايدۇ.

تۇزلۇق دېڭىز سۈيى بۇ كىچىك ئارالنىڭ يەر ئاستى سۇ مەنبەسىنى بۇلغايدۇ، ھۆكۈمەت كۆچىنىڭ پارچە تۇز ئايرىش تېخنىكىسى ئارقىلىق، كىشىلەرنى تاتلىق سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ ،لېكىن بۇ جەرياندا نۇرغۇن خىمىيەۋى يېقىلغۇلار خورايدۇ، بۇ يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشى تېزلىتىۋاتىدۇ ۋە دېڭىز يۈزىنىڭ ئۆرلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



## قۇرۇپ كېتىشكە يۈزلەنگەن سۇ مەنبەسى

سۇ ئۈزۈش كۆلچەكلىرىنى تولدۇرۇش، گۈل سۇغىرىش، ماشىنا يۇيۇش قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى نۇرغۇن سۇنى خورىتىدۇ، نۇرغۇن دۆلەتلەردە سۇ كەمچىل بولغانلىقتىن، سۇ ئىشلىتىش مىقدارى بەلگىلەنگەن بۇ كىشىلەر پەقەت بەلگىلەنگەن ۋاقىتتا، بەلگىلەنگەن سۇنىلا ئىشلىتىشكە بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

ئويلاپ بېقىڭ، بەلگىلىمە بويىچە بەلگىلەنگەن مىقداردا سۇ ئىشلەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشىڭىزدا قانداق ئۆزگىرىش بولىدۇ ؟

بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ ياز پەسلىدىكى ھۆل-يېغىن مىقدارىمۇ ئاز، بۇ ئېغىر دەرىجىدە سۇ كەمچىل بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، تاتلىق سۇ ئامبارلىرى قۇرۇپ كەتسە، ئىسپانىيەدىن باشلاپ جەنۇبىي ئافرىقىدىكى چوڭ شەھەرلەر ۋە گۈللەنگەن ساياھەت مەنزىرە رايونلىرى سۇ كەمچىل بولۇش مەسىلىسىگە دۇچ كېلىدۇ، ئىسسىق ۋە قۇرغاق ياز پەسلىدە ئىسپانىيەدىكى باسمەن يەرلىك ئاھالىلەر ۋە سىرتتىن كەلگەن ساياھەتچىلەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن توختىماستىن كېمە ئەترىتى بىلەن باشقا دۆلەتلەردىن سۇ توشۇيدۇ، ئەگرى-بۈگرى نىل دەرياسىنىڭ بىر باشلىنىش نۇقتىسى ئېفئوپىيە شۇنىڭ ئۈچۈن مىسىر كۆپ مىقداردىكى دەريا سۈيىنى ئايرىپ چېگرا ئىچىدىكى سۇغىرىشقا ئىشلىتىدۇ، ئەكسىچە ئېفيوپىيە ۋە مىسىرنىڭ ئىچىدىكى ھۆل- يېغىن مىقدارى ئاز، شۇنىڭ بىلەن نىل دەرياسىنىڭ سۈيى ئىككى دۆلەتنىڭ تالىشىش ئوبيېكتى بولۇپ قالدى، دۇنيادىكى بىر

قىسىم دۆلەتلەردە تاتلىق سۇ ئاز، سۇ مەنبەسىنى قوغداش ئۈچۈن ھەتتا ئۇرۇشلارمۇ يۈز بېرىدۇ.

## تۇزلۇق دېڭىز

تۇزلۇق دېڭىزنىڭ ئۈستىدە نۇرغۇن كېمىلەر يۈرۈيدۇ، بېلىقلار بولسا سۇ ئاستىدا ئۈزىدۇ، لېكىن بۇ كۈنگە كەلگەندە تۇزلۇق دېڭىزنىڭ مەلۇم رايونلىرى تۇمان ئىچىدە قالغان قاقاس قۇملۇققا ئوخشايدۇ، ئۆزبېكىستان، تۈركمەنىستان ۋە قازاقىستاندىكى دېھقانلار تۇزلۇق دېڭىزدىن كەلگەن دەريا سۇلىرى ئارقىلىق كۆممە قوناقلىرىنى سۇغۇرىدۇ، بۇ پەقەت دەريا سۈيىنى خورىتىپلا قالماي، تۇزلۇق دېڭىز-كۆللەرنىمۇ قۇرۇتىۋېتىدۇ، بەختكە يارىشا تۇزلۇق دېڭىز ھازىر ئاستا-ئاستا ئەسلىگە كېلىشكە باشلىدى، قازاقىستانمۇ چوڭ بىر سۇ توسمىسىنى رېمونت قىلدى، كۆللەردە بېلىقلار يەنە ئۈزۈشكە باشلىدى، ئۆزبېكىستانمۇ ھازىر يېڭى بىر سۇ توسمىسىنى ياسىماقتا، بۇ قۇرۇلۇش 2009-يىلى باشلانغان بولۇپ ئۇنىڭ تۇزلۇق دېڭىزنىڭ ئەھۋالىنى تېخىمۇ ياخشىلايدىغانلىقىغا ئىشىنىمىز.

## سۇنى زاپاس ساقلىغۇچى،ئېكولوگىيەگە بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچى

چوڭ سۇ توسمىلىرىنى قۇرۇش سۇنىڭ ئېقىپ كېتىشىنى توسىدىغان سۇ ئۈستىدىكى پۈختا تام ياكى سېپىل، مۇشۇنداق قىلغاندا سۇلار توسمىغا يىغىلىپ سۇ ئامبارلىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، سۇ ئامبارلىرىدىكى سۇ زىرائەتلەرنى ۋە ئادەملەرنى سۇ بىلەن تەمىنلەيدۇ، بەزى سۇ توسمىلىرى ھەتتا توك تارقىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.



سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى بولسا ئېقىن سۇدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىدۇ ،بۇ جەريانىدا كۆيدۈرۈلگەن نېفىتتىن نۇرغۇن مىقداردا كاربون (IV) ئوكسىد پەيدا بولىدۇ.

چوڭ تىپتىكى توسمىلار كەلكۈننىڭ ئالدىنى ئالىدۇ، لېكىن بۇخىل چوڭ تىپتىكى قۇرۇلۇش يەرلىك ئاھالىلەر ۋە ئېكولوگىيەلىك سىستېمىغا نىسبەتەن چوڭ تەسىر كۆرسىتىدۇ، مەسىلەن: ئامېرىكىنىڭ سىنىك دەرياسى ئۈستىدىكى نەچچە يۈز توسما سۇغىرىش ئۈچۈن ياسالغان بولسىمۇ، بۇ دەريادىكى نۇرغۇن ياۋا كىت تۈرىنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولىدى.

كىتنىڭ قايتىشى دەريادا يۇقىرى ئېقىنغا قاراپ ئۈزۈشىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇ ئۆزى تۇغۇلغان دەريا ئېقىنغا كېلىپ تۇخۇم تۇغۇشتىن ئىلگىرى دېڭىزدا تەخمىنەن بەش يىل ياشايدۇ، چوڭ توسمىلار ئۇنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلغاندىن كېيىن، بۇ كىتلار قايتىپ كېتىشكە ئامالسىز قالىدۇ، ئاخىرىدا تۇغقان تۇخۇملىرىمۇ يوقىلىدۇ.

## خىتتاينىڭ سەنشيا توسمىسى مۇۋاپىق.

**بۇنى قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟**

**قوللايمەن !**

سەنشيا چوڭ توسمىسى سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك تارقىتىدۇ، بۇخىل پاكىز ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىسسىقلىق تارقاتمايدىغان بولغاچقا، يەرشارى كىلىماتىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى

ئېغىرلاشتۇرمايدۇ، بەلكى نوپۇس كۆپىيىۋاتقان خىتتاينى ئېلېكتىر ئېنېرگىيەسى بىلەن تەمىنلەيدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا سەنشيا قۇرۇلۇشى چاڭجياڭ دەرياسىدىكى كەلكۈندىن مۇداپىئەلىنىپ، نەچچە ئونمىڭ ئادەمنىڭ هاياتىنى قۇتقۇزىدۇ !

**قارشى تۇرمەن !**

چوڭ توسما قۇرۇش نەچچە مىڭلىغان ئادەمنىڭ ئائىلىسىدىن ئايرىلىشىغا سەۋەب بولىدۇ، تەخمىنەن 13شەھەر، 140بېزا ـ بازار 1350يېزا سۇغا غەرق بولىدۇ، چوڭ توسما يەنە تاتلىق سۇلارنىڭ دېڭىزغا قويۇلۇشىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، بېلىقلارنىڭ ياشاش ماكانىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ، ئاخىردا توسما يېنىدىن يار ئېلىپ، يېقىن ئەتراپتىكى تاغ ئۈستىدىكى پەس تۈپراقلار ئاسانلا ئېقىپ تاغ گۈمۈرۈلۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

## تەبىئي تەڭپۇڭلۇق

بىر رايوندىكى تەبىئي جۇغراپىيەلىك ئالاھىدىلىكى شۇ دەريا ئېقىنلىرىنىڭ ئېقىن يۆنىلىشىگە ياردەم بېرىدۇ، بۇگۈنكى كۈندە ئىنسانلار پائالىيىتى يەر شەكلىگە غايەت زور تەسىر كۆرسەتمەكتە، چوڭ كۆلەملىك ھالدا تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ئېكولوگىيەلىك تەڭپۇڭلۇقىغا تەسىر كۆرسەتمەكتە.

بىر قىسىم ئىسسىق بەلباغ رايونلىرىدا، مەسىلەن : شەرقى جەنۇبىي ئاسىيادا شەمشادزارلىق بولسا، ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنى بىلەن دېڭىز ئوتتۇرسىدىكى تەبىئي توساق بۇخىل دەرەخنىڭ يىلتىزى بىر ـ بىرىگە گىرەلىشىپ تۈزلۈق دېڭىز سۈيىگە ماسلىشىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەتكەن شۇنداقلا ساھىلدىكى قۇملارنى تېزگىنلىگەن. شەمشادزارلىق تەبىئىي توساقنى شەكىللەندۈرۈپ، دەريا سۇلىرىنىڭ دېڭىزلارغا قۇيۇلۇشى جەريانىدا لاتقىلارنى ئېقىتىپ كىرىشىنى توسىدۇ.

لاتقىلار ئەگەر دېڭىزغا ئېقىپ كىرسە چىرايلىق مارجان تاشلىرىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىدۇ. لېكىن نۆۋەتتە 20% شەمشاد كېسىلىپ، ياغاچ ماتېرىيالى قىلىندى ياكى كېسىپ تاشلىنىپ پاكىز بىلىق بېقىش مەيدانى ياسالدى.

دەريا ساھىلى دەريا ۋە دېڭىز بويىدىكى تۈزلەڭلىكنى كۆرسىتىدۇ، ئەگەر سۇ يۈزى يۇقىرى كۆتۈرۈلسە، بۇ رايوننى تېزلا سۇ بېسىپ كېتىدۇ، ئۇ خۇددى دېڭىزغا ئوخشاش سۇ ساقلاپ ئاستا ـ ئاستا قويۇپ بېرىدۇ ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇق رايوننى قوغدايدۇ، دەريا ساھىلى نۇرغۇن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارنىڭ ماكانى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر بۇ ساھىللارغا ئۆيلەرنى سالدى، بۇ ئۆيلەر ئەسلىدىنلا كەلكۈننىڭ يۇتۇپ كېتىش خەۋپىگە ئۇچرايدۇ، بۇ ئۆيلەرنىڭ بولۇشى ساھىللارنىڭ سۇ ساقلاش ئىقتىدارىنى ئاجىزلىتىپ كەلكۈننىڭ قۇرۇقلۇقنى بېسىپ كېتىشىنى تېزلىتىۋېتىدۇ.

كىلىمات ئۆزگەرمىدى بەلكى دېھقانلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان بوز يەر ئۆزلەشتۈرۈپ ئورمانلارنى بۇزۇشى، تۇپراقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراتتى.

## بۇنى قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

**قوللايمەن !**

دېھقانلار بوز يەر ئېچىپ ئورمانلارنى تېرىلغۇ ئېتىزغا

ئايلاندۇردى ،ئەگەر ئورمانلار تۇپراقتىكى سۇ تەركىبىنى ساقلاپ تۇرمىسا، تۇپراق تېزلا قۇرغاقلىشىپ كېتىدۇ، ئەگەر دېھقانلار يىلمۇيىل زىرائەت تېرىسا، تۇپراق تەركىبى ناچارلىشىپ كېتىدۇ، ئاخىرىغا بېرىپ زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىمۇ قىيىنغا توختايدۇ.

**قارشى تۇرىمەن!**

چەكتىن ئاشقان بوز يەر ئېچىپ ئورمان كېسىش تۇپراقنى ناچارلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن، لېكىن نېفىت يىقىلغۇ قىلسا، يەرشارى كىلىماتىنى ئىسسىتىۋېتىدۇ، بۇ تۇپراقنىڭ قۇرغاقلىشىشىنى تېخىمۇ تېزلىتىۋېتىدۇ، دېھقانلارنى ئەيىبلەشتىن ئىلگىرى بىز چوقۇم ئەڭ ئاز ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ۋە يېقىلغۇنى ئىشلىتىشنى ئويلىشىمىز كېرەك، بىز يىمەكلىك ئىشلەپچىقىرىشقا ئېھتىياجلىق بولساقمۇ، بۇنچە كۆپ نېفىتنى خوراتماسلىقىمىز كېرەك.

## سۇنىڭ بۇلغىنىشى

زاۋۇتلار خىمىيەلىك دورىلاردىن پايدىلىنىپ، مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدۇ، دېھقانلار خىمىيەۋى دورىلاردىن پايدىلىنىپ، زىرائەتلەرنىڭ ئۆسۈشىنى تېزلىتىدۇ، بىرقىسىم خىمىيەلىك دورىلار زاۋۇت ۋە دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى بۇلغانغان سۇلارغا قوشۇلۇپ دەريالارغا قۇيۇلىدۇ. يەرشارىدىكى بىر قىسىم جايلاردا تاتلىق سۇ كەمچىل، شۇنداقلا سۇ تەركىبىدىكى خىمىيەۋى ماددىلار كۆپ شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ سۇنى ئىستېمال قىلىش ئىنتايىن خەتەرلىك، بۇلغانما سۇلار بېلىق ۋە باشقا ھايۋانلارنىڭ ئۆلۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. كۆپ قىسىم كىشىلەر بېلىقنى ئاساسلىق ئاقسىل مەنبەسى قىلىدۇ، ھازىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نۇرغۇن بىلىقلار تېنىدە ئادەم بەدىنىگە زىيانلىق خىمىيەلىك ماددىلار بار. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەردە نۇرغۇن كىشىلەر شەھەرلەرگە كىرىپ، خىزمەت ئىزدەيدۇ، ئۇلار ئىش ھەققى يۇقىرى خىزمەت قىلىشنى پاكىز سۇ ئىچىشنى ئارزۇ قىلىدۇ، ئەكسىچە شەھەرلەرنىڭ سىغدۇرۇشچانلىقىمۇ چەكلىك، شۇنىڭ بىلەن بەزى شەھەرلەر شەھەر سىرتىغا نۇرغۇن رايونلارنى - نامراتلار رايونىنى قۇردى.

ھازىر سۇ مەنبەسى شەھەر كىشىلىرىنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرۇپ بولالمايدۇ، چۈنكى تۇربىلار كەمچىل، ئەۋرەز يوللىرى ۋە سۇ تازىلاش زاۋۇتلىرى يېتەرلىك سۇ بىلەن تەمىنلىيەلمەيدۇ، كېرەكسىز سۇلار مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىنماي، دەريالارغا قويۇلۇپ سۇ مەنبەلىرىنى بۇلغايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئىچىملىك سۇلارمۇ بۇلغىنىدۇ، كىشىلەرنىڭ تازىلىقى ئۈچۈن يېتەرلىك سۇ بولمىغانلىقتىن ئاسانلا كېسەل تەھدىتىگە ئۇچرايدۇ.

ھەر يىلى ئەتىيازدا يامغۇر سۇلىرى دېھقانچىلىق مەيدانىدىكى خىمىيەلىك دورىلارنى چايقاپ، ئامېرىكىدىكى مىسسىسسىپپى دەرياسى ۋە موسكۋا قولتۇقىغا قويىدۇ، بۇ خىمىيەۋى دورىلارنى دېھقانلار زىرائەتلەرنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن، شۇنىڭ بىلەن بۇ خىمىيەۋى ماددىلار سۇغا قويۇلغاندىن كېيىن، دېڭىز يۇسۇنى دەيدىغان ئۆسۈملۈكنى پەيدا قىلىدۇ، دېڭىز يۇسۇنى دېڭىز سۈيى تەركىبىدىكى ئوكسىگېننى كۆپ مىقداردا خورىتىدۇ، ئوكسىگېن بولمىسا، سۇدىكى ھايۋانلار ئۆلۈپ قالىدۇ، بۇ ئۆز نۆۋىتىدە بىرقىسىم دېڭىز رايونلىرىنى ئۆلۈك دېڭىز رايونلىرىغا ئايلاندۇرىدۇ.

## هىندى دەرياسى

هىندى دەرياسى بولسا هىندىستانلىقلار تەرىپىدىن خىسلەتلىك دەريا دەپ قارىلىدۇ، هەر يىلى هىندى دىنى مۇرتلىرى دەريا بويىغا كېلىپ يۇيۇنىدۇ، لېكىن دەريانىڭ چوڭقۇر يېرىدىن كۆپ مىقداردا بۇلغانما سۇلار ۋە زەھەرلىك، خىمىيەلىك ماددىلار ئېقىپ كىرىدۇ، ھەركۈنى نەچچە مىڭ لىتىر بىرتەرەپ قىلىنمىغان سۇلار بۇ دەرياغا قۇيۇلىدۇ.

## قىممەتلىك سۇ مەنبەلىرىنى قوغدايلى

2050 ـ يىلىغا بارغاندا يەرشارىدىكى نوپۇس 90 مىليونغا يېتىدۇ، بۇ نوپۇس ئەلۋەتتە سۇغا ئېھتىياجلىق بولىدۇ، لېكىن يەرشارىدىكى تاتلىق سۇ كۆپەيمەيدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز قانداق قىلغاندا چەكلىك سۇ مەنبەسىنى ئىشلىتىشنى پىلانلىشىمىز كېرەك ؟

گەرچە سۇ ئۈزۈكسىز ئايلىنىپ تۇرسىمۇ جۈمەكلەردىن تېمىش، تۇربىلاردىن سىرغىپ چىقىش ئارقىلىق ھەركۈنى نۇرغۇن تاتلىق سۇ ئىسراپ بولۇپ كېتىدۇ ،ھۆكۈمەت قانۇن ـ تۈزۈملەرنى بەلگىلەش ئارقىلىق، زاۋۇت ۋە يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىنىڭ خىمىيەلىك ماددىلار ۋە باشقا زىيانلىق ماددىلارنى دەريالارغا قويۇپ بېرىشىنى توسۇش كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا، سۇ مەنبەسىنىڭ پاكىزلىقىغا كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ.

يامغۇر سۈيىنى يىغىۋېلىش بولسا يامغۇر ياغقاندا ئىدىشتىن پايدىلىنىپ يامغۇر سۈيىنى يىغىپ ساقلاشنى كۆرسىتىدۇ، بۇ سۇ بىلەن سۇغىرىش ۋە تازىلاش ئېلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بارغىلى بولىدۇ. سىرلانكىنىڭ بەزى جايلىرىدا سۇ ناھايىتى كەمچىل، شۇڭا كىشىلەر يامغۇر سۈيىنى يىغىۋېلىپ ئىشلىتىشكە ئادەتلىنىپ قالغان بولۇپ، بۇ يەردىكى كىشىلەر نەچچە چاقىرىم يول يۈرۈپ قۇدۇقتىن سۇ توشۇشىنىڭ ھاجىتى يوق، پەقەت ئۆيىنىڭ ئۆگزىسىدىنلا ئالسا بولىدۇ، ئاياللار كۆپىنچە ۋاقىتتا ئۆي ئىشلىرىنى قىلىدۇ، باللارمۇ كۆپ ۋاقىتتا ئۆگىنىشىنى قىلىدۇ.

تېمىتىپ سۇغىرىش بولسا سۇلارنى يىغىۋالغاندىن كېيىن، ئۆسۈملۈكنىڭ يىلتىزىنى سۇغىرىشنى كۆرسىتىدۇ، بۇنداق يىلتىزىغا تېمىتقاندا باشقا سۇغىرىش ئۇسۇللىرىغا قارىغاندا سۇ ئىسراپ بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇش جەريانىدا خىمىيەلىك ماددىلار بۇلۇتقا پۈركۈش ئارقىلىق يامغۇر پەيدا قىلىدۇ، سۈنئىي يامغۇر ياغدۇرۇشنىڭ توغرا ياكى خاتالىقى توغرىسىدا كىشىلەرنىڭ قارىشى ئوخشاش ئەمەس.

## سۇ كېرەك قىلمايدىغان ئۆسۈملۈك

ئالىملار ھازىر ناچار مۇھىتىمۇ ياشىيالايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى تەتقىق قىلماقتا، ئۇلار ئوخشىمىغان مۇھىتقا ماسلىشالايدىغان ئۆسۈملۈكلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ تېرىشنى پىلانلىدى، بەزى ئۆسۈملۈكلەر ۋە زىرائەتلەر ئىنتايىن قۇرغاق جايلاردا، ھەتتا ئاساسەن سۇ يوق جايلاردا ئۆسەلەيدۇ، يەنە بەزىلەر ھۆل ـ يېغىن مىقدارى ئېشىپ كەتكەن جايلاردا ئۆسىدۇ. بۇخىل يېڭى ئۆسۈملۈك تۈرى تەتقىقاتى كېيىن زىننەتلەش دەپ ئاتالدى. نۇرغۇن كىشىلەر بىزنىڭ گېن ئۆزگەرتكەن زىرائەتلەرگە بولغان چۈشەنچىمىز يېتەرلىك ئەمەس، بۇ گېن ئۆزگەرتكەن يېمەكلىكلەر ئىنسانلارنىڭ

ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەپ خىتاب قىلماقتا، يەنە بىر قىسىم كىشىلەر گىن ئۆزگەرتىلگەن زىرائەتلەر ئىنتايىن مۇھىم، چۈنكى ئۇ سۇ كەمچىل جايلاردىمۇ يەنىلا كىشىلەرنى يېمەكلىك بىلەن تەمىنلىيەلەيدۇ، دەپ خىتاب قىلماقتا.

## ھەرىكەتكە كېلەيلى!

سىزنىڭ بارلىق ھەرىكىتىڭىز نامرات دۆلەتلەردىكى كىشىلەرنىڭ يېتەرلىك سۇ ئىچىش ئىمكانىيىتىگە تەسىر كۆرسىتىدۇ، بوتۇلكىلارغا قاچىلانغان سۇ جۈمەكتىن ئېلىنغان سۇغا قارىغاندا پاكىز، لېكىن يالتىراق بوتۇلكىلارنى ياساشتا نۇرغۇن ئېنېرگىيە خورايدۇ، بۇ يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى تېزلىتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# 9. خەۋپتىكى ھايۋاناتلار

## ئىنسانلار ھايۋاناتلارنىڭ ياشىشىغا تەھدىت سالماقتا

بۈگۈنگە قەدەر، ئىنسانلار ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدى ھەم ياشىشىغا تەھدىت سېلىپ كەلدى. ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش، نۇرغۇنلىغان ھەرخىل تۈردىكى ھايۋاناتلارنىڭ يوقىلىشىغا سەۋەب بولدى. ھەربىر تۈردىكى ھايۋاناتلار بىر ئۆزگىچە خاس ھايۋاناتلار تۈرى بولۇپ، ھازىر بەزى ھايۋاناتلارنىڭ تۈرى ئازلاپ، ھەتتا يەرشارىدىن يوقالدى، مانا بۇ ھايۋاناتلارنىڭ نەسلى قۇرۇشتۇر.

## ئىنسانلار ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىنى بۇزماقتا

بىز يېڭى بازار، تاشيول ۋە ئايرودروم ياسىغاندا، ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدۇق. بىز قاقاسلىقنى ئېچىپ، تېرىلغۇ يەرگە ئۆزگەرتكەن چاغدا، ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىنى بۇزدۇق، بىز يەنە ئەخلەتنى قالايمىقان تۆككەن ۋاقتىمىزدىمۇ ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىغا بۇزغۇنچىلىق قىلدۇق، نۇرغۇن ياۋايى ھايۋاناتلار پەقەت مەلۇم بىر ئالاھىدە رايوندا

ياشايدۇ، بۇ يەر بۇزۇلىدىكەن ياكى چېقىپ تاشلىنىدىكەن، ئۇلار يېڭى بىر ماكان تاپمىسا بولمايدۇ. ناۋادا يېقىن ئەتراپتا شۇنداق بىر ماكان تېپىلمىسا ئۇلار يوقىلىدۇ.

## ئوزۇقلۇق زەنجىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىش

ھەربىر ماكاندىكى بىر ھايۋان تۈرى يوقالسا، بۇ رايوندا ياشاۋاتقان باشقا ھايۋاناتلارغا تەسىر يەتكۈزىدۇ. بۇ شۇنىڭ ئۈچۈنكى ھەربىر تۈر باشقا بىر تۈرنىڭ ئوزۇقى بولۇشى مۇمكىن. بۇ ھايۋاناتلار باشقا ھايۋاناتلارنى يەم قىلغاندا، يەم بولغۇچى ھايۋان ئۆسۈملۈكنى ئوزۇق قىلىدۇ. ئوخشاش بولمىغان تۈر ئارىسىدىكى زەنجىرسىمان يەم بولۇش ۋە يەم بولۇنۇش مۇناسىۋىتى ئوزۇقلۇق زەنجىرى دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر مەلۇم بىر ھايۋانات ئوزۇقلۇق زەنجىرىدىن يوقالسا، باشقا بارلىق ھايۋاناتلار تەھدىتكە ئۇچرايدۇ.

مەسىلەن: دېڭىز قۇشى بېلىقنى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ. چىلىدا، بەزى كىشىلەر بېلىقنى زىيادە كۆپ تۇتقاچقا، دېڭىز قۇشى يېتەرلىك ئوزۇقلۇقتىن ئايرىلدى، بۇ زىيادە كۆپ تۇتۇش دەپ ئاتىلىدۇ، ھازىر چىلىدا دېڭىز قۇشلىرىنىڭ سانى ئازلاپ كەتمەستىن بەلكى، ئىنسانلار يېيىشكە بولىدىغان بېلىقمۇ قالمىغىلى تۇردى.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !

ئۆتكەن35 يىلدىن بېرى، يەرشارىنىڭ ئىسسىشى ۋە ئىنسانلارنىڭ پائالىيىتى تۈپەيلىدىن، يەرشارىدىكى تۆتتىن بىر قىسىم چوڭ قورۇقلۇق ھايۋىنىنىڭ نەسلى قۇرۇدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## نەق مەيدان خاتىرىسى

سۇماترا يولۋىسىنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ئۇلار دالىدا ناھايىتى تېز يوقاپ كېتىدۇ، بۇ يولۋاسلار پەقەت ھايۋاناتلار باغچىسى ۋە ياۋايى ھايۋانلارنى قوغداش رايونلىرىدىلا ئامان قالماقتا.

## كۆيدۈرۈلگەن ياكى كېسىلگەن يامغۇرلۇق ئورمانلار

كىشىلەر ھازىر پۈتۈن يەرشارى مىقياسىدا چوڭ كۆلەمدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىرىنى كۆيدۈرمەكتە. يەر شارىدا نۇرغۇن ئۇخشىمىغان تۈردىكى ئۆسۈملۈك تۈرى بۇ قويۇق، نەم ئورمانلىقلاردا ئۆسىدۇ. بۇ ئورمانلىقلارنى كۆيدۈرۈش مىليون خىل ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىنى كۆيدۈرگەنلىكتۇر.

ماكانشۇناس (ئېكولوگىيە مۇتەخەسسىسى) لار جانلىقلار ۋە ئۇنىڭ ماكانىنى تەتقىق قىلىدىغان ئالىملاردۇر. بۈگۈنكى كۈندە ھەربىرلى 50مىڭ خىل ھايۋانات يوقالماقتا. بۇ ئەھۋال ماكانشۇناسلارنى ئىنتايىن ئەندىشىگە سالماقتا.

## ئورمان كېسىش

پالىساندىر دەرىخى ۋە تېكتون دەرىخى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىدا ئۆسىدۇ. بۇ ئىككى خىل دەرەخنىڭ ياغاچ ماتېرىيالى ناھايىتى كۆپ پۇلغا يارايدۇ. شۇڭا ئورمان كېسىش شىركەتلىرى بۇ دەرەخلەرنى كۆپلەپ كېسىپ پايدا ئالىدۇ. بۇ ئورمانلار كېسىلگەندە، ئەتراپىدىكى ئۆسۈملۈكلەر بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ. ئورمان كېسىش شىركەتلىرى تاش

يول ياساش ئۆچۈن ئورمان كېسىدۇ. ئىستېمالچىلار پالساندر ياغىچى ۋە تېكتون ياغىچىدىن ياسالغان ئۆي جاھازىلىرىنى سېتىۋالىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ ئورمان كېسىش شىركەتلىرىنىڭ ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنى بۇزغۇنچىلىق قىلىشقا ياردەم بەرگەنلىك.

## يامغۇرلۇق ئورماننى بۇزۇش

دېھقانلار ياكى بىر قىسىم شىركەتلەر چوڭ كۆلەمدىكى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمانلىقىغا ئوت قويىدۇ، ئۇلار بۇ يەرنى تۈزلەپ زىرائەت تېرىيدۇ. بەزى شىركەتلەر كاۋچۇك دەرىخى تىكىدۇ، كېيىن دېھقانلار بۇ دەرەخلەردىن تەبىئىي كاۋچۇك يىغىۋالىدۇ.

## ئۈنۈمسىز تۇپراق

بەزى دېھقانلار ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنى كۆيدۈرگەندىن كېيىن، بۇ يەرنى تۈزلەپ ئوت ـ چۆپ تېرىيدۇ. بۇ ئوت ـ چۆپلەر بىلەن قوي، كالا قاتارلىق ئۆي ھايۋانلىرىنى باققىلى بولىدۇ. بىراق ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنىڭ تۇپرىقى ناھايىتى ئۈنۈمسىز بولغاچقا، بۇ يەرنى پەقەت بىر نەچچە يىللا تېرىغىلى بولىدۇ. كېيىن بۇ شىركەت ياكى دېھقانلار بۇ تۇپراقنى تاشلاپ كېتىدۇ ده، يېڭى يامغۇرلۇق ئورماننى كۆيدۈرۈشكە باشلايدۇ.

## كاربون( IV )ئوكسىد

يامغۇرلۇق ئورماننى كەسكەندە ۋە كۆيدۈرگەندە، نۇرغۇن كاربون(IV )ئوكسىدنى ھاۋاغا قويۇپ بېرىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى ئېغىرلاشتۇردۇ. بۇ قىلمىشنىڭ يوقىتىدىغىنى يامغۇرلۇق ئورمانلارلا بولماستىن، بەلكى دۇنيادىكى نۇرغۇنلىغان ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلارنىڭ ماكانىنىمۇ ۋەيران قىلىدۇ.

## ئىشەنگىز كەلمەيدۇ !



دۇنيادىكى بارلىق ئۆسۈملۈكلەر تۈردىن، يېرىمى ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدۇ.

ئىنسانلار ھەر سېكۇنتتا ئىككى پۇتبول مەيدانىچىلىك يامغۇرلۇق ئورمانغا بۇزغۇنچىلىق قىلماقتا.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

**كامېرون**



ئىنسانلار نۇرغۇن ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنى بۇزۇپ، تېرىلغۇ يەرگە ئايلاندۇرماقتا.

غەربىي ئۇيمانلىقتىكى ئورانگۇتان ئورمان كىشىش ۋە يېزا ئىگىلىگىنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىماقتا. ئافرىقا قىتئەسىدىكى كامېروندا

ئىسسىق بەلباغ يامغۇرلۇق ئورمىنىنىڭ يوقلىشى ئىنتايىن تېز بولماقتا، چۈنكى دېھقانلار ۋە ئورمان كېسىش شىركەتلىرى ئۇلارنى توختىماي كەسمەكتە. بۇ يامغۇرلۇق ئورمان ھەربىي ئويمانلىقتىكى ئورانگوتانلارنىڭ ماكانىدۇر. كامېرون ھۆكۈمىتى بۇ ئورانگوتانلارنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئورانگوتانلارغا تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان رايون تەسىس قىلدى شۇنىڭ بىلەن بىللە ھۆكۈمەت بىر قىسىم يامغۇرلۇق ئورمانلىقنىمۇ قۇتۇلدۇرۇپ قالدى.

## ئورمان كېسىش ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەككە تەھدىت سالماقتا

مېكسىكىنىڭ ئورمان كېسىش شىركەتلىرى كېپىنەكنىڭ بىرخىل تۈرى — ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەكنىڭ ياشىشىغا تەھدىت سالماقتا. نۇرغۇنلىغان ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەكلەر قىشتا، مېكسىكىدىكى تاغلىق ئورمانلىرىدا ياشايدۇ، بەزىلىرى كالىفورنىيەنىڭ جەنۇبىي ۋە فلورىدا ئىشتاتىدا قىشتىن چىقىدۇ. يازدا بۇ كېپىنەكلەر ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئىنگلاند ۋە بەش چوڭ كۆل رايونىدا ياشايدۇ.

## كېپىنەكلەرنىڭ كۆچۈشى

باھار كىلىشى بىلەن، ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەك شىمالغا كۆچۈش ئۇزۇن سەپىرىنى باشلايدۇ. ئۇلار سەپەر جەريانىدا تۇخۇملايدۇ، بۇ تۇخۇملاردىن تۆكلۈك قۇرۇت چىقىدۇ. تۇخۇملىغان كېپىنەك ئۆلىدۇ، تۆكلۈك قۇرۇت يېڭى كېپىنەك بولۇپ يېتىلىدۇ. بۇ يېڭى يېتىلگەن كېپىنەكلەر ئۇچۇشىنى داۋاملاشتۇرۇپ، بىر مەزگىلدىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ تۇخۇملايدۇ. كۈز پەسلىگە كەلگەندە ئامان قالغان كېپىنەكلەر قىشلىق ماكانىغا قايتىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## كېپىنەك قوغداش رايونى

قىشتا مېكسىكا تاغلىرىدىكى ئورمانلىقلاردا، ئاق شەمشاد دەرىخىنى مىليونلىغان كېپىنەكلەر زىچ قاپلىۋالىدۇ، ئۇلار دەرەخ غولى ۋە شاخلىرىغا قونۇپ، ئۇچەككە كىرىدۇ. كېپىنەكلەر قىشچە مىدىر ـ سىدىر قىلمايدۇ، باھار يېتىپ كەلگەندىلا ئويغىنىدۇ. بۇ يەر كېپىنەكلەرنى قوغداش رايونى بولۇپ، بۇ رايون يەنە جانلىقلار چەمبىرىكىنى قوغداش رايونى دەپ ئاتىلىدۇ.




## ئورمان كېسىش

گەرچە قوغداش رايونىدا ئورمان كېسىش قانۇنسىز قىلمىش بولسىمۇ، بىراق يەرلىكلەر ۋە ئورمان كېسىش شىركەتلىرى ئۆز سەنمىگە دەسسىمەكتە. جانلىقلار چەمبىرىكىنى قوغداش رايونىدىكى ئورمانلارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى كېسىلىپ تۈگىدى. چۈنكى نۇرغۇن ئاق شەمشاد دەرىخى كېسىلىپ كەتكەچكە، كېپىنەكلەرنىڭ ياشاش چەمبىرىكى بارغانسېرى كىچىكلىمەكتە. بۇ ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەك سانىنىڭ بارغانسېرى ئازلاۋاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

مېكسىكا جانلىقلار چەمبىرىكى قوغداش رايونىدىكى ئاق شەمشاد دەرىخىدە ئۇچەككە كىرگەن ئالتۇنرەڭ ئالا كېپىنەكلەر.

## مۆشۈكئېيىقلار يەنە جەم بولدى

ھازىر دالىدا ياشاۋاتقان مۆشۈكئېيىقلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز، ھەتتا يوقىلىش خەۋپىدە. ماكانشۇناسلار ئاز قالغان مۆشۈكئېيىقنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. ئۇلار ھازىر بامبۇكزارلىقتىن ئايرىلغان مۆشۈكئېيىقلارنى قايتىدىن قايتۇرۇپ كەلمەكتە.

## ئايرىۋېتىلگەن مۆشۈكئېيىقلار

دالىدا ياشايدىغان مۆشۈكئېيىقلار خىتتاينىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى تاغلىق رايوندا ئىدى، بۇ جاي چاڭجىياڭ دەرياسىنىڭ سۇ مەنبەسى ئىنتايىن مول ماكان ئىدى. مۆشۈكئېيىقلار قويۇق بامبۇكزارلىقتا، بامبۇك نوتىسىنى يەپ ياشايدۇ. بىراق كۆپ قىسىم بامبۇكزارلىق كېسىۋېتىلدى. شۇڭا بۇ ياۋا مۆشۈكئېيىقلار پەقەت ساقلىنىپ قالغان، پارچە ـ پارچە بامبۇكزارلىقلاردا ياشايدۇ. بۇ تۈپەيدىن ئايرىۋېتىلگەن مۆشۈكئېيىقلارنىڭ سانى ئىنتايىن ئاز بولغاچقا، كۆپىيىشمۇ ئىنتايىن تەس.

## مۆشۈكئېيىق ۋە ئىنسانلار

مۆشۈكئېيىق ياشايدىغان بۇ رايوندا ئوخشاشلا نۇرغۇن ئادەملەر ياشايدۇ. ئىنسانلار بۇ يەردە يېزا ئىگىلىكىنى ۋە باقمىچىلىقنى تەرەققىي قىلدۇرۇشى كېرەك، يەنە چاڭجىياڭ دەرياسىدىن پايدىلىنىپ، توك چىقىرىشقا ئېھتىياجلىق. بۇ قىلمىشلار مۆشۈكئېيىقنىڭ ياشىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ.

ئۇيغۇرچە كىتابلار تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



## ئۆسۈملۈك كارىدورى

ئادەم بىلەن مۈشۈككېيىق تەڭ ياشايدىغان يېتەرلىك بوشلۇق بارمۇ-يوق؟ بىر ئامال: مۈشۈككېيىقلار ئۈچۈن ئايرىۋېتىلگەن پارچە-پارچە بامبۇكزارلىقلارنى تۇتاشتۇرۇدىغان بىر بامبۇك كارىدورى ياساش، بۇ كارىدورلار مۈشۈككېيىقنى قايتىدىن ئۇچراشتۇرۇدۇ. بامبۇك بىر خىل تېز ئۆسىدىغان ئۆسۈملۈك، بامبۇكلۇق كارىدور ياساش پىلانلانسا بىر نەچچە يىلدىلا تارقىلىپ كەتكەن مۈشۈككېيىقلارنى قايتۇرۇپ كەلگىلى بولىدۇ.



مۈشۈككېيىقلار يېمەكلىكنى بەك تاللايدۇ، بامبۇك نوتىسى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان يېمەكلىكى.

### نەق مەيدان خاتىرىسى — خىتتاي.

كىشىلەر چىنلىڭ تېغى رايونىدا بىر بامبۇك كارىدورى ئەھيا قىلدى، بۇ كارىدور ئىككى مۈشۈككېيىقلار توپىنى باغلىدى. بۇ ئىككى مۈشۈككېيىقلار توپىنى 1983-يىلى كىشىلەر ياسىغان بامبۇكلۇقتىن ئۆتىدىغان يول ئايرىۋەتكەنىدى.

1990-يىلى كىشىلەر تاغدا مۈشۈككېيىقلار توپىنى ئايرىۋەتكەن بۇ يولنىڭ ئورنىغا يەنە بىر يول ياسىدى، ھۆكۈمەت بۇ رايوننى تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايون

قىلىپ بېكىتتى. پەدائىيلار بۇ تاشلاندۇق تاشيولغا بامبۇك تىكتى، ئۇلار تىيەنخۇا تېغىدىكى 20 مۈشۈكئېيىق بىلەن چىنلىڭ تېغىدىكى 110 دانە مۈشۈكئېيىقنى قايتىدىن ئۇچراشتۇردى. 2008-يىلىدىكى يەر تەۋرەشتە مۈشۈكئېيىق قوغداش رايونىدىكى قۇرۇلۇشلار ۋەيران بولغان بولسىمۇ، بامبۇك ۋە مۈشۈكئېيىقلار ھېچقانداق زىيانغا ئۇچرىمىدى.



گەرچە خىتتاينىڭ بەزى جايلىرىدىكى بامبۇكلار قويۇق بامبۇكزارلىقنى شەكىللەندۈرگەن بولسىمۇ، بىراق كۆپ قىسىم جايلاردىكى بامبۇكلار كېسىلىپ دېھقانچىلىق تەرەققىي قىلدۇرۇلماقتا.

## تىرېسكا بېلىقى يەنە قايتىپ كەلدىمۇ ؟

تەخمىنەن 50 يىل مۇقەددەم، تىرېسكا بېلىقى ئاتلانتىك ئوكياندا كەڭرى ئىدى. بىراق ھازىر بېلىقچىلارغا ئىنتايىن ئاز بىر قىسىم تىرېسكا بېلىقىنى تۇتۇشقا يول قويۇلىدۇ، چۈنكى ئاتلانتىك ئوكياندىكى تىرېسكا بېلىقى ئاز قالدى.

بېلىق تۇتۇشقا چەك قويۇش تىرېسكا بېلىقىنى قايتىدىن ھاياتلىققا ئېرىشتۈردى. ناۋادا تېزگىنلەش كۈچىنى كۆرسەتمىگەن بولسا تىرېسكا بېلىقى بەك قىممەتلىشىپ، پەقەت بايلارلا يېيەلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەڭ چاتاق يېرى تىرېسكا بېلىقى تاماق ئۈستىلىدىن يوقىلىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## نېمە ئىش يۈز بەردى ؟

20 ـ ئەسىرنىڭ 90 ـ يىللىرىدا ئالىملار ساينت لاۋرېنس قولتۇقىدا ترېسكا بېلىقى يوقاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىغان. بۇ سۇ رايونىدا بېلىقچىلار ترېسكا بېلىقىنى بەك كۆپ تۇتقان، شۇڭا كۆپەيگىدەك بېلىقمۇ قالمىغان، بۇ زىيادە كۆپ تۇتۇش دېيىلىدۇ. 1992 ـ يىلى كانادا هۆكۈمىتى ترېسكا بېلىقىنى تۇتۇشنى چەكلىدى.

**ترېسكا بېلىقىنى قايتۇرۇپ كېلىشنىڭ جاپالىق مۇساپىسى**

كىشىلەر ئىلگىرى كانادا دائىرىسىدە ترېسكا بېلىقى بىر نەچچە يىلغا بارماي سانى ئاۋۇپ كېتىدۇ، دەپ مۆلچەرلىگەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق بولمىدى. چەكلەش بۇيرۇقى چۈشۈرۈلۈپ 15 يىلدىن كېيىنمۇ ترېسكا بېلىقىنىڭ سانى يەنىلا ئاز، بېلىقچىلىقنى يۈلەشكە تۆپتىن ئامال بولمىدى.

مۇشۇنداق ئىش ياۋروپا سۇ رايونىدىمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن. چۈنكى بۇ يەردىكى ترېسكا بېلىقلىرىمۇ بۇرۇنقىنىڭ يېرىمىچىلىك قالدى. ياۋروپا ئىتتىپاقى بېلىقچىلارنى ترېسكا بېلىقىنى كۆپ تۇتۇشنى چەكلىدى. ئۇلار ئاكتىپ تەدبىر قوللىنىش ئارقىلىق، ترېسكا بېلىقىنىڭ سانىنى ئىمكانقەدەر تېز ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىدى.



زىيادە كۆپ تۇتقاچقا،

بۇنداق چوڭلۇقتىكى ترېسكا بېلىقى ئاز ئۇچرايدىغان بولۇپ قالىدى.

## چوڭ توسما خادا تاش ئاقاردى

مارجان خادا تاشلىرى ئادەتتە رەڭگارەڭ بولىدۇ، بىراق 2002 ـ يىلى 4 ـ ئايدا ئاۋستىرالىيەنىڭ مارجان خادا تاشلىرى ـــ چوڭ توسما خادا تاشلىرى ئاقىرىپ كەتتى، بۇ ئەھۋال ئاقىرىش دەپ ئاتالىدى.

مارجان خادا تاشلىرىنى تەشكىل قىلغۇچى كىچىك مارجان قۇرتلار ئۆلۈشكە باشلىغان چاغدا، مارجان خادا تاشلىرى ئاقىرىشقا باشلايدۇ. ئەگەر مارجانلار ئۆلسە، بېلىق تۈرىدىكى ۋە مارجاننىڭ ئوزۇقلۇق بىلەن تەمىنلىشىگە تايىنىدىغان ياكى ئۇنى ماكان قىلىدىغان جانلىقلارمۇ ئۆلىدۇ.

2002 ـ يىلى چوڭ توسما خادا تاشنىڭ بەزى جايلىرى 95% تىن ئارتۇق مارجان خادا تاشلىرى ئاقىرىپ كەتتى. بىراق ئاقىرىش بارلىق مارجان خادا تاشلىرىغا تەسىر يەتكۈزمىدى، پەقەت تەخمىنەن 10% مارجان 2002 ـ يىللىق ئاقىرىش ۋەقەسىدە ئۆلدى.

## سۇ تېمپېراتۇرىسى بەك يۇقىرى بولسا ياشىغىلى بولمايدۇ

2002 ـ يىلى چوڭ توسما خادا تاشنىڭ ئاقىرىشقا باشلىشى ئىللىق ئېقىمنىڭ سۇ تېمپېراتۇرىسىنى ئۆرلىتىشىدىن بولغان. مارجان خادا تاشلار نەچچە مىليارد دانە مارجان قۇرۇتلىرىدىن تۈزۈلىدۇ. بۇ كىچىك جانىۋارلار زۇكسانتېللارنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماكان بىلەن تەمىنلەيدۇ، بۇ زۇكسانتېللارمۇ مارجان قۇرتلارغا ئوزۇقلۇق ئىشلەپچىقىرىپ بېرىدۇ.

مارجان خادا تاشلارنىڭ رەڭگى ئەسلىدە زۇكسانتېللا رەڭگىدۇر. ئەگەر سۇ تېمپېراتۇرىسى بەك ئۆرلەپ كەتسە ياكى بەك تۆۋەنلەپ كەتسە، مارجانلار زۇكسانتېللارنى سىقىپ چىقىرىۋېتىدۇ. شۇنداق قىلىپ مارجان خادا تاشلار رەڭگىنى يوقىتىدۇ، مارجان قۇرتلامۇ يېمەكلىك مەنبەسىنى يوقىتىدۇ. يېمەكلىكى يوق مارجان قۇرتلار ئۆلىدۇ.

## ئىللىۋاتقان دېڭىز - ئوكيان

تەلىيىگە بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن چوڭ توسما خادا تاشنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى دېڭىز سۈيىنىڭ تېمپېراتۇرىسى تۆۋەنلىدى ھەمدە كۆپ قىسىم مارجانلارنىڭ رەڭگىمۇ ئەسلىگە كەلدى. ئالىملار بايقىدىكى، يەرشارى ئىللىغاچقا، يەرشارىدىكى دېڭىز - ئوكيان تېمپېراتۇرىسىمۇ ئۇقىم قەدەممۇ قەدەم ئۆرلىمەكتە. بۇ كەلگۈسىدە تېخىمۇ كۆپ مارجان خادا تاشلىرىنىڭ ئاقىرىشىدىن، ھەمدە يەنە ئەسلىگە كەلمەسلىكتىن دېرەك بېرىدۇ.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

چوڭ توسما خادا تاشلىرى دۇنيادىكى ئەڭ ئۇزۇن ئەڭ چوڭ مارجان خادا تاش توپى. دۇنيانىڭ ئىللىش سۈرئىتىنى ئاستىلاتمىساق، 2050 - يىلىغا بارغاندا، چوڭ توسما خادا تاشنى تەشكىل قىلغۇچى مارجان خادا تاشلار پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كېتىدۇ.

# قىزىق نۇقتا مەسىلىلىرىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى

**يەر شارىنىڭ ئىللىشى**

هازىر يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ ئۆرلەش سۈرئىتى ئىلگىرىكى ھەرقانداق دەۋرنىڭكىدىن تېز، چۈنكى ئىنسانلار مىنېرال يېقىلغۇنى كۆپ ئىشلەتتى. ئىنسانلار بۇ مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈپ، توك چىقاردى. قاتناش قوراللىرىنى ھەرىكەتلەندۈردى. مىنېرال يېقىلغۇلارنى كۆيدۈرۈش پارنىك گازىنى پەيدا قىلىدۇ، بۇ گازلار ئاتموسفېرادا قوياشنىڭ ئىسسىقلىق ئېنېرگىيەسىنى سۈمۈرىدۇ. بۇ قۇرۇقلۇق ۋە دېڭىز - ئوكيان ئاسمىنىدىكى ھاۋا تېمپېراتۇرىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆرلىتىدۇ.



چوڭ توسما خادا تاشلىرى ئاۋستىرالىيەنىڭ شەرقى دېڭىز قىرغىقىدا بولۇپ، بۇ مارجان خادا تاشلىقتا ياشايدىغان دېڭىز جانلىقلىرى باشقا ھەرقانداق جايدىكى دېڭىز جانلىقلىرىدىن كۆپ.

بۇ مارجان خادا تاش كارىب دېڭىزىدا بولۇپ، بۇ يەردىكى نۇرغۇن مارجان خادا تاشلار ئاقىرىپ كەتتى. تېمپېراتۇرا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقغا نىسبەتەن بەك ئۆرلەپ كەتتى.

يەر شارىنىڭ ئىللىشى ئوخشاشلا شىمالىي قۇتۇپ

ئېيىقىغا تەھدىت بولىدى. شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى شىمالىي قۇتۇپنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى مۇز ئۈستىدە تىيۇلېننى يەپ ياشايدۇ. شىمالىي مۇز ئوكيان تېمپېراتۇرىسى شۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەنكى، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆپ قىسمى مۇستەھكەم مۇز قەۋىتىگە ئايلانغان، تىيۇلېنلار مۇشۇ مۇز قەۋىتىنىڭ ياقىلىرىدا پائالىيەت قىلىدۇ. يەرشارى تېمپېراتۇرىسىنىڭ يۇقىرىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ يەردىكى مۇزنىڭ ئېرىشىمۇ تېزلەشتى، بۇ ئەھۋال شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ تىيۇلېننى ئوۋلاش ۋاقتىنى بارغانسېرى قىسقارتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېيىقلارنىڭ ئوزۇقى بارغانسېرى ئازايدى.

## ئېرىگەن مۇز

باھاردا، دېڭىز قىرغىقىنىڭ يېقىن ئەتراپىدىكى بىر قىسىم مۇزلار ئېرىشكە باشلايدۇ ھەمدە يېرىلىپ مۇز پارچىسىغا ئايلىنىدۇ، بۇ پەسىل شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنىڭ تىيۇلېن ئوۋلايدىغان ئەڭ ياخشى پەسىلدۇر. يازدا، بۇ مۇز قەۋىتى قۇرۇقلۇقتىن يىراقلىغاچقا، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى ئۆتۈشكە ئامالسىز قالىدۇ. كۈزدە، دېڭىز قىرغىقى ئەتراپىدىكى سۇ مۇز تۇتۇشقا باشلايدۇ، شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىمۇ تىيۇلېن ئوۋلاشقا كىرىشىدۇ. كۈزدىن قىشقىچە بولغان قىسقىغىنە ۋاقىتتا شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى كۆپلەپ تىيۇلېن ئوۋلىشى كېرەك، چۈنكى ئۇلار ئۇزۇن قارا قىشتىن ئۆتۈش ئۈچۈن، يېتەرلىك ماي توپلىشى كېرەك.

## ھەم ئاچ ھەم ئورۇق شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى

ھازىر شىمالىي مۇز ئوكياندىكى مۇزنىڭ باھاردا ئېرىشى بالدۇر، كۈزدە مۇز تۇتۇشى كېيىن، بۇخىل ئەھۋال شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرىنىڭ ئوۋ ۋاقتىنى قىسقارتىۋەتتى. نۇرغۇن شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى يېتەرلىك ئوزۇققا ئېرىشەلمىگەچكە بۇرۇنقىدىن ئورۇقلاپ كەتتى. قارغا قىراۋ قوشۇلۇپ، شىمالىي قۇتۇپنىڭ مۇز قەۋىتى ئېرىشكە باشلىدى. ئالىملار 2050 - يىلى يازغا بارغاندا، بۇ يەردە مۇز قاتلىمى تۈپتىن يەنە مەۋجۇت بولمايدۇ، دەپ پەرەز قىلماقتا. ئەگەر بۇ گەپ راست بولىدىغان بولسا شىمالىي قۇتۇپ رايونىدىكى شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى مەڭگۈ غايىب بولىدۇ.



شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى شىمالىي مۇز ئوكيان ياقىلىرىدىكى مۇز ئۈستىدە ياشايدىغان تيۇلېننى ئوزۇقلۇق قىلىدۇ.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

ئورۇن: كانادانىڭ شىمالىي قىسمىدىكى چېرچىل بازىرى. ۋاقت: كۈز پەسلى. بۇ يەردە شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقىنى تاماشا قىلغىلى كەلگەن ساياھەتچىلەر بىلەن تولغان. شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقى بۇ يەرگە توپلىشىپ، مۇز قەۋىتىنىڭ قايتا شەكىللىنىشىنى كۈتمەكتە.

بۇرۇن كىشىلەر شىمالىي قۇتۇپ ئېيىقلىرى ئوزۇقلۇق ئىزدەپ ئاشخانىلارغا كىرسە ئېتىپ ئۆلتۈرۈۋېتەتتى. ھازىر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


خاتالىق ئۆتكۈزگەن ئېيىقلار ئالاھىدە تۈرمە ــــ ئېيىق تۈرمىسىگە قاملىدۇ.

## شىمال بۇغىسى كېرەكمۇ ياكى نېفىتمۇ ؟

ئالياسكىدىكى نېفىت شىركەتلىرى، ئامېرىكا شىمال بۇغىسىنىڭ ياشىشىنى قىيىنلاشتۇرماقتا. بۇ شىركەتلەر تۇندىرانىڭ ئاستىدىكى نېفىتنى قازىدۇ. يازدا تۇندىرانىڭ ئۈستىدە قويۇق موخلار ئۆسىدۇ، قىشتا مۇز تۇتىدۇ. بۇ شىمال بۇغىلىرى يازدا تۇندىراغا كۆچۈپ كېلىپ موخلارنى يەيدۇ. ھايۋانلارنىڭ ماكانىنى ئەتىۋارلىغان ماكانشۇناس ئالىملار، نېفىت بۇرغىلاش شىمال بۇغىسىنىڭ كۆچۈش يولىنى ئۈزۈۋېتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

## كۆچۈش يولى

شىمال بۇغىسى قىشنى ئالياسكىنىڭ جەنۇبىدا ئۆتكۈزىدۇ؛ باھار كەلگەندە، ئۇلار نەچچە مىڭ كىلومېتىرلاپ يول مېڭىپ، تۇندىراغا كېلىدۇ. ئانا بۇغىلار بۇ يەردە قوزىلايدۇ. شىمال بۇغىسىنىڭ پاقلان ۋە قوزىلىرى موخلارنى يەپ سەمرىپ، ئۇزۇن قارا قىشتىن چىقىدۇ.

## شىمال بۇغىسىنىڭ كۆپىيىش يولىنى ئۈزۈش

ئەگەر نېفىت شىركەتلىرىگە نېفىت بۇرغىلاش يول قويۇلسا، ئۇلار بۇ رايوننى كېسىپ ئۆتىدىغان تاشيول ياسايدۇ ۋە تۇرۇبا قويىدۇ. بۇ تۇرۇبا ۋە تاشيوللار شىمال بۇغىسىنىڭ بۇ رايوندا ئەركىن كۆچۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىدۇ.

غايەت زور يەر يۈزى نېفت تۇرۇبىلىرى پۈتكۈل ئالياسكىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. ماكانشۇناسلار، بۇ قىلمىش شىمال بۇغىلىرىنىڭ كۆچۈش يولىنى ئۈزۈۋەتتى. تېخىمۇ كۆپ يول ياساۋەرسەك ۋە تۇرۇبا قويۇۋەرسەك مەسىلە تېخىمۇ يامانلىشىپ كېتىدۇ، دەپ قارىماقتا.



## شىمالىي ئامېرىكا ئورمانلىقىدىكى شىمال بۇغىسى

شىمالىي ئامېرىكا ئورمانلىقىدىكى شىمال بۇغىسى كانادانىڭ ئالبېرتا ئورمانلىقىدا ياشايدۇ. بۇ يەردىكى شىمال بۇغىلىرىمۇ نېفتچىلىكنىڭ تەھدىتىگە ئۇچرىدى. نېفت شىركەتلىرى بۇ ئورمانلىق رايونىنى تازىلاپ، شىمال بۇغىسىنىڭ ماكانىنى ۋەيران قىلدى. هازىر ئالبېرتا رايونىدىكى شىمال بۇغىسىنىڭ سانىمۇ بەك ئازلاپ، يوقىلىش گىردابىغا كېلىپ قالدى.

## كىشىلەر ئالياسكىنىڭ نېفتىنى بۇرغىلاشقا موهتاج !

**قوللامسىز ياكى قارشى تۇرامسىز ؟**

**قوللايمەن!**

ئىنسانلار نېفتتىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىشقا، ھەمدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ماشىنا، ئايروپىلان ۋە باشقا قاتناش قورالىرىنى ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەشكە موھتاج. نېفىت شىركەتلىرى شىمال بۇغىسىنىڭ زېمىنىنى كۆچىنىڭ بارچە قوغدىدى. ئۇلار شىمال بۇغىسى ئۆتىدىغان يەرنىڭ تۇرۇبىلىرىنى يەر ئاستىغا كۆمدى، باشقا رايونلاردا ئۇلار شىمال بۇغىلىرىغا يول ياساپ بەردى. شۇڭا بۇغىلار تۇرۇبىدىن ئاسانلا ئۆتەلەيدۇ.

**قارشى تۇرىمەن!**

نېفىت ئەسلىدىنلا بىر مەسىلە نېفىت يېقىلغۇ قىلىش يەر شارىنىڭ ئىسسىقىنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ. ئالياسكا نېفىت بۇرغىلاش شىمال بۇغىلىرىنىڭ ماكانىنى ۋەيران قىلىدى. كەلگۈسىدە بىز بارلىق ماشىنا ۋە ئايروپىلانغا مىنېرال يېقىلغۇلارنى ئىشلەتمەسلىككە كاپالەتلىك قىلىشىمىز كېرەك. باشقا ئۇسۇل بىلەن توك چىقىرىش، كېرەك، مەسىلەن: سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش.

بۇ نېفىت تۇرۇبىلىرى ئالياسكىنى كېسىپ ئۆتىدۇ. بۇ تۇرۇبا شىمالدىكى پرودخو قولتۇقى قۇدۇقىدىن ئالياسكىنىڭ جەنۇبىدىكى مۇز تۇتماس پورت — ۋالدىزغىچە سوزۇلىدۇ.

## يالتىراق ئەخلەتلەر دېڭىز قۇشلىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولىدى

دېڭىز قۇشلىرى چۆجىلىرىگە بېلىق بەرمەستىن، بەلكى يالتىراق بەردى. بۇ قۇشلار تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئوتتۇرا يول ئاراللىرىدىكى ئاتولغا چاڭگا تېزىدۇ. ھەركۈنى بۇ ئاراللىنىڭ قىرغاقلىرىغا ھەمىشە ئەخلەتلەر دۆۋلىنىپ كېتىدۇ. مەسىلەن: يالتىراق بوتۇلكا ۋە بېلىق تورى، دېڭىز قۇشلىرى بۇ ئەخلەتلەرنى بېلىقمىكى دەپ يەپ سالىدۇ.

ئوتتۇرا يول ئارىلىدا ياشايدىغان ئارال خەلقى ئەخلەتلەرنى دېڭىزغا تۆكمەيدۇ. بۇ ئارالدا پەقەت 30 لا ئاھالە بار. ئۇلار دېڭىز قۇشلىرىنى جان تىكىپ قوغدايدۇ، بۇلارنىڭ كۆپ قىسمى شىمالىي ئامېرىكا ۋە شەرقىي جەنۇبىي ئاسىيالىقلار دېڭىزغا تاشلىۋەتكەن ئەخلەتلەردۇر. يەنە بىر قىسىم ئەخلەتلەرنى دېڭىزچىلار تاشلىغان. يالتىراق بويۇملار چىرىمەيدۇ. بۇ يالتىراق ئەخلەتلەر دېڭىز دولقۇنلىرى بىلەن نەچچە مىڭ كىلومېتىر يىراقتىن كېلىپ، ئوتتۇرا يول ئارىلى ۋە باشقا ھاۋاي ئاراللىرىنىڭ قىرغاقلىرىغا يىغىلىدۇ.

## يالتىراق بۇيۇملار ئېلىپ كەلگەن مەسىلىلەر

ئالىملار ئوتتۇرا يول ئارىلىدىكى نۇرغۇن قۇشلارنى تەتقىق قىلغان. بۇ تەكشۈرۈش جەريانىدا ئالىملار، ئۇن دېڭىز قۇشى چۈجىلىرىدىن توققۇزىنىڭ پوكىنىدىن يالتىراق ئەخلەتلەرنى بايقىغان. ئوتتۇرا يول ئارىلىدا ياشايدىغان ئارال خەلقى ئارال قىرغىقىدىكى ئەخلەتنى قەرەللىك تازىلىغان بولسىمۇ، ئۇلار دېڭىز سۈيى ئېقىتىپ كەلگەن بارلىق ئەخلەتلەرنى بىر تەرەپ قىلىشقا ئامالسىز. شۇڭا يالتىراق مەسىلىسى كۈنسېرى ئېغىرلاشماقتا.



**بەك ئېغىر بولسا ئۇچالمايدۇ**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



دېڭىز قۇشلىرىنىڭ بەزى چۈجىلىرى يالتىراق ئەخلەتلەرنى كۆپ يېگەچكە، بەدىنى ئېغىرلىشىپ ئۇچالمايدۇ. شۇڭا ئۇلار دان ئىزدەشكە ۋە جۈپ ئىزدەشكىمۇ ئامالسىز قېلىپ، ئۇچۇرۇم بولغۇچە ياشىيالمايدۇ.

تەخمىنەن ئۈچتىن بىر قىسىم ئاققۇ چۆجىسى ئۇچۇرۇم بولالمايدۇ. بىر قىسىم ئاققۇ چۈجىلىرى يالتىراق يەپ ئۆلىدۇ، يەنە بىر قىسىملىرىنىڭ پوكىنى يالتىراق بىلەن توشۇپ كېتىپ دانلىيالماي ئۆلىدۇ.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ !

دېلفىن ۋە تيۇلېن بېلىقچىلار تاشلىۋەتكەن يالتىراق بېلىق تورىغا يۆگىشىپ بوغۇلۇپ ئۆلىدۇ، كىشىلەر نۇرغۇن بېلىقلارنىڭ قورسىقىدىن زەھەرلىك يالتىراق ئەخلەت تۈگۈنچەكلىرىنى تاپقان.

**نەق مەيدان خاتىرىسى**

**ئوتتۇرا يول ئارىلى**

ئوتتۇرا يول ئارىلى ئاتول (هالقا شەكىلدىكى مارجان ئارال) دۇر. ئۇ تىنچ ئوكياننىڭ ئوتتۇرا قىسمىغا جايلاشقان بولۇپ، هاۋاي تاقىم ئارالىرىنىڭ ئەڭ شىمالىدىكى بىر ئارالدۇر. ئوتتۇرا يول ئارىلى دۇنياغا مەشھۇر دېڭىز قۇشلىرى تەبىئىيلىكى قوغدىلىدىغان ئارالدۇر.

پەقەت بىر كۆندىلا دېڭىز قىرغىقىغا چىقىپ قالغان يالتىراق ئەخلەتلەر مانا مۇشۇنچىلىك. بۇنداق ئىشنى توساش ئۈچۈن ئىنسانلار دېڭىزغا ئەخلەت تاشلىماسلىقتا كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

ئاققۇ چۆجىسى پۈتۈنلەي ئانىسىنىڭ بېقىشىغا تايىنىدۇ. بۇ ئانا قۇش بىلجانىنى چۆجىسىنىڭ ئاغزىغا سالماقتا، بەزىدە بىلجان يالتىراق بولۇشى مۇمكىن.

## ئۈۋلاپ تۈگىتىش



ئوغرى ئوۋچىلار قانۇنسىز ئوۋچىلاردۇر. مەسىلەن: ئافرىقىدا كەركىدان ئوۋلاش ۋە ھىندونېزىيەدە سۇماترا يولۋىسىنى ئوۋلاش قانۇنسىز قىلىنغان. بىراق ئوغرى ئوۋچىلار پايدىنى دەپ ئۇلارنى توختىماي ئوۋلىماقتا.

## كەركىدان

كەركىداننىڭ مۈڭگۈزىنى دەپ ئوغرى ئوۋچىلار ئۇنى ئوۋلايدۇ. نەچچە يۈز يىلدىن بېرى، بۇ مۈڭگۈزلەر خەنجەر سېپى قىلىنغان ھەمدە تالقان قىلىنىپ بىر قىسىم ئەنئەنىۋى دورىلارغا ئىشلىتىلگەن. گەرچە كەركىدان مۈڭگۈز تالقىنىنىڭ قانچىلىك ئۈنۈمىنىڭ بارلىقىغا ئىسپات بولمىسىمۇ، ئوغرى ئوۋچىلار كەركىدان مۈڭگۈزىدىن پايدىلىنىپ، بەك كۆپ پۇل تاپىدۇ. ھازىر بارلىق كەركىدان دېگۈدەك تەبىئىي باغچا ۋە قوغداش رايونلىرىدا ياشىماقتا. ساقچىلار ئۇلارنى ئوغرى ئوۋچىلارنىڭ زىيانكەشلىكىدىن قوغدىماقتا.



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## سۇماترا يولۋسى

ھىندونېزىيەنىڭ سۇماترا يولۋسى پەقەت شۇ يەردىلا بار بىردىنبىر يولۋاس ئائىلىسىدىكى ھايۋاندۇر، دالىدا ياشايدىغان سۇماترا يولۋسى تەخمىنەن 400دىن 500گىچە، بىراق ئوغرى ئوۋچىلار بۇ قىممەتلىك يولۋاسنى توختىماي ئوۋلاپ، ئۇنىڭ تېرىسى، چىشى ۋە تىرناقلىرىنى سودىگەرگە ساتىدۇ. يولۋاس چىشى ۋە تىرنىقىنى ئەنئەنىۋى داۋالاشتا ئىشلىتىدۇ، ئۇلارنى كامبودژا، ھىندونېزىيە، بىرما ۋە شەرقىي جەنۇبى ئاسىيادىكى باشقا دۆلەتلەرگە ساتىدۇ.

## ئوغرى ئوۋچىلارنى چەكلەش

ھايۋانلار ساخاۋەت ئورگانلىرى ھىندونېزىيە ھۆكۈمىتىنى بىر قىسىم زېمىن ئاجرىتىشقا قايىل قىلىپ، يولۋاس ئۆچۈن تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايون قۇرۇش ئۈچۈن تىرىشماقتا. بۇنداق بولغاندا بۇ يولۋاسلار قوغدىلىپ، سانى ئاستا-ئاستا كۆپىيىشى مۇمكىن.

## ئىشەنگىنىز كەلمەيدۇ!



100 يىل ئىلگىرى دالىدا ياشايدىغان يولۋاستىن 100مىڭى بار ئىدى. بۈگۈنكى كۈندە، دالىدا ياشايدىغان ھەرخىل يولۋاس 3000 ئەتراپىدا.

## نەق مەيدان خاتىرىسى

## ھىندونېزىيە

1 ـ رەسىم، كەركىدان ئافرىقىنىڭ شەرقىي ئوتتۇرا قىسمىدا ياشايدۇ.

ئوغرى ئوۋچىلار يولۋاسنىڭ تېرىسىنى دەپ ئۇلارنى ئۆلتۈرىدۇ، بۇ تېرىلەرنىڭ بازار باھاسى ئىنتايىن يۇقىرى.

2004 ـ يىلى كۆزدە ھىندونېزىيەدە بەش ئادەم ئوغرىلىقچە يولۋاس ئوۋلاش جىنايىتى بىلەن قولغا ئېلىنىپ 6 يىللىق قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىنغان. بۇ كىشىلەر يولۋاسقا زەھەر تاشلاپ، ئۇلارنى توردا ساتقان. بۇ ئالارمەنلەر 10 يىل ئىچىدە ئوغرى ئوۋچىلارنىڭ قولىدىن 60 يولۋاس تېرىسىنى سېتىۋالغان، يەرلىك ھۆكۈمەت ۋە ساقچىلار بۇ قېتىملىق ئوغرى ئوۋچىلارغا قاماق جازاسى بېرىشنى باشقا ئوغرى ئوۋچىلارغا نىسبەتەن ناھايىتى ياخشى ئاگاھلاندۇرۇش بولىدۇ، دەپ قارىدى.

## ھايۋانلارنى قوغدىغۇچى ئاكتىپلارنىڭ قايتۇرما زەربىسى

2007 ـ يىلى 12 ـ ئايدا ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغداش ئاكتىپلىرى ياپونىيەدىكى كىت ئوۋلاش پاراخوتىنى قوغلاپ، جەنۇبىي دېڭىز(نەنخەي)دىن ھالقىپ كەتكەن. بۇ كىت ئوۋلاش ئەترەتلىرى بىلىق ئوۋلاش قارمىقى ئارىسىغا تانا چىگىپ نەيزە ياساپ، بۇرۇتلۇق كىچىك كىتتىن 935 نى ۋە ئۇزۇن بۇرۇتلۇق كىتتىن 50 نى تۇتقان. خەلقئارا قانۇن ياپونلۇقلارنىڭ بۇ خىل قىلمىشىغا يول قويغان چۈنكى ئۇلار بۇ كىتلارنى تۇتۇپ ئىلمىي تەتقىق قىلىدىغانلىقىنى جاكارلىغان. بىراق ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى ئاكتىپلار بۇ كىتلارنى قوغدىماقچى بولغان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap



قوللايمەن!

ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى ئاكتىپلار ئىككى كېمە بىلەن كىت ئوۋلاش ئەترىتىنى قوغلىغان. ئۇلار كىت بىلەن كىت ئوۋلاش ئەترىتى ئوتتۇرۇسىدا يۈرۈپ، كىت ئوۋلاش ئەترىتىنى كىتقا يېقىنلاشتۇرماي، بۇ كىتلارنى قۇتۇلدۇرماقچى بولغان. كىت ئوۋلاش ئەترىتى كىتنى تۇتمىغان، كىتلار دېڭىزدا چۆرگىلىگەن، بىر نەچچە ھەپتە ئۆتۈپ قوغدىغۇچى ئاكتىپلارنىڭ پاراخوتىنىڭ مېيى تۈگەپ كېتىپ، قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. كىت تۇتۇش ئەترىتى بۇ ۋاقىتتا دەرھال ھەرىكەتكە كەلگەن. قانداقلا بولمىسۇن ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغداش ئاكتىپلىرى، كىت تۇتۇش ئەترىتىنى توسقاچقا، نەچچە يۈز كىت ئامان قالغان.

## مېگاپتېرا كىتى

ئىلگىرى كىشىلەر مېگاپتېرا كىتىنى بەك كۆپ تۇتقاچقا، بۇ خىل كىت يوقىلاي دەپ قالغان، مېگاپتېرا كىتىنى ئوۋلاش چەكلەنگەندىن كېيىن، سانى ئاستا-ئاستا كۆپەيگەن. بىراق قانۇن بىر قىسىم كىتنى تۇتۇپ تەتقىق قىلىشقا يول قويىدى. 2006-يىلى ياپونىيە، 2007-يىلى 50 كىت تۇتىدىغانلىقىنى جاكارلىدى. پۈتۈن دۇنيادىكى ماكانشۇناسلار غەزەپكە كېلىپ، ئارقا-ئارقىدىن قارشىلىق بىلدۈردى. 2007-يىلى 12-ئايدا ياپونىيە بۇ قاراردىن ۋاز كەچتى. بۇ ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغداش



ئاكتىپلىرىنىڭ يەنە بىر قىزىملىق غەلىبىسى.

كىت تۇتۇش كەسپى بۇرۇن بەك گۈللەنگەن، شۇڭا بەزى كىتلارنىڭ نەسلى قۇرۇپ كەتتى.

كىت تۇتۇش كەسپى چوقۇم مەۋجۇت!

## قوللامسىز، قارشى تۇرامسىز؟

**قوللايمەن!**

بىزنىڭچە، دېڭىزدا ياشاۋاتقان كىتنىڭ سانى ئىنتايىن كۆپ، بىراق بىزنىڭ تۇتقان كىتىمىز ئاز، ھەمدە تەتقىقات ئۈچۈندۇر.

**قارشى تۇرىمەن**

بۇ يۇقىرى پايدىلىق ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش رەھىمسىزلىك، ھەم ھاجىتى يوق. كىتنى ئۆلتۈرمەي، ئۆزىگە لازىم مەلۇماتلارنى توپلاپ تەتقىق قىلسا بولىدۇ.

2007-يىلى 12-ئايدا ئاۋستىرالىيەلىك كىت تۇتۇشقا قارشى ئاكتىپلار بىلەن ياپونىيە كىت تۇتۇش ئەترىتى توقۇنۇشۇپ قالدى.

## يىغىپ بېقىش توخۇلارغا زىيان سالدى

يېزا ئىگىلىك مەيدانلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ دۇچ كەلگەن مەسىلىسى نەسلى قۇرۇش خەتىرى بولماستىن، بەلكى ياشاش مۇھىتىنىڭ ناچارلىقى، ياشاشنىڭ تۈپتىن زورۇرىيىتى يوقلۇقىدۇر.

تۈنۈگ كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## يەمگە زورلاش

كاۋاپقا ماس كېلىدىغان چۆجە ئادەتتىكى توخۇغا قارىغاندا، تېز چوڭ بولىدىغان مېكىيان چۆجىدۇر. توخۇ باققۇچى ئۇلارغا ئالاھىدە يېمەكلىك ۋە دورىلارنى بېرىپ تېز چوڭ قىلىدۇ. بۇنداق بېقىش ئۇسۇلى يىغىپ بېقىش دەپ ئاتىلىدۇ، بۇ ئۇسۇلدا بېقىلغان توخۇ گۆشى ئەرزان بولىدۇ.

## قىستاق مۇھىت



بەزى غوجايىنلار توخۇلارنى تار كاتەكلەردە باقىدۇ، بۇ كاتەكلەر شۇنداق قىستاڭكى، ھەتتا توخۇلار ئەركىنرەك ماڭالمايدۇ. يەنە بەزى توخۇلار بەك كۆپ بېقىلغاچقا، بەدىنىنى كۆتۈرەلمەي قالىدۇ. كاتەكلەرنىڭ تېگى توخۇ مايىقى بىلەن تۇشۇپ كەتكەچكە، توخۇ مايىقىنىڭ قۇرتلىرى توخۇنىڭ پۇتىنى چاقىدۇ، بۇ توخۇلار ناھايىتى تېزلا كېسەلدىن ئۆلىدۇ.



## يايلىتىپ بېقىش

ھايۋانلار ھوقۇقىنى قوغدىغۇچى ئاكتىپلارنىڭ قارىشىچە: ئىنسانلار يىغىپ

باققـــان توخۇلارنـــى ئالماســـلىقى، ئىمـــكان بـــار يايلىتـــىپ باققـــان توخۇلارنـــى ئېلىشـــى كېـــرەك ئىكـــەن.

بـــەزى يېزا ـ ئىگىلىـــك مەيـــدان خوجايىنلىـــرى چۆجىلەرنـــى تەبىئـــي مۇھىتتـــا باقـــدۇ. بۇ توخـــۇلار ئـــۆز ماكانىدا ياشـــىغاندەك ئەركىـــن ئـــازادە دانلىيالايـــدۇ، بـــۇ توخـــۇلار يـــاۋا ئوت ـ چـــۆپ ياكـــى دان يـــەپ چـــوڭ بولغاچقـــا، چـــوڭ بولـــۇش سـۈرئىتى بىـــر قـــەدەر ئاســـتا. بۇنـــداق بېقـــش يايلىتـــىپ بېقـــش دېيىلـــدۇ، ئەممـــا بـــۇ ئۇســـۇلدا بىقىلغـــان توخۇلارغـــا خىراجـــەت بىـــر قـــەدەر كـــۆپ كەتكەچكـــە، باھاســـىمۇ قىممەتـــرەك بولـــدۇ.

بـــۇ يىغىـــپ باققـــان توخـــۇلاردۇر، ئۇلارنىـــڭ كاتىكـــى مۇشـــۇنداق تاركـــى قىســـتىلىپ ياشـــايدۇ.

## يىغىپ بېقىش ياخشى !

## قوللامسىز، ياكى قارشى تۇرامسىز ؟

يايلىتـــىپ باققـــا توخـــۇلار ئەركىـــن دانلايـــدۇ. بـــۇ توخۇلار كۆچلـــۈك، ئۇلارنىـــڭ تـــەن قۇرۇلۇشـــى يىغىـــپ باققـــان توخۇلارغـــا ئوخشمايدۇ .

**قوللايمەن!**

يىغىـــپ بېقـــش كىشـــىلەرنى كـــۆپ مىقـــداردا ئـــەرزان گـــۆش بىلـــەن تەمىنلەيدۇ.بىـــز مۇشـــۇنداق ئـــەرزان باھالىـــق يېمەكلىـــك بىلـــەن دۇنيانىـــڭ ئېھتىياجىنـــى قاندۇرۇشـــىمىز كېـــرەك. دېھقانچىلىـــق مەيدانـــى غوجايىنلىـــرى بـــۇ توخۇلارنـــى يايلاتماســـلىقى توخۇلارنىـــڭ بارلىـــق قۇۋۋىتىنـــى سەمىرىشـــكىلا قارىتىـــش ئۈچـــۈن، يايلىتـــىپ باقســـا، توخۇدىـــن ئۇنـــداق كـــۆپ گـــۆش چىقمايـــدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.cn



**قارشى تۇرىمەن!**

بىزنىڭ دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھايۋانلارغا بولغان رەھىمسىزلەرچە مۇئامىلە قىلىدىغان ھوقۇقىمىز يوق. كۆپ مىقداردا ئەرزان گۆش بىلەن تەمىنلەش ئۈچۈن، دېگەن گەپ پۈتتېرەپ تورالمايدۇ. ئەگەر دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدىكى ھايۋانلارنىڭ ئەرمەك ھايۋانلارغا ئوخشاش ھوقۇقى بولسا، بۇ يىغىپ باققان دېھقانچىلىق مەيدان غوجايىنى تۈرمىدە يېتىش كېرەك. نۇرغۇن كىشىلەر گۆشنى بەك كۆپ يەيدۇ، ئەگەر ئۇلار گۆشنى ئازراق يېسە تېخىمۇ ساغلام بولىدۇ.

**ھەرىكەتكە كېلەيلى !**

ھەممىمىز مۇشۇ خەۋپكە دۇچ كەلگەن ھايۋانلار ئۈچۈن بىر كىشىلىك ھەسسىمىزنى قوشايلى. قولۇمدىن نېمە كېلىدۇ، دەپ ئويلىماڭ، ئاۋۋال ھايۋاناتلار ساخاۋەت جەمئىيىتى نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ، دېگەننى ئايدىڭلاشتۇرۇڭ، ئاندىن قولىڭىزدىن كېلىشىچە ئۇلارنى قوللاڭ. ئۆيىڭىزدىكىلەرنى ۋە دوستلىرىڭىزنى ھەرىكەتكە كېلىشكە ئىلھاملاندۇرۇڭ.

**ياۋايى ھايۋانلار ساخاۋەت گۇرۇپپىسى**



ياۋايى ھايۋانلار ساخاۋەت گۇرۇپپىسى ھەرخىل بولىدۇ، ئۇلار ئوخشاش بولمىغان ھايۋانلارنى قوغدايدۇ، مەسىلەن : دۇنيا تەبىئەت فوندى نەسلى قۇرۇش گىرداۋىدىكى ھايۋانلارنىڭ كۆپىيىشىگە ياردەم بېرىدۇ.

باشقا ساخاۋەت گۇرۇپپىلىرى مەلۇم بىر ھايۋاننى قوغدايدۇ. مەسىلەن : خەلقئارا مۇشۇكئېيىق جەمئىيىتى مۇشۇكئېيىق ۋە ئۇنىڭ ماكانىنى قوغدايدۇ.

**ئۇلار نېمە ئىشلارنى قىلدى ؟**

بەزى ساخاۋەت گۇرۇپپىلىرى ھايۋانات دوختۇرخانىسى قۇردى، ئۇلار دورا سېتىۋېلىپ ۋە دوختۇر يالل اپ، يارىلانغان ياۋايى ھايۋانلارنى داۋالىدى. يەنە بەزى ساخاۋەت گۇرۇپپىلىرى زېمىن سېتىۋېلىپ، مەلۇم ئالاھىدە ھايۋانلار ئۈچۈن تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايون بەرپا قىلدى، ئۇلار يەنە ھۆكۈمەتنى قايىل قىلىپ، تۈر ھەل قىلىپ ھايۋانلارغا ياردەم قىلدى. مەسىلەن: ئۇلار كەركىدانىنىڭ مۈڭگۈزىنى سېتىشنى چەكلەش قانۇنىنى تۇرغۇزۇشنى تەشەببۇس قىلدى.

ساخاۋەت گۇرۇپپىلىرى مۇشۇكئېيىق ئۈچۈن تەبىئىلىكى قوغدىلىدىغان رايون بەرپا قىلىپ ئۇلارنى قوغدىدى.

## بىز قىلالايدىغان ئىشلار

**مال سېتىۋالغاندا :**

سىز سېتىۋالغان قۇتىلىق تۇنۇس بېلىقنىڭ قارماق بىلەن تۇتۇلغانلىقىغا، ياكى دېلفىنىغا زىيانسىز سۇدا تۇتۇلغانلىقىغا كاپالەتلىك قىلىڭ. پەقەت يايلىتىپ بېقىلغان ھايۋانلارنىڭ مەھسۇلاتىنى سېتىۋېلىڭ، ئىسسىق بەلباغ ئورمانلىرىنىڭ ياغىچىدا ياسالغان مەھسۇلاتلارنى، رايونىمىزدا ئازلاپ كېتىۋاتقان ئورمانلارنىڭ ياغاچلىرىدىن ياسالغان، مەھسۇلاتلارنى قەتئىي ئالماڭ. مەسىلەن : مېۋە ياغاچلىرىدا، قارىغاي، ئارچا، چىنار ياغاچلىرىدا ياسالغان مەھسۇلاتلار.

www.uyghurkitap



ساياھەت قىلغىنىڭىزغا پىل چىشى، كەركىدان مۈڭگۈزى ياكى مارجان مەھسۇلاتلىرى.

رايونىمىزدىكى قىممەتلىك ھايۋانلار تېرىسىدىن تىكىلگەن كىيىم- كېچەكلەرنى كىيمەڭ، مەسىلەن: نوركا، تۈلكە تېرىسى كىيىملىرى دېگەندەك.

رايونىمىزدىكى قوغدىلىدىغان ھايۋانلارنى ئۆۋلىماڭ، شۇنداق ئەھۋاللارنى بايقىسىڭىز دەرھال ساقچىغا مەلۇم قىلىڭ.

## ئەخلەت تۆككەندە

ئەخلەتنى خالىغان يەرگە تاشلىماڭ، بولۇپمۇ يالتېراقلارنى. كوچىدىكى ئەخلەت ئەۋرەزلەرگە چۈشۈپ، ئاخىرى ئېتىزلىقلىرىمىزغا ياكى دەريا- كۆللەرگە قۇيۇلۇشى مۇمكىن.

## ھويلىمىزدا

ھويلىمىزغا كۆچەت قويايلى، قۇرت- قوڭغۇزلار ۋە قۇشلار ئۈچۈن ماكان بولسۇن.

### ئېنېرگىيەنى ئاسراش

يەرشارىنىڭ ئىسسىپ كېتىشىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن ئىمكان بار ماشىنا ۋە ئايروپىلاندا ئاز ئولتۇرايلى.

ئۆيىڭىزدىن چىققاندا توكنى ئۆچۈرۈڭ، توكنى ئىسراپ قىلماڭ. بۇنداق قىلساق ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى مىنېرال

يېقىلغۇلارنى ئازراق كۆيدۈرىدۇ.

## ساخاۋەت گۇرۇپپىسى

ساخاۋەت گۇرۇپپىلىرى بەزىدە توردا، مۇراجىئەت پائالىيەتلىرىنى قىلىدۇ، سىزمۇ قاتنىشىڭ.

سىزمۇ بەزى پائالىيەتلەرنى تەشكىللەڭ، مەسىلەن : گېزىت سېتىپ پۇل يىغىپ، ساخاۋەت ئورگانلىرىنى قوللاڭ.

شارنى ئاسمانغا قويۇۋەتمەڭ. شار يەرگە چۈشكەندە، ئېرىق ـ ئۆستەڭ، كۆل ۋە دەريا، دېڭىزلارغا ئېقىپ بارىدۇ. شارنى بەزى ھايۋانلار ۋە دېڭىز قۇشلىرى يەپ سېلىپ ئۆلۈشى مۇمكىن.

